موللا سىدىق يەركەندى

# بەھرام-دىلئارام

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinbumu - İST.

نەشرگە ئويۇشتۇرغۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار
تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكى

تۇرمۇر داۋامەت (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى)

مىجىت ناسىر (كاندىدات تەتقىقاتچى)

مەمتىمىن يۈسۈپ (تەتقىقاتچى)

مۇھەممەت ئىسمايىل (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى)

ئابدۇرېھىم رەجەپ (دوتسېنت)

ئوبۇل ئىسلام (ئالىي مۇھەررىر)

جاڭ خۇڭچاۋ (كاندىدات تەتقىقاتچى)

قەييۇم تۇردى (1- دەرىجىلىك يازغۇچى)

ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر)

شەرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور)

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ليۇ بىڭ (تەتقىقاتچى)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## سۆز بېشى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ قەدىمىيلىكى، كۆلىمىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، تۈرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، شەكلىنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، دەۋرى جەھەتتە ئۈزچىللىقى، بەدىئىي سەنئەت يېقىدىن دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقى، تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە، مەسىلەن: پەلسەپە، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىن، سەنئەت، جۇغراپىيە، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ئەخلاق ۋە ئىنسانشۇناسلىق، ھوقۇقشۇناسلىق، ئۆرپ-ئادەت، تىبابەت، مىللەتشۇناسلىق، سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار... قاتارلىق ساھەلەرگىچە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى نوقۇل ئەدەبىي نۇقتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەننىڭ باشقا بارلىق ساھەلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز-ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار بۇ مىراسلار ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىنسانىي سۆيگۈ-مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىققا، ساداقەت ۋە سەمىمىيلىككە، چىنلىق ۋە گۈزەللىككە، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتكە مەدھىيە ئوقۇغان. مۇناپىقلىق، زالىملىق، رىياكارلىق، ۋاپاسىزلىق، ساختىلىق، ياۋۇزلۇق، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت

بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ گۈزەل ۋە ئەركىن هاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئىزگۈ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل شەكىل ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىشى ئەقلىنى هەيران قالدۇرىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ماهارەت بىلەن ئىپادە قىلغان.

ئەدەبىي مىراسلىرىمىز گەرچە تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك قول يازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ، خېلىلا كەڭ تۈردە تارقالغان. بۇ ئەدەبىي مىراسلار مەيلى سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىزنىڭ بىباها مەنىۋى بايلىقىمىزدۇر.

ئازادلىقتىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە كۆيۈلگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلهامى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساهەسىدە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى.

هازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت يۈزلىگەن، مىڭلىغان قول يازمىلار ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇ قول يازمىلار ئىچىدە هازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلار، سىياهى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە-يېگانە نۇسخىلارمۇ بار. ئۇلار بىزنىڭ قوتقۇزۇشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. كلاسسىك مىراسلارنى قوتقۇزۇشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قوتقۇزۇشقا جىددىي ئېهتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدىكى ۋەزىپىگە



ئاساسەن، دەسلەپكى قەدەمدە 30 پارچە كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى نەشر قىلىپ قوتقۇزۇشنى پىلانلىدى. بۇ ئەسەرلەر قىسمەن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى، كۆپ قىسمى 16-ئەسىردىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشهۇر نامايەندىلەرنىڭ خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدۇر. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلانغان بۇ 30 پارچە ئەسەر هازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان تۈرلۈك قول يازمىلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تاللاپ چىقىلغان مۇنەۋۋەر نۇسخىلاردۇر. يەنە بەزىلىرى باشقا نۇسخىلىرى تېخى بايقالمىغان، يەككە-يېگانە قول يازمىلاردۇر. بۇلارنى قوتقۇزۇش، تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت — قەدىمكىنى هازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تېگىشلىك تۆهپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

جەمئىيىتىمىز بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا بۇ 30 پارچە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش (ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئەينەنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش)، كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاهىدىلىكلىرىگە هۆرمەت قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ هەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، تېكستولوگىيىلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى.

جەمئىيىتىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قوتقۇزۇشنى پىلانلىغان بۇ كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنارلىق مۇهىم ۋەقە هېسابلىنىدۇ. كلاسسىك

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

« بەھرام ۋە دىلئارام» قىسسىسى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئەدىب موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن نەسرىلەشتۈرۈلۈپ قىسسە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى. موللا سىدىق يەركەندى ئەينى دەۋردىكى يەكەن ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ داستانلار توپلىمى « خەمسە » نى ھىجرىيىنىڭ 1228- (مىلادىنىڭ 1813- ) يىلى نەسرىلەشتۈرۈپ چىققان. بۇ ئەسەر « نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ» ۋە « نەسرىي خەمسە نەۋائى» دېگەن ناملار بىلەن خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ شۆھرەت قازانغان.

« بەھرام ۋە دىلئارام» داستانى « نەسرىي خەمسە » ئىچىدىكى بىرقەدەر زور ھەجىمنى ئىگىلىگەن يىرىك قىسسىلەردىن بىرى. بۇ ئەسەردە قەدىمكى ئىران شاھى بەھرام گور بىلەن خوتەن گۈزىلى دىلئارام ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ مۇھەببەت ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ بېشىدا بەھرام گورنىڭ مانى ناملىق ساياھەتچىنىڭ قولىدا گۈزەل قىز دىلئارامنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە ئۇنى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئاندىن شاھ بەھرامنىڭ ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىپ، خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالى ۋە دۆلەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقى، بۇ تۈپەيلىدىن ئەل-يۇرتنىڭ خاراب بولۇپ، خەلقنىڭ ئېغىر ئازاب-كۈلپەت ئىچىدە قالغانلىقى



مىراسلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا جەمئىيىتىمىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كۆپلىگەن ئىدارە، كارخانىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قەدىرلىگۈچى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى گەرچە يۈزلىگەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئەترابىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا قەدەم قويغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كەڭ ئاممىنىڭ ۋە خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە، ماسلىشىشىغا موھتاج. شۇڭا، جەمئىيىتىمىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆيۈملىكنىڭ خىزمىتىمىزگە يەنىمۇ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى، يېڭىدىن بايقالغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈشىنى شۇ ئارقىلىق بۇ خىزمەتكە بىۋاسىتە قاتنىشىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن كەمچىلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلەرنى سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئوخشاش مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق تارىخىي چەكلىمىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا، كلاسسىكلار ۋە كلاسسىك مىراسلارغا باھا بەرگەندە، تەتقىق قىلغاندا چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

بۇ كىتابلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىندى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك**
**ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى**

ئېچىنارلىق ھالدا سۈرەتلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ چىرىك، چاكىنىلىقى ھەم زەئىپ، ھاكاۋۇرلۇقى پاش قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىكى شاھ بەھرام دىلئارامدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يەنە تېپىشقۇچە بولغان ئارىلىقتا باشتىن كەچۈرگەن ۋە ئاڭلىغان بىرقاتار ۋەقە ھەم ھېكايىلەر كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇ قىسسە ۋەقەلىكىنىڭ ئەگرى-توقاي ھەم تەسىرلىك بولۇشى، بەدىئىي سەنئىتىنىڭ يۇقىرى، تىلىنىڭ گۈزەل ۋە ئوبرازلىق بولۇشىدەك ئەۋزەللىكلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەسەردە دىلئارامنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى «چىن، خىتاي، خوتەن» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ، قىزغىن مەدھىيىلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە «چىن، خىتا ۋە خىتاي» ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتكەندە، ئاساسەن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى غەربىي رايونىنى (ھازىرقى شىنجاڭنى)، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا خوتەننى كۆزدە تۇتقان. نەۋائىي ئەسەرلىرىدە بۇنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار ناھايىتى كۆپ. «بەھرام ۋە دىلئارام» داستانىدىمۇ نەۋائىي دىلئارامنىڭ يۇرتىنى گاھى «خىتا» ياكى «خىتاي» دېسە، گاھى «چىن» دەيدۇ، گاھىدا بولسا «خوتەن» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز بۇ ئۈچ سۆزنىڭ مەنىداش ھالدا قوللىنىلغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. نەۋائىي «بەھرام ۋە دىلئارام»نىڭ بېشىدا دىلئارامنى:

ئەسلى ئول غەزالەئى مۇشكىن،
چىن فەزاسىدا ئېردى چىھل نىشىن.
ھەم خوتەن دەشتىدە مەقام ئەتكەن،
ھەم گۈلۇ سەبزەدە خىرام ئەتكەن.

دەپ سۈپەتلەيدۇ. موللا سىدىق يەركەندىمۇ بۇ مىسرالارنى نەسرىلەشتۈرگەندە: «دىلئارامدىن ئىبارەت بۇ ئىپار كىيىكى ئەسلىدىلا چىن دالاسىدا ئويناپ، خوتەن سەھراسىدا ئورۇنلىشىپ



ئۆسكەن. كۆكلەمزار ۋە گۈلشەنلەردە يۈرۈپ ئادەتلەنگەنىدى» دەپ يازىدۇ. ئەسەردە دىلئارامنىڭ خوتەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۆپ جايدا ئەسكەرتىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى، تۈرلۈك پەنلەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ناخشا-مۇزىكىدا كامالەتكە يەتكەنلىكى تەرىپلىنىدۇ. دىلئارامنىڭ پاك ئىنسانىي ھېسسىياتقا ھۆرمەت قىلىش، كەمتەر، مۇلايىم ۋە توغرا سۆزلۈك بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىك ۋە قۇلچىلىق ئىللەتلىرىدىن خالىي بولۇش، زوراۋانلىققا تىز پۈكمەستىن، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە كىشىلىك غۇرۇرىنى قەتئىي قوغدىشىدەك قەيسەر ئوبرازى كىشى قەلبىدە چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرىدۇ.

نەۋائىينىڭ «بەھرام ۋە دىلئارام» داستانى خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن يارىتىلغان رومانتىك ئەسەر. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ نەسرىلەشتۈرۈلگەن كېيىنكى نۇسخىسىدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا بۇ قىسسىدە بىز ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ۋە تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، رىۋايەت، ئەپسانىلەرگە خاس بولغان نۇرغۇن فانتازىيىلىك ئامىللار ۋە مۇبالىغە ۋاسىتىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇنداق جايلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر.

«بەھرام ۋە دىلئارام» قىسسىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ يەشمىسى «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ»نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 013 ئىنۋېنتار نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىشلەندى.

# بەھرام ۋە دىلئارام

موللا سىدىق يەركەندى

داستاننىڭ باشلىنىشى، يەنى شاھ بەھرامنىڭ ئوۋغا چىقىپ، رەسسام مانىدىن ئىبارەت ئاجايىپ بىر قۇشنى ئوۋلىغانلىقى، ياق، بەلكى ئۇ قۇشقا ئۆزىنىڭ باغلىنىپ قالغانلىقى، گوياكى بۇ مانى سۈپەت پەلەك سۈرەتگىرى ئاجايىپ بىر سۈرەتنى كۆرسەتكىنىدەك، دىلئارامنىڭ كۆڭلىنى مەپتۇن قىلغۇچى سۈرىتى نامايان بولغانلىقى، بۇ سۈرەتنى كۆرگەن شاھ بەھرامنىڭ سەۋر-تاقەت رىشتىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى

سىرلىق مەنزىللەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

تارىخشۇناسلار ۋاراقلىرىغا ھەرپلەردىن نەقىشلەرنى چېكىپ، بەھرامنىڭ داستانىنى باشلىدى، ئۇلار ئۆز سەھىپىلىرىگە مۇنداق بايانلارنى يازدى:

بۇ يۈكسەك ئاسمان شاھ بەھرامنىڭ ھوقۇق-ھەشەمىتىنى پەلەككە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى ئاي ۋە قۇياشتەك يۈكسەك قىلدى. ئالەمنىڭ پۈتكۈل پادىشاھلىرى ئۇنىڭغا تەۋە بولدى،

ۋاپاسىزلىق، ساختىلىق، ياۋۇزلۇق، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ گۈزەل ۋە ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئىزگۈ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل شەكىل ۋە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىشى ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادە قىلغان.

ئەدەبىي مىراسلىرىمىز گەرچە تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك قول يازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ، خېلىلا كەڭ تۈردە تارقالغان. بۇ ئەدەبىي مىراسلار مىللىي سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىزنىڭ بىباھا مەنىۋى بايلىقىمىزدۇر.

ئازادلىقتىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقتى. ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ۋە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت يۈزلىگەن، مىڭلىغان قول يازمىلار ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇ قول يازمىلار ئىچىدە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ئاجايىپ نادىر نۇسخىلار، سىياھى ئۆچەي دەپ قالغان يەككە-يېگانە نۇسخىلارمۇ بار. ئۇلار بىزنىڭ قۇتقۇزۇشىمىزنى، تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ۋە بۇ مىراسلارنى قۇتقۇزۇشقا جىددىي ئېھتىياج تۇغۇلغان بۇ ئاچقۇچلۇق



مەي-شارابلارنى ھازىرلاپ، شىكار گۆشلىرى بىلەن مەي ئىچىشەتتى. ھەر قانداق گۈزەل، مەنزىرىلىك جايلار ئۇچرىسا، شۇ يەردە ئوۋ قىلىپ، شۇ يەرگە چۈشەتتى. ئۇ يەردە راھەتلىنىپ، ئەيش-ئىشرەت بىلەن قانچىلىغان قەدەھلەرنى بوشىتاتتى. بۇنداق چاغلاردا ھەممە ياقلارنى چاڭ-راۋابلارنىڭ ئاۋازلىرى قاپلاپ، ھەممە يەرگە ئوۋ گۆشلىرىنىڭ كاۋاپلىرى تولۇپ كېتەتتى.

بىر كۈنى بەھرام شۇ تەرىقىدە شىكار قىلىپ، بىر ئېگىزلىكتىكى پايانسىز ئورمانلىققا يەتتى. ئۇ يەرنىڭ جان بېغىشلىغۇچى خۇش ھاۋاسى ۋە دىلنى سۆيۈندۈرىدىغان گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، بەزمە ئەسۋابلىرىنى راسلاپ، شۇ يەرگە چۈشتى. شاراب ئىچىش باشلاندى، ناخشا-مۇزىكا ساداسى پۈتكۈل دالىنى قاپلىدى. «ئىچە، ئىچ!» دېگەن ئاۋازلار پەلەككە يەتتى. شۇ تاپتا مەينىڭ شادلىقى شاھ بەھرامنى توختاۋسىز ھالدا باشقا بىر دۇنياغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى پۈتكۈل ئالەمنىڭ پادىشاھى، ئالەم خەلقىنىڭ قىبلىگاھى بىلمەكتە ئىدى. شاراب ئۇنىڭ كەيپىياتىغا ھاياجان سالسا، دىللارنى مەھلىيا قىلغۇچى نەغمە ئاۋازلىرى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى مەستخۇش قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بۇ قەدەر يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن كۆرۈپ، كۆڭلىدىن مۇنداق خىياللارنى ئۆتكۈزدى: «قۇدرەتلىك تەڭرىم مېنى بۇ ئالەم شاھلىرىنىڭ شاھى قىپتۇ. مەن بۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جاھان خەلقىنى شاد-خۇرام قىلىشىم، ئەدل-ئادالەت، خەيرى-ساخاۋەتنى بەجا كەلتۈرۈپ، مۇرادسىزلارنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلىشىم، مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىشىم كېرەك». بەھرام بۇ خىياللىرىنى بېجىرىشنى كۆزلەپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلاۋاتاتتى، تۇساتتىن جاڭگالدا كېتىۋاتقان بىر كىشىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ كىشى ئالدىراش ھالدا تېز-تېز چامداپ كېتىپ باراتتى. بەھرام كۆڭلىدە: «بۇ كىشى نامرات بولغاچقا، يولدا بۇنداق پىيادە كېتىۋېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇ ئادەمگە قىزىقىپ قالدى. بەھرام ئۇ ئادەمنى چىرايلىقچە باشلاپ

كېلىش ئۈچۈن بىر مۇلازىمغا بۇيرۇق قىلدى:

— سەن دەرھال ئېتىڭغا مىنىپ، يەنە بىر ئاتنى يانداپ بېرىپ، ئاۋۇ يولۇچىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئالدىمغا كەلتۈرگىن.

مۇلازىم ئېتىغا مىندى-دە، تېزلا بېرىپ ئۇ كىشىنى شاھ بۇيرۇغىنىدەك ئېلىپ كەلدى. شاھ بەھرام ئۇ كىشىدىن مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋال سورىدى. ئۇ كىشىمۇ يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈزەل ھەم يېقىملىق ئىبارىلەرگە تىل ئاچتى. ئۇ سۆز قىلىشتا گوياكى بىر ئەبسۇنگەر بولۇپ، پادىشاھقا شۇنداق مەدھىيە باشلىدىكى، ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاپىرىن ئېيتىشىپ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى بىر قىممەت باھالىق جاۋاھىردەك بىلىشتى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا خىلمۇ-خىل تائاملارنى قويۇپ، شاراب جاملىرىنى ئارقا-ئارقىدىن تۇتتى. يولۇچىنىڭ كەيپىياتىنى مەي قىزىتىپ، روھى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭدىن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي سوراشقا باشلىدى. شاھنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ ئۇ كىشىنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. شاھ بىلدىكى، ئۇ ئۈلپەت بولغۇچى ناھايىتى كۆپ يۇرت كۆرگەن جاھانكەشتە ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئاجايىپ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاھ ئۇنىڭدىن يەنە غارايىپ سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى:

— ئەي جاھان مەملىكىتىگە قەدەم باسقان، بەلكى جاھانغا پەشۋا ئاتقان كىشى، سېنىڭ ئىلمىڭ ناھايىتى مولكەن. كۆپ يەرلەرگە قەدىمىڭ يېتىپتۇ. مۇساپىرلىقتا يۈرۈپ، شەھەر ۋە باياۋانلارنى كېزىپسەن. شەكسىزكى، بۇ سەپىرىڭ جەريانىدا سەن كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئەھۋاللارنى يولۇقتۇردۇڭ، ئاشۇ خىل ئەھۋاللارنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىن. كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭدىن سىرت ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى ۋە سىرلىرىڭدىنمۇ بىزنى خەۋەردار قىلغايسەن. چۈنكى مەن جاھاندا سەندىنمۇ ئاجايىپ-غارايىپراق كىشىدىن بىرەرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. سەن



بۇ جاھاندا كۆرگەن ئاجايىپ ئىشلار بىلەن ئۆزۈڭنىڭ سىر-ئەھۋالىنى، يەنى بۇ ئىككى ئاجايىپ-غارايىپ ئەھۋالنى بىزگە تونۇشتۇرغىن. بۇ ئىككى نادىر ۋەقەدىن بىزمۇ بەھرە ئالايلى. چۈنكى بۇ ئىككىسىدەك ئاجايىپ ئىشلار جاھاندا ئاز بولىدىغانلىقى چوقۇم.

— ئەي بەخت-سائادەتلىك، خەير-ساخاۋەتلىك پادىشاھىم — دېدى ئۇ جاھانكەشتە مۇساپىر يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلغان ھالدا، — گەرچە ساڭا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا ئاجىز بولسامۇ، لېكىن سۆزلەي. مەخپىي تۇتۇۋاتقان ئاجايىپ ھېكايەتلىرىم بار، ئەمما ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمايتتىم. مەن بۇ دەشت-باياۋانلاردا مەنزىلمۇ مەنزىل كېزىپ يۈرىدىغان مۇساپىرمەن. ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشىدا مۇشۇ زامانىنىڭ يېگانىسىمەن. بۇ سەپەرلەردە ماڭا ھېچ كىشى ھەمراھ ياكى ھەمنەپەس بولغان ئەمەس، مەنمۇ ھېچ ئىنسانغا ئۆز سىرىمنى ئېيتمىغانىدىم، ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ سىرلىرىمنى مەخپىي ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم، كىشىگە ئېيتقۇم يوق ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسىتىم: مەن تاغ-داۋان، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ قاچانكى ئۆزۈمنى شاھ بەھرامنىڭ دەرگاھىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ تۇپرىقىغا كۆزۈمنى سۈرتسەم، — شاھ بەھرام بولسا جاھاننىڭ پادىشاھى، بۇ چۆگىلەۋاتقان ئاسمان ئۇنىڭ دەرگاھىنىڭ چاڭ-توزىنىدۇر، — ئاندىن ئۆزۈمنىڭ نام-نىشانىمنى ۋە سىر-ھېكمەتلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچىدىم. ئۇنىڭغا ئېيتماستىن بۇرۇن بۇ سۆزنى سوراپ، بۇ ئاجايىپ ئىشنى ماڭا بۇيرۇدۇڭ. ئەگەر ئېيتماي دېسەم، سەندىن كۆپ ۋەھىمە قىلىمەن؛ ئېيتاي دېسەم، ئۆز ئارزۇيۇمغا يېتەلمىگەن بولىمەن. ئەلۋەتتە، سەنمۇ بىر ئۇلۇغ شان-شەۋكەت ئىگىسىدەك كۆرۈنىسەن، ئالەم ئەھلى ئىچىدىن سەندە پادىشاھلىق نىشانى بار ئىكەن. گەرچە سەن بەھرام بولمىساڭمۇ، ئورنۇڭ يەنىلا بەھرامغا ئوخشاش ناھايىتى يۈكسەك ئىكەن. ئېھتىمال جاھاندا بەھرامنىڭ تەڭدىشى سەن بولساڭ كېرەك، سەندىن ئۆزگە ئۇنىڭغا مىسال بولغۇدەك يەنە بىرى يوقتۇر. ماڭا نەزىرىڭ چۈشۈپ،

مېنىڭدەك بىر ئاجايىپ قۇشنى ئۇۋلىۋالدىڭ. لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، بۇ ئىككى سوئالنىڭ جاۋابىنى شاھ بەھرامنىڭ ئالدىدا بايان قىلىش ئارزۇسىدا ئىدىم. مانا ئەمدى كۆڭلۈمگە ئىككى غەم پەيدا بولدى: ئېيتسام ياخشى بولمايدۇ، ئېيتمىسام خەتەرگە يولۇقىدىغان بولدۇم.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاھ بەھرام گۈلشەندەك ئېچىلىپ، شامدەك تىل سوزۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي چۆللەرنى كەزگەن كىشى، مۇرادىڭنى تاپقىن، بەختىڭ ساڭا يار بولسۇن. مەقسىتىڭ ھاسىل بولۇپتۇ، ئەمما سەن بىخەۋەركەنسەن. دەريانىڭ لېۋىدە تۇرۇۋېتىپمۇ تەشنالىقتىن لېۋىڭنى قۇرۇتمىغىن، شادلىق ماكانىدا غەمكىن بولۇپ يۈرمىگىن. ئارزۇيۇڭغا قېنىپ، شاھ بەھرامنى تېپىپ بولۇپسەن. ھېكمەتلىرىڭنى ئېيتقىن.

ئۇزۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەككەن بۇ يولۇچى ئۆزىگە شاھەنشاھ بەھرامدەك بۇ خەزىنىنىڭ ئۇچرىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ دەرھال تەڭرىگە تەشەككۈرلار بەجا كەلتۈرۈپ، شاھ بەھرامغا ھەددى-ھېسابسىز، چەك-چېگرىسىز مەدھىيە-ماختاشلارنى ئادا قىلدى. ئۇ خۇشال-خۇرام ھالدا يەر سۆيۈپ، ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— شاھ بەھرام مېنىڭدىن ئىككى سوئال سورىغانىدى. ئۇنىڭ بىرى: ئۆزۈڭنىڭ نام-نىشانىڭنى بايان قىلغىن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر شاھەنشاھ سۆزۈمگە قۇلاق سالسا، ئۇنى بايان قىلاي: مېنى جاھان ئەھلى «مانى» دېيىشىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈم كۆپلىگەن بىلىم-ھېكمەتلەر بىلەن ئاۋات بولغان بولسىمۇ، لېكىن سۈرەتكەرلىك بىلەنلا مەشھۇر بولدۇم.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شاھ بەھرامنىڭ زوق-ھەۋىسى ھەددىدىن ئارتۇق كۈچىيىپ كەتتى. چۈنكى شاھ بەھرام مانىنى كۆرۈشنى ئۇزۇندىن بېرى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى كۆرگىنى ئۈچۈن شاھ بەھرام شۇنداق شاد-خۇرام بولدىكى، گويا ئۇ بىر



تازا جانغا ئېرىشكەندى. ئۇ چەكسىز ئىلتىپات بىلەن مانىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغىمۇ يېڭىباشتىن ھايات بەخش ئەتتى. كۆپ لۇتپۇ-مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى. ئاندىن بەھرام ئىككىنچى سوئالنى سورىدى. مانى ئۆز ئەفسانىسىگە زىننەت بېرىپ مۇنداق سۆز باشلىدى:

— يەتتە ئىقلىمنى سەيلە قىلىپ، ئالەم ئىچىدىكى ئاجايىپ-غارايىپلىقلارنى كۆرۈش مېنىڭ نېسىۋەم ئىدى. چىن مەملىكىتىگە سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردە شۇنداق بىر ئاجايىباتنى كۆردۈمكى، پۈتۈن ئالەمدىكى باشقا كۆرگەن ئاجايىپ-غارايىپلىرىم ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى: بىر سودىگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ مال-مۈلكى ھەددىدىن تاشقىرى ۋە ھېسابتىن زىيادە ئىدى. ئۇنىڭ لەئل-ياقۇت، ئۈنچە-مەرۋايىتلىرى دەريالاردىنمۇ چەكسىز، كانلاردىنمۇ كۆپ ئىدى. ھەشمىتى جاھان بىلەن تەڭ، نەق ئاقچىسى يۈز تۈمەن مىڭدىن ئارتۇق، خىلمۇ خىل ئېسىل ماتالىرى ئېيتقاندىن ئاۋۇن ئىدى. ھەر قىسمى ئېسىل سوۋغا بۇيۇملىرى ۋە بىباھا گۆھەرلىرىنىڭ سانى يوق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭغا بىر يېگانە گۆھەر نېسىپ بولغانىدىكى، گوياكى ئۇ مەجلىسلەرنى يورۇتقۇچى ئاي گۆھىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ خىتاي گۈزىلى شۇقەدەر سېھىرلىك ئىدىكى، چىن ۋە خىتاي ئەھلى ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغانىدى. ئۇنىڭ ھۆسنىچە گۈزەللىكتىن ھېچ ئادەمزاد نىشان تاپمىغانىدى. ھەر ئادەم ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەنلا جان بېرەتتى. ئۇنى بىر كۆرگەنلەر ئۆلۈم ئاھاڭىنى توۋلايدىغان تۇرسا، ئۇ قولىغا چاڭ ئېلىپ، جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى مۇقاملارنى ياڭرىتىپ، ئۆزى ئوتلۇق ناۋالار قىلسا، ۋاي ئىست، ئۇنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلارنىڭ مىڭ جېنى بولسا، بىرىمۇ قۇتۇلالمايتتى. مەندەك كىشىلەر يۈزمىڭ تىل بىلەن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى شەرھلىسە، يۈزمىڭ يىلدىمۇ تۈگىتەلمەس.

سودىگەر خوجا ئۇد، سەندەل قاتارلىق خۇش بۇي ياغاچلاردىن مەپە ياسىتىپ، مەپە ئىچىگە ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ زىب-زىننەتلىرىنى

تەق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەپە ئۈستىگە چىنىنىڭ رەڭگارەڭ نەپىس ماتالىرىدىن شۇنداق يوپۇقلارنى ياپقانىدىكى، بۇ پەلەك ئەتلىسمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ نازۇك ۋە نەپىس يوپۇقلارنىڭ يۈزى ھېسابسىز لەئل-ياقۇتلاردىن كۆز قويۇپ زىننەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاشۇ ئاي سۈپەت پەرى بارلىق بېزەك ۋە زىننەت ئەسلىھەلىرى بىلەن ياسىنىپ ئولتۇراتتى-دە، ئۇد، سەندەللەردىن ياسالغان چاڭنى قولىغا ئېلىپ، گوياكى زۆھرە① يۇلتۇزىدەك چېلىشقا باشلايتتى. سودىگەر خوجا ئۇ پەرىۋەشكە باھا قويغىنىدا ئۇنىڭ يېنىدا بىر زۆھرە ئۈچۈن يۈز مىڭلىغان مۇشتەرىلەر پەيدا بولاتتى. مۇشتەرىلەر ئىچىدىكى زەردار كىشىلەر ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن ھەددىدىن ئارتۇق جاۋاھىر خەزىنىلىرىنى تۆكۈشۈپ، ئۇنىڭ باھاسىنى توختىتىشقا تالاي تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشتى. خالايىق ئۇ ھۆرنىڭ ۋىسالىغا ئېھتىياجلىق بولغىنىدا ئۇنىڭ باھاسى چىن ۋە خىتاي مەملىكىتىنىڭ پۈتكۈل خىراجىتىگە توختالدى. باشتا خىتاي خانى بۇ ئىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇنى ئەبەدىي ۋە مۇتلەق ھالدا سېتىۋالماقچى بولدى. لېكىن تەيىنلەنگەن باھانى ساتقۇچىغا بېرىدىغان چاغدا، بۇ ئىش دۆلەتنىڭ ۋەزىر ئەركانلىرىغا خۇشياقمىدى.

— بۇ ئىشتىن پايدا يوق، — دېدى ئۇلار خاقانغا نەسىھەت قىلىشىپ، — چۈنكى دۆلەتنىڭ ھەممە خىراجىتىنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ، لەشكەر ۋە سىپاھلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ-دە، سەن ئۆزۈڭ سىپاھلاردىن ئۇزاقتا قالىسەن. شۇ چاغدا ئۇ باج-خىراجنى سەندىن ئالماقچى بولىدۇ، ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ جەڭ قىلاي دېسەڭ قولۇڭدا قوشۇنۇڭ قالمىغان بولىدۇ. بەس، يۇرتۇڭنى خاراب بولمىسۇن دېسەڭ، نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ،

① زۆھرە — چولپان (ۋېنېرا) يۇلتۇزىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ يۇلتۇز پەلەك سازەندىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ.



ئۆزۈڭ ئىزتىراپ بولما.

خاقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خامۇش بولۇپ قالدى. بۇ سودىدا سودىگەر خوجا قىممەتپۇرۇش، خالايىق بولسا كەم دەسمايە چىقىپ قالدى. مەن ئەگەر بەخت-تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قېلىپ، سېنىڭ خىزمىتىڭگە يېتىشىپ قالسام ساڭا لايىق بىر سوۋغا لازىم بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئابىھايات سۈيىگە بوياقنى چىلاپ ئۇ پەرىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چىققانىدىم. گەرچە ئەينەن بولالمىسىمۇ، لېكىن بۇ رەسىمنىڭ ھەر ھالدا ئۇنىڭ سىياق-سۈرىتىدىن بىر نەمۇنە ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

مانى شۇ سۆزلەردىن كېيىن چىنىنىڭ بىر پارچە نەپىس شايىسىنى چىقاردى. ئۇ شايىنىڭ يۈزىدە كۆرۈنگىنى ئالەمدە تەڭدىشى يوق تەسۋىرىي سۈرەت ئىدى. مانى ئۇنى ئاچتى. ئۇنىڭ چاڭ-توزانلىرىنى كۆزلىرى بىلەن سۈرتتى. ئاندىن ئۇ دانىشمەنلەرچە بىرخىل تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى شاھ بەھرامنىڭ ئالدىغا قويدى. پادىشاھ ئۇ سۈرەتنى كۆرۈش بىلەنلا ئەقىل-ھوشىدىن ئازدى. ئۆزىنى يوقىتىشقا يۈزلىنىپ، ھېچكىمگە سۆز قىلمىدى. تاكى ئاخشامغىچە ئاشۇ سۈرەتنىڭ بېشىنى كۆتۈرمەي، ئاراممۇ ئالماي قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قىسقىسى، بۇ شاھىنشاھنى ئىشق-مۇھەببەت بىچارە قىلدى. ئۇنىڭ جېنىغا بۇ سۈرەت بالا-قازا بولۇپ، ئۇنى ئاجايىپ ئەھۋاللارغا چۈشۈرۈپ قويدى. مانى شاھنىڭ ئەھۋالىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرگەندىن كېيىن:

— ئەي پادىشاھ، بۇ ئىشقا دەرھال تەدبىر قىلغىن. چۈنكى مۇبادا پەلەك ھاۋادىساتىدىن بىرەر ئىش يۈز بېرىپ، ئۇ شوخ پەرى قولدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش قىيىن بولىدۇ، — دېدى.

— ھەي جېنىمنىڭ راھىتى، ئەي كۆڭلۈمنىڭ پاراغىتى، — دېدى بەھرام مانىغا يېلىنىپ، — بۇ غەمدە مېنىڭ غەمگۇزارىم پەقەت سەن. بۇ سۈرەت مېنى شەيدا قىلىۋالدى. شەيدادا

قاچانمۇ ئەقىل پەيدا بولۇپ باققان؟! مېنى سەن دەردمەن قىلدىڭ، ئەمدى داۋاسىنىمۇ ئۆزۈڭ قىلغىن، مېنىڭ بۇ رەنج-مېھنەتلىرىمگە پەرۋاسىزلىق قىلمىغىن. ئۇنىڭ ۋىسالىغا تېزرەك يېتىشىم ئۈچۈن نېمە ئىلاج قىلىش كېرەكلىكىنى چاپسانراق ئېيتقىن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مانى، — ئەقىللىق ۋە زېھنى ئۆتكۈر كىشىلەرنى ئەۋەتكىن. ئۇنىڭ باھاسى چىن ۋە خىتاينىڭ بىر يىللىق خىراجىتىگە توختىتىلغان. ئۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەممە كىشى موھتاج بولماقتا. ئەگەر سېنىڭ نەزەرىڭدە ئۇ پەرىنىڭ ۋىسالى ئەۋزەل، كۆز ئالدىڭدا ئۇنىڭ جامالى ئەلا بولىدىغان بولسا، كېلىشلىكەن باھا بويىچە سېتىۋالغىن-دە، قەلبىڭگە تۇتاشقان بۇ ئوتتۇڭغا تەسكىن بەرگىن، يا بىر يىللىق خىتاي خىراجىتىدىن كەچكىن ياكى ئۇ خىتاي سىيھىرگەرنىڭ خىيالىدىن كەچ.

بەھرام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— كۆڭلۈمنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، بىر يىللىق خىتاي مېلى ئۇياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ جاناننىڭ قىممىتى پۈتكۈل جاھاننىڭ مال-مۈلكىگە توختىسىمۇ، ئۇنى بېرىپ سېتىۋېلىشنى ئۆزۈمگە شادلىق دەپ بىلىمەن، — دېدى.

شاھ بەھرام ئۆز خىزمەتچىلىرى ئىچىدىكى ئاقىل ۋە دانا، پاك ۋە تەقۋا كىشىلەردىن يۈزچە كىشىنى تەيىنلەپ، ئۇلارغا خوجايىن ۋە كېنىزەكلەرنى قوشۇپ، ئۇ ئاق بەدەنلىك سەرۋىنىڭ ئىززەت-ئىكرامىنى قىلىش ئۈچۈن دەرھال خىتاي مەملىكىتىگە ئەۋەتتى. ئۇ پەرىنى خوجا قولىدىن ئازاد قىلىشقا ئەمر قىلدى. بەھرام يەنە ئۇلارنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت بەردى ۋە ئۇنى خاقانغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى. خەتتە باشقا ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشى ئۈچۈن ئاشۇ مەملىكەت دانالىرىنىڭمۇ كۈچ چىقىرىشى لازىملىقى تەكىتلەندى. ئۇلار پەرمان بويىچە يولغا يۈرۈپ كەتتى. شاھ بەھرام خەستە جانى بىلەن، قولىدا سۈرەت، قېشىدا مانى بىلەن قېپقالدى.



## دىلئارامنىڭ دىلغا ئارام بەرگۈچى تولغان ھۆسنى ھەققىدە سۆزلىمەك ۋە ئۇنى مىسكىن بەھرامغا يەتكۈزۈپ، ۋىسال شامىنى ئىشرەت تۈنىدە يورۇتماقلىقنىڭ بايانى؛ ھىجران خەزانىدىن قۇتۇلۇپ، ۋىسال باھارىدا ئۇلارنىڭ غۇنچىدەك كۆڭۈللىرىنىڭ گۈل-گۈل ئېچىلماقلىقىنىڭ داستانى

سىرلىق مەنزىللەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن يەرلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، شاھ بەھرام ئۇ دانىشمەن تەقۋادارلارغا پەرمان چۈشۈردى. ئۇلار خىتاي مەملىكىتىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. دانالار تالايلىغان مەھەللە ۋە مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئاخىر ئۇلار خىتاي شەھىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلار شۇ ھامان خاقان بىلەن كۆرۈشۈپ بەھرامنىڭ مەكتۇپىنى بەردى ۋە ئۇ كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى پەرىنىڭ ۋەقەسىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى. خاقان مىننەتدار بولۇپ، قولىنى كۆزىگە قويدى، يۈزلەرچە شەرەپ ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى ۋە بەھرامنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن دەرھال كىشى ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ سودىگەر خوجىغا مەزكۇر سۆز ۋە تەلەپلەرنى ئىزھار قىلدى. سودىگەر خوجا ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىنىڭ سودىسى ۋە شاھ بەھرامنىڭ ۋەكالىتىنى ئاڭلاش بىلەنلا، دەرھال زوق-شوخقا تولغان ھالدا جانىنى يارماققا ساتتىكى، ئەيۇھەنناس، بۇنداق سودىنى ئاشۇ ئاچكۆز خوجا بىر قېتىم قىپتۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچقانداق سودىگەر ياكى تىجارەتچى ھەرگىز قىلماس. خاقان ئۆز مەملىكىتىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىنى ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ باھاسى ئۈچۈن خوجىغا بەردى. كەلگەن دانالارغىمۇ ئىنئام-ئېھسانلار قىلدى. ئاندىن ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىنى

بەھرامنىڭ لالىزار باغچىسى تامان ئۇزاتتى. دانالارمۇ شادىمان بولۇپ يېنىشتى. ئۇلار مەنزىل-مەنزىللەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، تېز سۈرئەتتە يول يۈرمەكتە ئىدى.

شاھ بەھرام ئۇ پەرىنىڭ ھىجرىدە ئاھ تارتىپ، جان-جەھلى بىلەن نالە-زار قىلاتتى. ئۇنىڭ جىسمى قىلدەك زەئىپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزىگە بىر كۈنمۇ بىر يىلدەك كۆرۈنەتتى. كېچە-كۈندۈز ئىنتىزارلىق مېھنىتىنى چېكىپ، نالە ئەپغان قىلىپ، كۆڭلىدە سەۋر-تاقىتى قالمىغاندا، يەنە ئاشۇ سۈرەت تەرەپكە نەزەر تاشلايتتى. مەھبۇبىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنىڭ دىلىدىكى ھىجران ئاداۋىتى يوقىلىپ، ئۇ پەرىنى قۇچاقلاش ئۈچۈن غۇلاچلىرىنى ئاچاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى گاھ بىھوش بولۇپ، گاھى ھوشىغا كېلەتتى. يا ئۆيىدە بىرەر سائەت ئارام ئالالماي ياكى قەسىر ۋە باغدا بىردەم تۇرالماي، قەسىرنىڭ ئۆگزىسىدە بەزمىلەر تۈزۈپ، يول تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتى. ئەگەر كۆزىگە يول تەرەپتە ئازراقلا چاڭ-توزان ياكى قارا كۆرۈنسە، مەجلىس ئىچىدە بىر پەس ئۆزىگە كېلەلمەيتتى، زەئىپ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، گوياكى زىلزىلىدە يىقىلغان كونا تامدەك ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ جۈدەپ كەتكەن تېنى ھوشىغا كەلگەندە، ئۇ كىشىلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارنى چىن مەملىكىتىدىن كېلىدىغان يوللارغا قاراپ بېقىشقا ئەۋەتەتتى. ئۇلار جانانىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي كەلگىنىدە بولسا، يەنە ئوتلۇق پىغانلار چېكەتتى. ھۇجرىلىرىدا تۇرالماي، ئوۋ قىلىش باھانىسى بىلەن ئاتلىناتتى. لېكىن ئوۋ قىلماستىن ختاي يولى تەرەپلىرىگە بېرىپ، ئۆز مەھبۇبىنىڭ خەۋىرىنى تاپماقچى بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەمدىن ئۇچۇر ئىگىلەش، خەۋەر سوراشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەرى دىلبەرنىڭ دىيارىدىن ئەپسانە سۆزلىسە، قانچە جاۋاب تاپسىمۇ يەنە سوراشنى توختاتمايتتى. مانى شاھ بەھرامنىڭ بۇ ۋەيرانە ھالىتى ۋە ئېغىر ماللىتىدىن ھەيران بولاتتى. ھەربىر



نەپەستە ئۇ ئۆزگىچە ھېكمەتلەر بىلەن بېزەلگەن بىر پارچە رەسىمنى سىزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا شاھنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇراتتى. شاھنىڭ كۆڭلىنى مەلىكە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئەپسانىلەرنى گۈزەل ۋە يېقىملىق نۇتۇق بىلەن بايان قىلاتتى. ئەمما، مانى ياردىن ئۆزگىسىنى سۆزلەپ قالسا، بەھرام ئۇنى ئاڭلىمايتتى. چۈنكى بىز كىشىنى ئىشق مۇپتىلا قىلسا، ۋىسالدىن ئۆزگىسى ئۇنىڭغا بالا-قازا بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ھىجران ئوتى بىراۋنىڭ جىنىنى داغلىسا، ئۇنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەش گوياكى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقانلىقتۇر. ئاشىقنى ئايرىلىش ئازابى ئانچە زارلىتالمايدۇ، ئەمما ئىنتىزارلىق ئۇنى تولىمۇ قىينايدۇ. دېمەك، شاھ بەھراممۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشق دەردىدە بىئارام ئىدى. توساتتىن بىر ئەلچى يېتىپ كەلدى-دە، شاھنىڭ بارلىق مۇرادلىرىنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭغا مەقسەتنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. شاھنىڭ تەلىپى مەدەت قىلىپ، ئۇ قۇياشنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقى ۋە شاھنىڭ قاراڭغۇ تۈنىنى روشەن قىلىدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بەردى. بۇ خۇش خەۋەردىن شاھنىڭ جىسمىغا ئىزتىراپ چۈشتى. كۆڭۈل كەيپىياتىمۇ بەرھەم يەپ خاراب بولدى. چۈنكى نىمجان ئاشىق ئۈچۈن ۋىسال يېقىنلاشقاندىكى ھىجران ئەڭ خەتەرلىكتۇر.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈمۈش بەدەنلىك سەرۋى شاھنىڭ ھىجران تۈنىنى يورۇتۇپ، ختاي تەرەپكە ئەلچىلىككە بارغان دانىشمەنلەر توپى بىلەن بىرگە يېتىپ كەلدى. شاھ بەھرام بەخت-ئىقبالغا ئىگە بولغاچقا، نىجاتلىققا ئېرىشتى. ھەممە كىشىلەر كېلىپ، شاھنى بارلىق مۇرادىغا يەتكەن ھالدا كۆرۈشتى. دانىشمەنلەر بەھرامغا خاقاننىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپى ۋە سوۋغا-سالاملىرىنى تاپشۇردى. يول يۈرۈش جەريانىدا ئۇ گۈل بەدەنلىك گۈزەلگە ھېچقانداق نۇقسان يەتمىگەن، ئىسسىق ھاۋادىن ئۇنىڭ ھۆسن-جامال گۈلشىنىگە قىلچە سولغۇنلۇق يۈزلەنمىگەنىدى. شاھ بەھرام ئۇنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە قىياس قىلغاندىن يۈز ھەسسە ئارتۇقراق ئىنئام-ئېھسانلار-

نى ئاتا قىلدى.

بەھرام ئۇ گۈزەل سەرۋىنى مەخسۇس ھەرەمگە چۈشۈرۈپ، مەخسۇس ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. شاھنىڭ پەرمانى چۈشۈش بىلەنلا ئۇ ھۆر گوياكى جەننەت بېغىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ھۆر ئورۇنلىشىپ بولۇش بىلەنلا، شاھ ئۇ تەرەپكە ماڭدى. شاھ ئۇنىڭ ئالتۇن قەسرىگە كىرىشكە ئالدىراپ كېتىپ، جىسمىغا بىتاقەتلىك يۈزلەندى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە يۈزلىگەن يېڭى كۆيۈش ۋە ئۆرتىنىشلەر پەيدا بولدى. ئۇ ئىشقتىن بىھوش، شارابتىن سەرخۇش بولۇپ، ئاشۇ ئاي يۈزلۈك سەنەم چۈشكەن ھۇجرىغا كىردى. شاھ گوياكى جەننەت ئىچىدە شۇنداق زىب-زىننەتلىك قەسرنى تاپتىكى، بۇ قەسر ئىچىدە يەتتە جەننەتنىڭ ھەممىسى ھازىر ئىدى. سەن ئۇنى روھىي دۇنيا جەننىتىدىكى ھۆر دېمىگىن، ئۇ پەردە ئولتۇرغىنى نۇرلۇق قۇياش ئىدى. ئۇ شۇنداق پارلاپ تۇرغان قۇياش ئىدىكى، سېھرىي كۈچى پۈتكۈل ئالەمنى ھەيران قىلاتتى. ئۇ سېھرگەر باشتىن-ئاياغ زىب-زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەندى. ئۇنىڭ يۈزلىرى، ئەتراپنى قورشىغان ئىپاردەك قاپقارا چاچلىرى گوياكى چىن ئېلىدىن خۇش بۇي ئىپارلارنى ئېلىپ كەلگۈچى كارۋانلار توپىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىپار چاچلىرىنىڭ كارۋىنى جەننەت بېغىنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇنى چاچ دېگىلى بولماس، بەلكى ئۇ لەيلىنىڭ مەجنۇننى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان ئىككى قاپقىنى بولۇپ، «لەيلى» سۆزىدىكى ھەر بىر «ل» ھەرپى ئاجايىپ بىر قىلتاق بولۇپتۇ. بۇ قىلتاقنىڭ ئاستىدىكى يۈزلىرى گۈلزارىدا ئىككى دانە خال گوياكى چىن مەملىكىتىنىڭ لالىزار ياپىلىقىدىكى ئىككى ئىپار كېيىكىدەك چۈشۈپتۇ. ئىككى كۆزى ئىككى جەرەندەك، ئۇنىڭ قارىسى مۈشكى خوتەندەك تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى خالدىن ئىبارەت بۇ ئىپار گويا خوتەننىڭ ئاشۇ ئىككى ئىپار جەرىندىن تېمىپتۇ، تۈن رەڭگىدىكى بۇ خال ئۇنىڭ يۈزلىرى سۈبھىسىگە چېكىت بولۇپتۇ. يۈزى گۈلزارىنىڭ ئىككى تەرىپى ئاجايىپ



ئىككى گۈل بەرگىدۇركى، ئۇنىڭ ھەر بىرى جان شىرنىسىدىن پۈتۈپتۇ، ئۇ جان شىرنىسىگە ھاياتلىق سۈيى قوشۇلۇپ تەڭشىلىپتۇ. شۇڭا ھەر كىشى ئۇ شېكەر تېمىپ تۇرغان لەۋدىن تېتىپ قالسا، ئۇ ئۆلگىنىگە ھەرقانچە ئۇزۇن بولغان كىشى بولسىمۇ يېڭى جانغا ئېرىشىدۇ. لەۋلىرى ئىچىدىكى ئاغزى شۇ قەدەر يوشۇرۇنكى، بەئەينى تېشىلمىگەن ياقۇتنىڭ ئۆزى؛ تېخىمۇ ئەجەبلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ياقۇت لەۋ سۆزلەش ئۈچۈن ئېچىلسا، پارچە ھېكمەتلەر ئورنىغا گۆھەر چېچىپتۇ. گۆھەر چاچىدىغان بۇنداق ياقۇتنى كۆرگەن گۈل ئۆزىدە جان شىرنىسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. ياقۇتنى قوي، ئۇنىڭ لېۋى جاندىن پۈتۈپتۇ. «جان» سۆزىدىكى نۇن «ن» ھەرپىنىڭ ئەگمىسى ئۇنىڭ گۈل رەڭ ياڭاق چەمبىرىنى ھاسىل قىپتۇ. تەقدىر كاتىپى «جان» سۆزىنى يازار چاغدا، «جان» نىڭ نۇنى سىغماي قېلىپ، ئۇنى ئاستىغا يېزىپ قويۇپتۇ؛ ھېچ ئەمەس ئۇنىڭ ياڭاقلىرى ئەگمىسىنىڭ نۇنى «جان» سۆزىگە نۇن بولۇپ، ياڭىقى ئۈستىدىكى قۇدۇقتەك زىنىقى بۇ نۇن ئۈچۈن چېكىت بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ياقۇت لەۋلىرى ئىچىدىكى چىشلىرى گويا ئابھاياتقا چۆمۈلۈپ ياتقان ئۈنچىلەر تىزمىسىنى ھاسىل قىپتۇ. قاشلىرى مەيخانا گۈمبىزىدەك بىر-بىرىگە تۇتاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كۆزى بەئەينى ئىككى مەست كاپىردەك تۇرۇپتۇ. ئۇنى گۈمبەز دېمە، ئۇ قاپقارا ئەنبەردىن پۈتكەن مېھرابنىڭ ئۈستىدە ئەنبەرىن خال ئورۇن ئاپتۇ. ئۇنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان ھەر بىر قۇلىقى بەئەينى ئىككى يۇلتۇزدۇركى، بۇ ئىككى يۇلتۇز گويا نۇر چېچىۋاتقان قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ماكان تۇتۇپتۇ؛ بۇ ئۈچ سەييارە گويا جاھانغا پىتنە-غەۋغا تېرىش ئۈچۈن بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپتۇ. زىلۋا بويلىرى جان ئوزۇقلىرى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەن بېھىش دەرىخىنىڭ نوتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ جىلۋە قىلىشلىرى روھتىن بىشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ. نازۇك بەللىرى بەئەينى خىيال رىشتىسىنىڭ ئۆزىدۇركى، ئۇ رىشتىنى كۆرۈشنىڭ ئىمكانى يوقتۇر؛ ئۇنى نەپىس

لىباسلار ئىچىدە يوشۇرۇپتۇ. ئۇ پەرى ئوتقاشتەك كىيىملەرنى كىيگەنىنىڭ ئۈستىگە يەنە يىپەك لىباسلارغا پۈركىنىپتۇ-دە، گۈل بىلەن كۆكلەم كەبى گۈزەل تۈس ئاپتۇ؛ گويىاكى ئۆزىگە بىنەپشىزارنى لىباس قىلىپ كىيىپ، ئۇنى جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەپتۇ؛ ئۇنىڭ بۇ بېزەكلىرىدىن جان جەۋھەرلىرى زاھىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھۆرنىڭ لىباسلىرى ئەقىل ۋە ھوشتىن رەڭ ئاپتۇ. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا روھ جەۋھەرلىرى ھالقا بولۇپتۇ. ئۇنى سەن ھۆر ياكى پەرى دېمىگىن، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر ئاپەتتۇر. ئۇنىڭ لەۋلىرى سۆزلىسە ئەلنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. جان ئۇ لەۋنى كۆرۈپ خىجالەتتە قالىدۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ھاياتلىق سۇلىرى ئاقسا، كۆزلىرىدىن ئەجەل ئوقلىرى يېغىپ تۇرۇپتۇ.

مۇنچە چەكسىز گۈزەللىككە ئىگە بولغان ئۇ ئازاد سەرۋى بەھرام شاھنى كۆرۈش بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى. كۆرۈنۈشتە ئۇ شاھقا بەند بولغاندەك قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا، شاھ ئۇنىڭغا قۇل بولغانىدى. بۇ ئەسنادا ئۇ نازىنىن يۈز تۈمەن كەمتەرلىكلەر بىلەن يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ھەر بىر كەمتەرلىكلىرىدىن يۈزلەرچە ناز ۋە ئۇلۇغلۇق نامايان بولۇپ تۇراتتى. بۇ زىبا سەنەمنى كۆرگەنىدىن كېيىن شاھنىڭ كۆڭلىگە تاقەتسىزلىك يۈزلەندى. بەھرامنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ تەڭداشسىز گۈزەل سۈرەت ئۇنى شايىغا سىزىلغان تەسۋىرنى كۆرگەن چاغدىكىدىن يۈز ھەسسە زىيادە ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. چۈنكى شايى ئۈستىگە سىزىلغان جانسىز سۈرەت شاھنىڭ جىسمىدا جان قويمىغان تۇرسا، بۇ جانلىق سۈرەتكە قانداقمۇ قارىيالىسۇن، ئەگەر قارىسا، ئۇنىڭ جىسمىدا قانداقمۇ جان قالسۇن؟!

شاھ ئاخىر دىلئارام بىلەن مۇرادىغا يەتتى. ھۇجرا گويىاكى كۆڭۈل قەسرىدەك خىلۋەت ئىدى. ئۇ مەھبۇب شاھ ئەمرىگە پەرمان بەردار ئىدى. ئۇ يەردە يەنە قانداق ئەھۋاللار يۈز بەردى، ئۇلار يەنە قانداق مەخپىي ئىشلارنى قىلدى، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. چۈنكى ئۇ خىلۋەت ھۇجرىغا



شۇ چاغدا مەيىن شامالمۇ كىرەلمىگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى مەن نەدىن بىلەي ۋە قانداق بايان قىلاي؟! دەرۋەقە، بۇنداق ئاي سۈپەت مەشۇق بىلەن بەھرام شاھتەك بىقارار ئاشىق بىرگە بولغان چاغدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن كىشى ئەخمەقتۇر. ئەمما بۇ جايدىكى تەپسىلاتلارنى بۇرۇنقى كىشىلەرمۇ سۆزلىمەي ئۆتۈپ كېتىپتىكەن، شۇڭا مېنىڭمۇ بۇ تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش سالاھىيىتىم يوق.

**بەھرام شاھنىڭ ئۇ چولپان سۈپەت پەرى چالغان مۇزىكا ساداسىدىن بىقارار بولغانلىقى، شاھنىڭ كۆڭۈل قۇشى ئۇ گۈزەلنىڭ سازلىرى تارىسىغا باغلىنىپ قالغانلىقى، پادىشاھ ئۆزىنىڭ چاڭ كەبى قەلبىدىن ئۇ ھۆردىن باشقىسىنى پاك-پاكىز چىقىرىۋېتىپ، جان تارلىرىدىن پىغان سادالىرىنى ياڭراتقانلىقى، ئۇ پەرىنىڭ زەخمەك قوللىرىدىن، ياق، بەلكى قوللىرى زەخمىكىدىن جان تارلىرىنىڭ پىغان سادالىرى بارغانسېرى ئارتقانلىقى**

*سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشىق ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت ئەھلىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:*

ۋاقتىكى، ئۇ بەختلىك پادىشاھ بەھرامنىڭ ۋىسال باھارىدىن مۇراد گۈللىرى شۇنداق ئېچىلدىكى، ئۇنىڭ ئىشلىرى تىنىق شارابلار بىلەن نەغمە ئاۋازىدىن بىردەممۇ خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇ گاھى جەننەت مىسال گۈلشەنىدە، گاھى پىردەۋس كەبى قەسرىدە ئولتۇرۇپ، شاھانە بەزمىلەر تۈزەتتى. شاھنىڭ مەنزىل-بارگاھى ئۇ ھۆر كېلىش بىلەنلا پەرىخانىدەك جىلۋىگەر بولاتتى. شاھ ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىنىڭ جامالىغا شەيدا بولۇپ، توختاۋسىز ھالدا ئەقىل-ھوشىدىن ئېزىپ تۇراتتى. ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەل مەيدىن خۇش كەيپ بولغىنىدا، ئۇنىڭ نەسرىن گۈلىدەك رۇخسارى

قىزىلگۈل رەڭگىگە كىرەتتى. ئۇ چاڭنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ تارلىرىنى تۈزۈشكە باشلىسا، ئىنتىزارلىقتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ جان تارلىرى ئۈزۈلۈشكە باشلايتتى.

ئۇ چېلىۋاتقان چاڭ شۇ قەدەر تەقۋادار ۋە ئىخلاسمەن ئىدىكى، سەجدە-تالاۋەت ئۈچۈن قەددىنى ئېگىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغانىدى؛ زىكرى-سۆۋەتتە شۇ قەدەر مۇستەھكەم ئىدىكى، تۇرغان ئورنىدىن قەدىمىنى يۆتكەپ، مېڭىپ بېقىشنى ھېچبىر ئىختىيار قىلمايتتى؛ ئۇ چاڭ ئالىي دەرگاھلارنى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن، ئىبادەتكە ئېگىلگەن قامەتلىرىدە بېلىنى ئىككى-ئۈچ يەردىن مەھكەم باغلىغانىدى.

ياق، ئۇ چاڭ تەقۋادار ئەمەس، بەلكى بىر خاراباتىي ئىدى. ئۇنىڭ سادىسىغا مەيخانا ئەھلى بارىكاللا ئېيتىشاتتى؛ ئۇنىڭ سادىسى كىشىلەرنى مەيخانا ئەھلى تەرەپكە باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەللىرىگە قانچىلىغان زۇننارلار باغلايتتى. ئۇ ئۇن چىقىرىپ ھەر خىل كۈيلەرنى ھاسىل قىلغىنىدا بەزمە ئىچىدە مەيپۇرۇشلار مۇقاملىرىغا زىننەت بېرەتتى، بۇنداق مەيپۇرۇشلار نەغمىسىنىڭ سېھىرلىك ئۇنى بارغانلا يېرىدە ئەل جىسمىدىن ئەقىل-ئىدراكنى ئېلىپ قاچاتتى.

ئۇ چاڭ خاراباتىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر قىقنۇس قۇش ئىدىكى، ئۇنىڭ كاسىسىدا كىشىنى تەئەججۇپلەندۈرىدىغان تۆمۈشۇقلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تۆمۈشۇقلارنىڭ ھەممە تۆشۈكلىرىدىن تارلار ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ھەربىر تاردىن سان-ساناقسىز مۇزىكا سادالىرى كېلەتتى. تار سادالىرىغا يەنە تۆشۈكلەرنىڭ ياردىمى يېتىپ تۇراتتى. چۈنكى ھەربىر تۆشۈكتىن نەچچە قىسما ئاۋازلار چىقاتتى. بۇ ئاۋازلار يەتتە قات پەلەك گۈمبىزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك قەۋەتلىرىگىچە يېتەتتى-دە، ئۆزىنىڭ قىقنۇس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پۈتكۈل ئالەمگە ئوت سالاتتى. بۇ تۆشۈكلەردىن نالە-زار بىلەن چىقىۋاتقان سادالار تارلارغا ئۆزىنىڭ ئوتقا سەكرەۋاتقانلىقىنى ھېس



قىلدۇراتتى. ئۇ قىقنۇسقا ئۇ توز سۈپەتلىك گۈزەللىكمۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناۋاسى ئارقىلىق جور بولاتتى. ئۇ پەرىنىڭ ھۆسنى جامالى گەرچە توزغا ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئاۋازى خۇش ناۋا بۇلبۇلنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ بۇلبۇل خۇش ناۋاسى بىلەن مۇڭلارچە مۇقام ۋە داستانلارنى ئورۇندىسا، بۇ قىقنۇسمۇ ئۇنىڭغا ئاھاڭداش بولۇپ، ئوتلۇق سادالىرى بىلەن ئالەمنى ئۆرتەيتتى. قىسقىسى، ئۇ بىرى گۈل يۈزلۈك بۇلبۇل، بۇ بىرى چاڭ سۈپەت قىقنۇس ئىدى.

شاھ بەھرام ئۇ سەنەمگە شۇ قەدەر باغلىنىپ قالغان ئىدىكى، ئۇنىڭسىز بىر نەپەسكىمۇ تاقىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ جامالىدىن كۆزىنى بىردەممۇ ئۈزمەيتتى، ئۇنىڭ ناۋاسىدىن قۇلىقىنى ھېچقاچان خالىي قىلمايتتى. **نەزمە:**

كۆز يۈزىدە، قۇلاق نەۋاسىدا،
جان غەمىدە، كۆڭۈل ھەۋاسىدا.
بولۇبان جانسىز، ئۇلمايىن ئانسىز،
ئانسىز ئولغان زەمان بولۇپ جانسىز.

شاھنىڭ كۆزى ئۇنىڭ يۈزىدە، قۇلىقى ناۋاسىدا؛ جېنى ئۇنىڭ غېمىدە، كۆڭلى بولسا ئۇنىڭ ھەۋىسىدە ئىدى. شاھ جانسىز بولسا بولاتتىكى، ئۇنىڭسىز بولمايتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان زامان جاندىن جۇدا بولاتتى.

شاھ بەھرام ئەيش-ئىشرەت بەزمىسىنى ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ چېھرىسى بىلەن يورۇتاتتى. ئۇ دىلبەر كېچە-كۈندۈز يېقىملىق كۈيلەرگە جور قىلغان ھالدا شاھقا شاراب تۇتاتتى. شاھ ئۇنى بىردەم كۆرمىسە جانسىز بولۇپ، ئۇنى كۆرگەن ھامان جىسمىغا جان كىرەتتى. شاھنىڭ مەي ئىچىشتىن مەقسىتى، ئۇ ھۆرنىڭ جان بېغىشلىغۇچى ھۆسنى بىلەن نەغمە-ناۋاسىدىن بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. بەھرام گاھى جاننى يايراتقۇچى ئايۋان ئىچىدە ئۇ ئاپتاپ تەلئەتلىك پەرى بىلەن بەزم تۈزەتتى. ئۇ پەرى ناۋا قىلىپ، رۇخسارىنى ئاچسا، شاھمۇ يىغان تارتىپ جېنىنى تۇتاتتى.

ئۇلار بەزىدە سەھرا ۋە دەشتلەردە سەيلە قىلىپ، شىكار شادلىقلىرى بىلەن شاراب ئىچىشەتتى. شاھ ئۇ يەردىمۇ ئۇ پەرىنى يېنىدىن بىردەم يىراقلاشتۇرمايتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى ھەرگىز قوبۇل تاپمايتتى. ھالبۇكى، دىلئارامدىن ئىبارەت بۇ ئىپار كېيىكمۇ ئەسلىدىلا چىن دالاسىدا ئويناپ، خوتەن سەھراسىدا ئورۇنلىشىپ ئۆسكەن، كۆكلەمزار ۋە گۈلشەنلەردە يۈرۈپ ئادەتلەنگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ خۇي-مىجەزى سەھرا سەيلىسىگە ئىنتايىن ئامراق بولۇپ يېتىشكەنىدى. شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلىمۇ سەھرا تەرەپكە ئات چاپتۇرماق بىلەن ۋە ئوۋ قىلىش بىلەن شادلىناتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مىجەزى بىر-بىرىگە ماس كەلگەچكە، ھەمىشە سەيلە قىلاتتى. شاھ بەھرامنىڭ ئوۋ قىلغاچ سەيلە قىلىدىغان ئادىتى بار بولۇپ، بۇ خىل سەيلىلەردە ئۇ ئاي يۈزلۈك ھامان شاھ يېنىدا ھەمراھ ئىدى. شاھ ئوۋ ئوۋلىسا، ئۇ شاھنى-ئوۋلايتتى. شاھ قايسى ئوۋنى مۆۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قولغا كىرگۈزسە، ئۇ ئاي يۈزلۈك سەنەم ناخشا ئېيتىپ، ئۇ بەختىيار پادىشاھنىڭ ۋۇجۇدىغا، بەلكى پۈتكۈل جاھانغا ئوت ياققۇچى غەۋغالارنى سالاتتى. بۇ چاغدا ھاياجان ئوتلىرى ئىچىدە قالغان شاھ بەھرام ئۇ ئاي يۈزلۈكتىن شاراب سورايتتى-دە، بۇ ئوتنى ئاشۇ سۇ بىلەن پەسەيتىپ، ئىشق شوللىرىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولاتتى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئوتلىرى تېخىمۇ يالقۇنجاپ، ھاياجان شوللىرى تېخىمۇ تېز كۆتۈرۈلۈشكە باشلايتتى؛ نەغمىدىن يالقۇنجىغان زوق-شوخ ئوتىغا شاراب ياغ بولاتتى، شۇڭا بۇ ئوت تىللىرىنى ئاسمانغا سوزۇپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىخۇدلارچە نالە قىلىپ كۆيۈشكە باشلايتتى. شاھ ئەگەر بىرەر مەنزىلنى تاپسا، ئۇ يەردە دەم ئېلىپ، دىلبىرىنىڭ ۋەسلىدىن مۇراد تاپاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دىلئارامى يېنىدا ھەمراھ تۇرسا، ئۇنىڭ مۇرادى نېمىشقا ھاسىل بولمىسۇن؟! شاھ مۇرادىغا قانچە يەتكەنسېرى ئۇنىڭ كۆڭۈل تەقەززالىقى شۇنچە ئارتار ئىدى. بەھرام ئۇ ئاينىڭ پۇرقىتى خاراب قىلىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەتتا ۋىسال پەيتىدىمۇ ئىزتىراپ ئىچىدە تۇراتتى. ئۇ ھىجران خەۋپىدىن ئەنسىرىگەن ھالدا ۋىسال بىلەن مەشغۇل بولۇپ، كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ ھۇرنىڭ ۋىسالى شاھنىڭ جېنىغا ئوت سالسا، ھىجراننىڭ ئېھتىمالى ئۇنىڭ جىسمىنى ئۆرتەيتتى.



ئۇ گۈل يۈزلۈك پەرى شاھنىڭ يارى-ھەمراھى تۇرۇغلۇق يەنە ئۇنىڭغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتتى. شاھ بۇ ھاۋايى-ھەۋەسكە شۇ دەرىجىدە كىرىشىپ كەتتىكى، بىردەم ئۇنىڭسىز قالسا، ياقا ئورنىدا كۆكسىنى چاك قىلىپ، ھالاكەتكە يېقىنلىشاتتى. ھەتتا شۇ يەرگىچە بېرىپ يەتتىكى، يۇرت ئىشى بىلەن كارى بولمىدى، لەشكەر ۋە سىپاھلىرى تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى، دەردمەنلەرنىڭ دادىغىمۇ يەتمىدى. شاھ ئۈچ-تۆت يىلغىچە مۇشۇ ھالەت بىلەن ئۆتتى. خەلق بۇ ئەھۋال تۈپەيلىدىن قىيىنچىلىققا دۇچار بولدى. خالايىق بۇ ئىشتىن شىكايەت قىلىپ، ھەر بىر كىشى بۇ خۇسۇستا ھېكايەت ئېيتىپ يۈرىدىغان ھالغا يەتتى. ھەر كىشى ئىشق بىلەن ئاشنا بولسا، ئاقىۋەتتە مەملىكەت ۋە سەلتەنىتىدىن جۇدا بولغۇسىدۇر. ئىشق لەشكىرى ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىغاندا شاھ بىلەن گادايىنى ئايرىمايدۇ؛ ئىشقنىڭ بورىنى بىپەرۋالىق بىلەن بېسىپ كەلگەندە، تاغ بىلەن خەس-خەشەكنى تەڭلا ئۇچۇرىدۇ. جاھانغا ئىشق سېلى يېتىپ كەلسە، ئاۋات جايلار بىلەن ۋەيرانە خارابىلەرگە تەڭلا بەرھەم بېرىدۇ. چۈنكى ئىشق-مۇھەببەت ئەجدىھانى تاپسا، ئۇنى چۈمۈلىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. شاھلارنى بولسا، دىۋانىلەرگە ئوخشاش خارۇ زار قىلىدۇ.

قىسقىسى، ئۇ جاھان ھۆكۈمرانى بەھرامنى ئىشق لەشكىرى شۇ دەرىجىدە ئەسىر قىلىۋالدىكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىس-تۈتەك چىقىرىۋەتتى. مەملىكەت ۋە سىپاھ دېگەنلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ داۋاملىق قىلىدىغان ئىشى ئاشۇ ئاي يۈزلۈك بىلەن بىللە يۈرۈپ ھەر قېتىم باشقا بىر جايغا ئورۇنلىشىپ شىكار قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئاي جامالنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلاتتى-دە، ئاندىن ئۇ پەرى شادلىق

بېغىشلىغۇچى ناخشا-مۇزىكىسىنى باشلايتتى. شاھ بولسا، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە قاراپ، خۇش ئاۋاز نەغمىلىرىنى ئاڭلاپ شاراب ئىچىشنى كۆزلەيتتى. **نەزمە:**

بادەكىم ئالسا ئىختىيار ئەلدىن،
نې ئەجەب، چىقسە ھەرنە بار ئەلدىن.
ئىشق ھەم مەيغە ئەيلەسە ئىمداد،
تاڭ ئەمەس، بولسە بارۇ يوق بەرباد.

ئۆز ئىختىيارىنى شارابقا بېرىۋەتكەن كىشىنىڭ قولىدىن ھەممە نەرسە چىقىپ كەتسە ئەجەبلەنمە. شارابقا ئىشقمۇ قوشۇلسا، ئۇ چاغدا بار-يوقنىڭ ھەممىسى بەرباد بولۇشىدا شەك يوق.

**بەھرامنىڭ ئىشق توپانىغا دۇچ كېلىپ، ئەقلىدىن ئازغانلىقى ۋە شاراب ئوتلىرىنىڭ ھارارىتى بىلەن ھوشسىز بولغانلىقى، بەھرام بىر كېچىكە ئوق ئاتقىنىدا، ئۆزىنىڭ كېيىك سۈپەت گۈزىلى ئاپىرىن ئېيتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇپ، سىرتماق بىلەن ئۇنى گوياكى قىلتاقتا چۈشكەن كېيىكنىڭ قول-پۇتىنى چۈشىگەندەك باغلاپ كېيىكلەر قاتارىدا تاشلىۋەتكەنلىكى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

بەھرامغا ئاشىقلىق ۋە مەستلىكتىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ ئىككى كېسەل يېپىشتى. ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ، باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى. يۇرت ئىشلىرى ۋە سەلتەنەت نىزاملىرى بۇزۇلۇپ، يۈگەنسىز ۋە قائىدىسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. دەردمەن بىچارىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈنمىدى، ئادالەت يۈرگۈزۈلمىدى. كىشىلەر ھەر تەرەپتە جەبىر-زۇلۇم قوللىرىنى سۇنۇپ، خالىغىنىنى قىلىشقا



باشلىدى. پۇتۇكچى ئەمەلدارلار جاي-جايلارغا چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە بەختىنى قارا قىلدى. قاراقچىلار ھەر تەرەپتىن قول ئۇزارتىپ يوللارنى قامال قىلدى. ھاراقكەشلەرنىڭ غەلۋە-غوغالىرى پەلەككە يېتىپ، ئىمام، مۇئەززىنلەرنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. تەقۋادارلارنىڭ ئىبادەتلىرى كاساتلىشىپ، شاراب كوزىلىرىنىڭ نەرخى ئۆسۈپ كەتتى. جاڭگال ۋە يايلاقلاردا بۆرىلەر قويدەك تولۇپ كەتتى. ئۇلار ئالدىدا قوي ۋە قويچىلار نەق ئولجا، تەييار غىزاغا ئايلاندى. مەملىكەت قائىدىلىرى بۇنداق قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، شاھنىڭ يېقىن خادىملىرىدىن بىر قانچىسى بىر خىلۋەت ئورۇندا بەھرامنى تېپىپ بۇ ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى، يۇرتنىڭ، خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالى ۋە خالايىقنىڭ ئاھۇ زارىنى بىر-بىرلەپ ئەرز قىلدى. شاھ بەھرام بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپ ئويلاندى؛ بۇ ئىشقا چارە ئىزدەپ جىق باش قاتۇردى. بىراق ئاشىقنى ئىشق بىچارە ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا ھېچ ئىشقا چارە-تەدبىر قالمايدۇ. ئۇ گۈزەلسىز شاھنىڭ ئىختىيارى ئىلكىدە ئەمەس ئىدى. يۇرتنىڭ ۋەيران، ئەلنىڭ سەرسان بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. شاھنىڭ ئەھۋالى گەرچە ئىشق بىلەن خاراب بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە: «بۇ ئىشقا نېمە تەدبىر ئىشلەتسەم، ئۇ ئەھۋاللارنى قانداق ئۆزگەرتسەم بولار؟ ئەل-يۇرتتىن كېچەي دېسەم تېخى تەس، ئۇ دىلناۋازىمدىن كېچەي دېسەم بۇمۇ تېخى مۈشكۈل» دېگەنلەرنى ئويلايتتى-دە، كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولاتتى. ئۇ ھەر نەپەس كۆڭلىدىن مۇنداق خىياللارنى ئۆتكۈزەتتى: «شاھلىقىم مەۋجۇت بولسىلا، گۈزەل نازىنىن بىلەن ساقى تېپىلار، ئەگەر شاھلىق قولدىن كەتسە، ھەمىشە ۋىسال ئىزدىگەن بىلەنمۇ ئېرىشەلمەيمەن. ئەگەر ئۇ دىلرەبا بولمىسا، مەملىكەت ئۆيى ئاۋات بولغىنى بىلەن، ئۇ گۈزەلسىز مېنىڭ تىرىكلىكىم ئۆيى بەرباد بولىدۇ. يېنىمدا ئەگەر ئۇ دىلبەرنى مەۋجۇت بولسۇن دېسەم، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى نابۇت بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنى

تەڭلا قولغا كەلتۈرەي دېسەم، بۇ گوياكى سۇزۇك مۇزدىن ئوت چىقىرىپ، شام يورۇتاي دېگەندەك گەپ بولىدۇ...». شاھ مەملىكەت بىلەن خەزىنىگە كۆڭۈل بېرىپ، ئىشق-مۇھەببەتنى تەرك ئېتىشكە باھانە ئىزدەشكە باشلىدى: «ئىشق بىلەن شاھلىق زادى كېلىشەلمەيدۇ. شاھلار ئۆزلىرى ئۇرغان ئىشق لاپلىرىغا سادىق بولالمايدۇ. ئاشىقلار ئۆزلۈكىنى خالىسانە ھالدا يوقىتىشى كېرەك بولىدۇ. ئىشق ئوتى ئۇلارنىڭ بارلىقىنى ئۆرتىگەن بولىدۇ. ئۇلار جاھان ئىچىدە يوقىلىش ناغرىسىنى چېلىپ، ئىككىلا ئالەمگە پەشۋا ئۇرىدۇ. ئۇلار يار مۇددىئاسى ئۈچۈن جان بېرىدۇ؛ يۈز جېنى بولسىمۇ ھەممىسنى يارنىڭ رىزاسى ئۈچۈن سەدىقە قىلىدۇ. ئۇلار ئىككى جاھان مەملىكىتىنىڭ ھەممىسنى يار ئۈچۈن خالىس ۋەخپە ياكى نەزىر قىلىدۇ. شاھلار بولسا، يۇرت ئالماق ئۈچۈن يۈز تۈمەن ناھەق قانلارنى تۆكۈپ سىياسەت يۈرگۈزىدۇ. مەن ئاشىق دېگەن ئادەم ئەگەر جاندىن كېچەلمىسە ئىشق ئۇلاردىن ناھايىتى يىراقتۇر.» شاھ يۇقىرىقىدەك خىياللار بىلەن بىئارام ئىدى.

ئەلقىسسە، شاھ بەھرام ھەم بۇ خىل خىياللار بىلەن، ھەم توختاۋسىز ئەيش-ئىشرەتلەر بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇنىڭ قىلىدىغىنى ھەمىشە شىكار قىلىش ۋە يار قولىدىن شاراب ئىچىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئۆز سەلتەنىتىنى ئويلىسا، شاراب ئەمەس، قان يۇتاتتى. بىر كۈنى شاھ شىكارگاھتا مەينىڭ ھارارىتىدىن شىركەيىپ بولۇپ، ئۇ ئاي يۈزلۈك سەنەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. شاھنىڭ يىراقتا تۇرغان ناھايىتى چىرايلىق بىر ئۈچقۇر كىيىككە كۆزى چۈشۈپ قالدى، ئۇ كىيىكنىڭ ھەرىكىتى گوياكى بۇ پەلەك كىيىكىنىڭ ھەرىكىتىدىنمۇ تېز ئىدى. شاھ بەھرام ئوق ئېتىشقا شۇ قەدەر قادىر، ئوۋ ئوۋلاشقا بۇ قەدەر ماھىر ئىدىكى، باشقىلار ئوۋنى قانداق ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلسا، شۇنداق ئۆلتۈرەلەيتتى. ئوۋ قىلىنىدىغان جانىۋارنىڭ قايسى ئەزاسىنى نىشانلاپ ئاتسا، ئوقى



دەل شۇ ئەزاسىغا تېگىپ، ئۇنى يىقىتاتتى.

— ھەي پەرى، — دېدى ئۇ گۈل يۈزلۈككە بەھرام، — ئاۋۇ كىيىكنىڭ شۇنچە تېز سۈرئەت بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىسەن، ئەمما سەن ئۇنى قايسى يېرىگە دېسەڭ ۋە قايسى تەقلىدتە بۇيرۇساڭ، ئوق ئۈزۈپ، ئۇنى شۇ سۈپەت ۋە شۇ ھالەتتە ئۆلتۈرىمەن.

ئۇ شوخ گۈل يۈزلۈكنىڭ نازۇك خىيالى ئاجايىپ ئىشارەت بىلەن مۇنداق ئىنچىكە سىرنى ئوتتۇرىغا قويدى-دە، بەھرامغا:

— ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يۈگۈرۈۋاتقان ئىككى قولىغا بىر ئوق بىلەنلا ئىشكەل سالغىن، ئۇ شۇ ھامان ئۆز ئورنىدا توختاپ قالسۇن. ئاندىن ئىككىنچى قېتىم ئوق ئېتىش بىلەن ئۇنى ياخشى ھالاللاپ، يىراقتىن بوغۇزلىغىن، — دېدى.

شاھ بەھرام ئۇ سەنەمنىڭ ئارزۇسىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ سىرلىق تېپىشمىقىغا دەرھال جاۋاب تاپتى. ئۇ نازىنىننىڭ سۆزىنى رەت قىلمايلا، ساداقتىن ئوقنى ئېلىپ كېيىككە قارىتىپ بىرىنچى ئوقنى ئاتتى. بەھرام بۇ ئوق بىلەن كېيىكنىڭ ئىككى قولىنى تىكىپ تاشلىدى. بىراق ئوقنى ئۇستىخاندىن ئۆتكۈزمەي، بەلكى تېرە بىلەن سۆڭەك ئارىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئوق كېيىكنىڭ ئىككى قولىغا ئىشكەل بولۇپ، ئۇنى مەھكەم بەند قىلىۋالدى. كېيىك شۇ ئورۇندىلا توختىدى. بەھرام ئاندىن كېيىن چوڭ باشاقلىق ئوقتىن بىرنى ئالدى-دە، ئوقياسىغا ئايەت ئوقۇپ، تەكبىر ئېيتىپ، كېيىكنىڭ بوغۇزىغا ئاتتى. كېيىك بوغۇزلىنىپ، قېنى راۋان ئاقتى. شاھ كېيىكنىڭ قولىغا ئىشكەل سېلىپ، ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ بوغۇزلاپ، ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسنى تولۇق بەجا كەلتۈردى. بۇ ئىش ھېچكىمنىڭ، بەلكى بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكنىڭمۇ قولىدىن كەلمەس ئىدى. شاھ بەھرام بۇ ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز نىگارىنىڭ تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئېيتىشىنى تەمە قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ نىگار ھۆسن-جامال

بىلەن شۇ قەدەر بىپەرۋا ئىدىكى، ناز ۋە ئىستىغنا تەقەززاسى سەۋەبىدىن شاھنىڭ مەدھىيە ۋە سانالىرى ئۈچۈن تىل ئاچمىدى ياكى ئۇنىڭ قولىنىمۇ سۆيمىدى. پەقەت:

— ھەر كىشى بىر ئىشنى ئادەت قىلىپ، داۋاملىق مەشىق قىلسا، ئۇنىڭ نەقەدەر كامالەتكە يېتىدىغانلىقىنى كۆرۈڭ! — دەپلا قويىدى.

ئۇ نازىنىن شاھنىڭ بۇ ماھارەت ۋە كامالىتىنى ياخشى دېمەي، بەلكى ئارمان قىلغۇدەك ئىش قاتارىغىمۇ كىرگۈزمەستىن، بۇنداق شوخ سۆزلەرنى بايان قىلغاچقا، شاھنىڭ كەيپىياتى ئۆزگەردى. ئۇ پەرى چېھرىدىن ھېچبىر تەھسىن ۋە ئاپىرىن ساداسىنى ئاڭلىيالمىغاچقا، بەھرامنىڭ قاش يالىرىغا گىرە چۈشۈپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. شاھدىن غەزەب ئالامەتلىرىنى كۆرگەن دىلئارام بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن:

— ئەي شاھىم، نېمە ئاچچىق بۇ؟ مەن خاتا گەپ قىلمىدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن چاڭ نەغمىسىنى تۈزگىنىمدە، كىشىلەرنىڭ جان قۇشلىرى بەدەن قەپىسىدىن چىقىش ئۈچۈن سايراپ كېتىدۇ. مەنمۇ بۇ ئىشىمغا داۋاملىق تىرىشىپ مەشىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئاستا-ئاستا كۆنۈكۈپ، مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن. دېمەكچىمەنكى، سېنىڭ كېيىككە ئوق ئۈزگىنىڭگە ئاپىرىن ئېيتاي دېسەم، بۇ ئۇنچىۋالا مۇبالىغە قىلىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس، — دېدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاھنىڭ غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ ياندى. بۇ ئىككى سۆز شاھقا شۇ قەدەر قاتتىق بىلىندىكى، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى، بەلكى تامامى ئىختىيارىنى قەھر-غەزەپ يالقۇنلىرى ئىگىلىدى. شۇ تاپتا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاشۇ مەيداندا بولمىغىنى ئەلا ئىدى.

شاھنىڭ سەلتەنەت غۇرۇرى يۈزەگە چىقىپ، ئۇنىڭ مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىق كۆزلىرىنى كور قىلىپ تاشلىدى. شاھ ئۇ ئاي يۈزلۈكنى قەتل قىلىشنى، يەنى ئۇ زىبا سەرۋىنى كېسىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بەزى مەسلىھەتچىلەر: «بۇنداق زەئىپ بىچارىلەرنى تىغ



بىلەن ئۆلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. يەنە بەزى كېڭەشچىلەر ئۇنى قەتلى قىلىشنىڭ ھەر قىسما يوللىرىنى كۆرسەتتى. ئاخىر ئۇ ئاي يۈزلۈكنى مەيگە چىقىرىپ يىراق بىر باياۋانغا ئېلىپ باردى. ئۇ باياۋاننىڭ ھەربىر گىياھى گويا ئوققا ئوخشايتتى. ئەتراپتا نەچچە كۈنلۈك يەرگىچە سۇ يوق ئىدى. جانىۋارلارنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىدىغان زەھەرلىك گىياھتىن باشقا، ئۇ يەردە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ نازىنىننىڭ يىلاندەك ئىنىككى چېچىنى ئۆزىگە سىرتماق قىلىپ ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى باغلىدى-دە، ئاشۇ باياۋانغا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە باغلىۋالغان چاچلىرى ئاخىر ئۆزىگە سىرتماق بولدى.

ئۇنى ئېلىپ بارغۇچىلار ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ، شاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. پادىشاھ بۇ چاغدا ۋەھشەتكە چۈمگەن ھالدا، مەي ئىچىپ، بىھوش بولغانىدى. شۇ كۈنى تاكى ئاخشامغىچە ئۈزۈلدۈرمەي شاراب ئىچتى. مەستلىكى بارغانسېرى كۈچەيدى. بەلكى مەستلىك ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ، تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىسى شاھ سارايغا نەزەر سالدى. ئۇ جاننىڭ راھىتى شاھ يېنىدىن غايىب بولغانىدى. پادىشاھ سارايدىكىلەردىن:

— ئۇ گۈزىلىم نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنكى قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بىر نەچچە خاس مەھرەملىرى يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلغانىدى، شاھنىڭ كۆزىگە بۇ يورۇق ئالەم قاراڭغۇ بولدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا پاتتى، بارچە قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئەسلەپ، كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شاھ بىلدىكى، ئۇ پەرىگە ئەجەلنىڭ شىۋىرغىنى يېتىپتۇ. «ھەي ئېسىت، دېدى شاھ كۆڭلىدە نادامەت چېكىپ،

— ئۆز قولۇم بىلەن ئۆز بېشىمنى كېسىپتىمەن، ئەمدى دەرھال بېرىپ، ئۇ باياۋاننى بىر-بىرلەپ ئاختۇراي، ئۇ نىگارىم قەيەردە بولسا، تېپىپ، ئۇنىڭغا بۇ جېنىمنى سەدىقە قىلاي. ئەگەر تىرىك بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدا بولۇپ، جان بېرەي-دە، ئۇنىڭدىن كە-

چۈرۈم سوراي؛ ئەگەر ئۆلگەن بولسا، ئۆزۈمگە تىغ ئۇرۇپ ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرەي» . بەھرام يۇقىرىقىدەك خىياللارنى ئويىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن تاجۇ تەخت ۋە سەلتەنەتنى ئالدىدا نومۇس قىلىپ، ئۆلۈك ئۈچۈن يەر سۆيۈشنى بەجا كەلتۈرمە-دى. بۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ كۆڭلى قانچە زورلىسىمۇ، لېكىن ئەقلى يول قويمايۋاتاتتى، ئەھلى خالايىق ئالدىدىكى خىجىللىقمۇ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. شاھ بۇ ئىشقا ئەقلىنى قانچە بۇيرۇسىمۇ، لېكىن ئەقىل خۇددى بىر ھوقۇق ئىگىسىدەك بۇ ئىشنى كەسكىن رەت قىلاتتى، شاھنىڭ كۆڭلى ئەقلىدىن ھېچبىر مەسلىھەت تاپالمايۋاتاتتى. چۈنكى ئىشق ئەقلىنىڭ بارلىق مەسلىھەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر چۈمۈلە ئىككى ئەجدىھا ئارىسىدا... غاندەك، شاھنىڭ جېنى ئىككى بالا ئارىسىدا قىينىلىشقا باشلىدى. بۇنداق تىرىكنى يا ئۆلۈك دېگىلى يا تىرىك دېگىلى بولمايتتى.

**شاھ بەھرامنىڭ غەزەپ مەستلىكىدىن يېشىلىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزى كۆرگەن قالايمىقان چۈشلەردىن پەرىشان بولغانلىقى، بەلكى ئۆزىنىڭ ئويغاقلىقىدا قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقى، ئاندىن بەھرام ئۆزىنىڭ ئۇ ئىپار ھىدلىق كېيىكىنى ئىزدەپ، باياۋانغا ئۆزى كېتىپ قالغانلىقى ۋە ئۇنى[1] تاپالماي، ئۆزىدىن كېتىپ قالغانلىقى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھرى-شەپقەت بەھىللىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

شاھ بەھرام شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىكى، كىشىلەر ئۇنىڭ ھالىغا گاھ يىغلىسا، گاھ كۈلەتتى. ئۇ ئىككى كۈنگىچە ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ياتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يىغىلغان ئوتلار



يالقۇنجايتتى، جېنىغا بولسا ھىجران ئوقلىرى قادالغانىدى. بەھرام ئۈچىنچى كۈنى ھوشىغا كەلدى. بەھرام ئۈچۈن يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولغانىدى. ئىشق لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىقلىمىنى ئىشغال قىلغانىدى. گوياكى پايدا كۆزلەپ سۇغا كىرىپ، بار-يوقى دەريادا غەرق بولۇپ تۈگەشكەن سودىگەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ تەمبە مەملىكىتى ئاۋات بولۇش بىلەنلا، كۆڭۈل مەملىكىتى بەربات بولدى. بۇ خۇددى ئۆزۈن يىل ئەجىر قىلغان باغۋەن ئەمدى مېۋىگە ئېغىز تېگەي دېگەندە چاقماق چۈشۈپ، دەرەخ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغاندەك ئىش بولدى. شاھ بەھرامنىڭ ئىچىگىمۇ شۇنداق چاقماق چۈشتىكى، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئوت ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ باشلىرىدىكى تاجىنىڭ ئورنىنى ئۇ ياقۇت لەۋلىك گۈزەلنىڭ ئىشتىياقى ئىگىلىدى. پەلەك بەھرامنىڭ باشلىرىغا تاش ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرتىنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تىغلىرى ئەمدى ئۆز كۆكسىنى يارا قىلىشقا باشلىدى. بۇ تەتۈر پەلەك بەھرامنىڭ ئۆز كۆزىنى روشەن قىلىش ئۈچۈن ئەكەلگەن سۈرمىنى ئۇنىڭ كۆزىگە نەشتەر قىلدى. شاھ بەھرام ئۆز ئەھۋالىغا نەزەر سالغىنىدا، شۇنداق ھالەتنى كۆردىكى، بۇ خىل ھالەتكە ھېچ كىشى دۇچار بولمىسۇن. ئۇنىڭ زار جىسمىغا ۋە خەستە كۆڭلىگە يىغىلغان ئازاب ۋە قىيىن-قىستاقلار چۈشكەنىدى. بۇ مۈشكۈلچىلىك ئالدىدا ئۇنىڭ تېنى جېنىدىن، جېنى تېنىدىن تويدى؛ كۆڭلى بولسا ئۆزىنىڭ جېنى ۋە تېنىدىن بىزار بولدى. ئۇنىڭ تېنى بۇ كونا پەلەكتەك بۇزۇلدى، جان رىشتىلىرى ئەسكى چاقنىڭ تانا پىلىرىدەك ئۈزۈلدى. ئۇ خۇددى غۇڭۇلداۋاتقان چاقتەك توختىماي پىغان چېكەتتى. ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى گويا كى چاق پارچىلىرىغا ئوخشاش بىر-بىرىدىن ئايرىلغان، ھىجران دەستىدىن جېنى ھەلقۇمىغا يەتكەنىدى.

ئاخىر، بەھرام ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ باياۋان تەرەپكە يول ئالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ كۈمۈش بەدەنلىك گۈزەلنى

ھايات ھالدا تاپالسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ؛ ئەگەر ئۆلۈكىنى تاپسا ماتەمنى تۇتۇپ، غەم ۋە ئەلەملىك يىغا-زارىنى باشلايدۇ. ئاندىن ئۇ سەرۋى بويلۇق نازىنىنىڭ جەسىتىنى ساندۇققا سالىدۇ-دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ يولىدا ھالاك قىلىپ، يىغا-زارىدىن بىراقلا خالاس تاپىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ گۈزەلنىڭ خىلۋەتخانىسىدا بىللە بولىدۇ، ھىجران ئازابىدىن بىر يولى قۇتۇلىدۇ. شاھ بەھرام شۇنداق خىياللار بىلەن بارچە دەشت-باياۋانلارنى كەزدى. بىراق ئۇ گۈزەل سەرۋىنىڭ جەسىتىنى تاپالمىدى. چۈنكى سەرۋىنىڭ جىلۋە قىلىدىغان ئورنى گۈلىستاندۇر، بولۇپمۇ بۇنداق گۈل يۈزلۈك سەرۋى چۆل-باياۋانلاردا نېمە قىلسۇن؟ سەرۋى دېگەن ئەلۋەتتە بوستان سەۋداسىدا بولىدۇ-دە!

بەھرام ئۇ ئاي يۈزلۈكنى تېپىشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، يۈزلىرىگە كاچات ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ گوياكى شېرىنىنى تاپالمىغان پەرھادتەك نالە-پەرياد قىلاتتى؛ ئاغرىق دەستىدىن ھوشىنى يوقاتقان كىشىدەك ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، چالا بوغۇزلانغان كېيىكتەك تولغىناتتى. ئۇ قان-ياشلىرىنى شۇنداق تۆكەتتىكى، بۇ پەلەك گۈمبىزىنىڭ ئىچى قان بىلەن توشتى. «ئۆز جېنىمغا جاپا سېلىپ، ئەمەس ئىشنى قىپتىمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە كايىغان ھالدا، — ھېچ كىشى ماڭا ئوخشاش ئۆز كۆكسىنى ئۆزى چاك، ئۆز جېنىنى ئۆزى ھالاك قىلماس. ھېچكىم ئۆز بوغۇزىغا ئۆزى تىغ سۈرمەس، ھېچ ئىنسان ئۆزىنىڭ يېنىۋاتقان ئۆمۈر شامىنى ئۆزى پۈلەپ ئۆچۈرمەس. چۈنكى بۇ ئادەم بالىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بۇ ناتىۋان جىسمىمنى شۇ تاپتا ئۇ جانان ئۈچۈن پىدا قىلسام، بۇ خەستە جىسمىم ئۇ جېنىنىم ئالدىدا پىدا بولۇشقا ئەرزىمدىكىن؟ ئەگەر تېنىمنى يۈز پارە قىلمىغان تەقدىرىمدىمۇ، بۇ دەردتىن ئاخىر ھالاك بولىمەن، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئاخىر يەنە ئۆزلۈكىمدىن نابۇت بولىمەن. چۈنكى بۇنداق بالا-قازاغا جاھاندا ھېچكىم دۇچار بولۇپ باقمىغان.» بەھرام شۇ خىياللاردىن كېيىن پەلەككە قاراپ



مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ھەي پەلەك، سەن ئاخىر مېنىڭ بېشىمغا نېمە كۈنلەرنى سالدىڭ؟! سەندە بىر زەررىچە مېھىر-شەپقەت دېگەن يوقكەن. مېنىڭ ئىشلىرىمدا شۇ دەرىجىدە رەھىمسىزلىك قىلدىڭكى، مېنىڭ روزىگارىمنى قارا قىلدىڭ. ئەگەر سەندە مېھىر-شەپقەتتىن قىلچىلىك نىشانە بولغىنىدا ئىدى، مېنىڭ كۆز ياشلىرىم ئۈنچىلىرى بۇنداق چېچىلمىغان بولاتتى. سەن ئۆزۈڭنىڭ رەھىمسىزلىكىڭ تۈپەيلىدىن چېھرىم قۇياشىنى نابۇت قىلىپ، كۆز ياشلىرىم يۇلتۇزلىرىنى توختاۋسىز تۆكتۈڭ. دۆلىتىم سۇبھىسىنى زاۋالغا ئېلىپ كەلدىڭ، بەختىم قۇياشىنى يەرگە پاتۇردۇڭ. ئەمدى جېنىمنىمۇ ئالغىن! چۈنكى ئۇ جانان يەر قەرىگە كېتىپتۇ. جانانسىز بۇ جاھانىنى، بەلكى جاھان بىلەن جاننى نېمە قىلىمەن. تايىنلىق جېنىمنىمۇ ئالغىن، بۇ جاندىن تويدۇم، كۆڭلۈمنى ئۆلۈمگە ئاتاپ قويدۇم. بۇ جاھاندا مېنىڭ بۇ جانانسىز جېنىم بەئەينى جانسىز بەدەنىنىڭ ئۆزىدۇر. جانسىز بەدەننى يەر قوينىغا دەپنە قىلغان ئەلادۇر.

بەھرام ئەنە شۇنداق سۆزلەر بىلەن دەشت ئىچىگە ئۈنلارنى سالاتتى. ئۆز جېنىنى غەم لەشكىرىگە پايىمال قىلىپ، تەخت ۋە دۆلىتىنىمۇ يادىدىن چىقارغانىدى. ئۇ باياۋاندا ۋەھشىي ھايۋانلار ئارىسىدا ئورۇن تۇتتى، شەھەر ۋە مەملىكەتتى بىلەن كارى بولمىدى. چۆللەردە كېزىپ يۈردى. بىر شەھەرنىڭ خەلقى بەھرامنىڭ باياۋانلاردىكى بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن دىشۋارچىلىقلارنى بىلدى. بۇنى كۆرگەن خالايىق ئىچىگىمۇ ئاجايىپ بىر ھاياجان چۈشتى. ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ جاي ۋە مەنزىللىرىنى تاشلاپ، شاھ بەھرامغا ئوخشاش دەشتلەردە ۋەتەن تۇتتى.

قۇياش يۈزىنى دىلئارامغا ئوخشاش يوشۇرغان ھامان، پەلەكمۇ كۆز ياشلىرىنى بەھرامدەك چاچتى. ھىجران تۈنىدىن بىچارە ئاشىق ئازاب چەككىنىدەك، پەلەككە تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن ئازار يەتتى. بەھرامغىمۇ قاراڭغۇ كېچىدىن شۇنداق دەرد-ئەلەملەر يەتتىكى،

بۇ ئالەم ئۇنىڭغا تارچىلىق قىلدى. ئۇ غەم ۋە قارا قايغۇلارغا دۇچار بولۇپ، بۇ ئالەمدە غېرىبلىق ئىچىدە قالدى. ھىجران تۈنىدىن پۈتكۈل ئالەمنى زۇلمەت قاپلىدى. بۇنداق زۇلمەت ئىچىدە ئابىھاياتقا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئەگەر مىڭلارچە خىزىر پەيغەمبەر ماكان تۇتقان تەقدىردىمۇ، ھەممىسىنىڭ جېنىغا ھالاكەت يېتەتتى. بۇ پەلەك گۈمبىزىنىڭ ئىچىنى سېسىق پۇراقلار قاپلاپ، خالايىقنىڭ نەپەس يوللىرىنى بوغۇپ قويدى. بۇنداق ئورۇندا خىزىرمۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ زۇلمەتلىك تۈن ئەمەس، بەلكى ھىجران ئوتىدىن جاھانغا تولغان تۈتۈن ئىدى. جانغا ھىجران ئوتى تۇتاشقىنىدا ئۇنىڭ ئىس-تۈتەكلىرىدىن جاھان قاراڭغۇ بولىدۇ. ئەگەر سەن ھىجران ئوتىغا ئوتۇن ئىستىمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا ئاشىقلارنىڭ زەئىپ جىسمىدىن باشقا ئوتۇن يوقتۇر. ئاشىقلارنىڭ تېنى ئۇ ئوتقا ئوتۇن بولغان يەردە، ئۇ ئوتنىڭ تۈتۈنىمۇ ئاشىقلارنى ھالاك قىلسا، ھەيران بولماڭ. چۈنكى تەننى كۆيدۈرگەن ئوتنىڭ تۈتۈنىمۇ نەپەسنى بوغۇپ ھالاك قىلسا، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شاھ بەھرام ھىجران ئازابىغا مۇپتىلا بولدى، بۇ كېچە ئۇنىڭ جېنىغا ئاجايىپ بىر بالا بولدى. خالايىق ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئاق ئۆي ۋە سەھرا پەردىلەرنى تىكتى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىن خالايىقنى يىراق سۈرەتتى. ھىجران كېچىسى ئۆز خاسىيىتىنى كۆرسەتكىنىدە، بارچە خەلق ھەيران بولدى. ئۇلار ھەر بىرى بىر تەرەپتە پىنھان ئورۇن تۇتۇشتى. يېقىن-يىراقلار كۆز يېشى قىلىشتى. باشقىلار بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ، پىكىر-خىياللارغا پاتتى. ئۇلاردىن بىرى: «شاھنى ئەھرىمەن دىۋە ئۇرۇپتۇ» دېسە، يەنە بىرى: «بۇ ئىش پەرىزادنىڭ كارامىتىدىن بولغان» دەيتتى؛ شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەر بىرى بىردىن ئەپسانە سۆزلەيتتى. شاھ بەھرام سەۋدا بولغانىدى. ئاخىر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلدى. بىراق ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كۆيۈش، ئۆرتىنىشلەر ئىچىدە قالدى. پىراق ئوتىدا ئۇ تېخىمۇ بىتاقەت ۋە بىئارام بولۇشقا باشلىدى.



**ھىجران كېچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە قاراڭغۇلۇقى، ئۇ كېچىدە بەھرامنىڭ جېنىغا غەم لەشكەرلىرىنىڭ شەبىخۇن (كېچىلىك ھۇجۇم) لىرى يەتكەنلىكى، ئۇ شەبىخۇن ئەھلىنىڭ جان ۋە كۆڭلىنى بەھرامنىڭ ئەسىر ئەتكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسىرلەرگە ئوخشاش يىغا-زار بىلەن ھوشىدىن كەتكەنلىكى، دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنى بالا دەشتىدىن نىجاتلىق شەھىرى تامان ئېلىپ ماڭغانلىقى**

*سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:*

شاھ بەھرام شۇ كېچىسى قۇلۇنلارنىڭ ماكانىدا تۇرۇپ قالدى. بۇ كونا دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاپقارا رەڭ ئالدى. پەلەك چاقى ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياش-ئايىغى يوق ھالدا چۆرگىلەيتتى. شاھقا ھىجران ئوتى شۇ دەرىجىدە تۇتاشتىكى، ئۇنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى يەتتە قات ئاسماندىن ئېشىپ، بۇ ئايلانغۇچى پەلەكتەك سەرگەردان بولدى. ئۇنىڭ قان-ياشلىرى شەپەق رەڭگىنى نامايان قىلدى. كۆز ياشلىرىنىڭ سېلى ئۇيقۇ لەشكىرىنى ھالاك قىلدى. ئۇنىڭ جېنىدىن ھىجران ئوتى يالقۇن تىللىرىنى چىقىراتتى. بۇ ئوتنى كۆز ياشلىرى سېلى بىلەن قانچە ئۆچۈرسىمۇ يەنە تىل سوزاتتى. ئىشق ئوتى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن خۇشاللىقنى تارتىۋالدى، كۆز ياش سۇلىرى ئۇ ئوتقا ياغ ئورنىدا بولاتتى. شاھ ئۈچۈن بۇ ئوت بالا-قازا لەشكىرى، كۆز ياشلىرى بولسا ئاپەت سېلى بولدى. شاھنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتىگە غەم ۋە ئەندىشە قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تالان-تاراج قىلدى. شاھنىڭ بىتاقەتلىكى يارغانسېرى كۈچەيدى. ئۇنىڭدا بارا-بارا ھېچ كىشىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلىك ماجال قالمىدى. يارنىڭ ھىجران ئازابى ئۇنىڭ مىجەزىنى شۇ دەرىجىدە بۇزغان ئىدىكى، بۇنىڭغا ھېچ يار ۋە غەمگۇزارلار ئىلاج قىلالمايتتى.

شاھنىڭ خەلقتىن جىنى قىسلىپ، بىر خىلۋەت ئۆيگە كىردى-دە، ئىشكنى ئىچىدىن تېز ئېتىۋالدى. ئاندىن ئۇ قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ، شۇ قەدەر ئاھ-ۋاھ چەكتىكى، ئۇنىڭ نالە-زارىدىن بۇ جاھان ئىچىگە گوياكى بىر بالا-قازا چۈشتى. شاھ ئۆز تېنىگە تەستەكلەر ئۇراتتى. ئۆز جىسمىغا ئۆزى زۇلۇم سېلىپ، بەدەنلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالاتتى. ئۇ بېشىنى يەرگە شۇنچىلىك ئۇرىدىكى، ئۇنىڭ بېشىدا بىر تال تۈكمۇ سالامەت قالمىدى. ئۆز بېشىنى ئۆزى پارە-پارە قىلدى؛ ئۇنىڭ پارىلىرى بېشىدىكى تۈكلەرنىڭ سانى بىلەن تەڭلەشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەردتىن تۇپراققا ئايلانغان تېنىنى چاڭ-توزان قىلدى. ياق، چاڭ-توزان ئەمەس، بەلكى دەرد-ئەلەم تېغىغا ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆز تېنىدىن پارچىلارنى ئۈزۈپ ئالغاندا بۇ مەنزىرە گوياكى دەرد-ئەلەم بېغىدا ئېچىلغان لالىزار گۈللەرنى ئەسكە سالاتتى. يېرىم كېچىگىچە ئىش مۇشۇنداق ئۆتتى. ئۆز تېنىنى ئۆزى چىشلەپ، ئۈزۈپ ئېلىپ نالە-پەريادلار چەكتى. ئۆزىگە بۇ قەدەر جەۋر-جاپالارنى سېلىۋېرىپ ئاخىر بەدەنلىرى بوشاشتى، قولىمۇ تالدى. ھىجران ئۇنىڭ جىسمىنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى، تەلپۈنۈۋېرىپ ھېرىپ كەتتى. ئاخىر ئارام ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ جېنىغا يەنە دىلئارامنىڭ ئوتى چۈشۈپ قايتىدىن يىغا-زارە قىلىشقا باشلىدى. يارنىڭ يادى پىكرى ئۇنىڭ سىردىشى ئىدى. يارنىڭ قارا چاچلىرى ئۇنىڭ بېشىغا قارا ماتەملەرنى سالدى، بەھرام ئۆز بېشىنىڭ تۈكلىرىدىنمۇ كۆپ قارا قايغۇلارغا گىرىپتار بولدى. ئۇ يارنىڭ خىيالى بىلەن كۆيۈپ، پۇچۇلىناتتى، چۈنكى پىراق ئۇنىڭ جىسمىنىڭ چاقىغا يۈزلىگەن تاناپلارنى سالغانىدى. يارنىڭ قاشلىرى ئىشتىياقىدىن، بەھرامنىڭ زەئىپ قامىتى ھىلال ئايدەك ئېگىلگەنىدى. ئۇ ئۇلاشما ھىلال قاشلارنى ئەسلەپ، شاھنىڭ جېنى ھىلالدەك خەستە بولغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە، شاھنىڭ كۆڭۈل باياۋىنىدا يۈزلىگەن ئەندىشە قۇلۇنلىرى ھەر تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ قېنى گوياكى بوغۇزلانغان كېيىكتەك



بولغانلىقتىن، بۇ تۇراقسىز پەلەك ئۇنى «بەھرام گور» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ گۈزەلنىڭ ھىندى سۈپەت قاپقارا كىرپىكلىرىنى ئويلىسا، شاھنىڭ باغرىغا يۈزلىگەن ئوقلار سانجىلىپ، ھەربىر ئوق يۈزلىگەن جاراھەتلەرنى پەيدا قىلاتتى. بۇ ئوقلارنىڭ ھەممىسى ئاھ ئوتىنىڭ تۈتەكلىرى بىلەن قارىيىپ كەتكەنىدى. شاھ ئۇنىڭ چىرايىنى ئەسلەپ ئاھ تارتقىنىدا، پەلەكتە قۇياش بىلەن بىللە ئۆرتىنەتتى ۋە كۆزىدىن گۈل رەڭ قانلىق ياشلىرىنى شۇنداق ئاققۇزاتتىكى، ئالەمنى قىزىللىق قاپلاپ، ئاي بىلەن قۇياشمۇ شەپەق ئىچىگە غەرق بولاتتى. يار چېھرىدىكى ئاشۇ خال شاھنىڭ كۆز ئالدىدىن كېتىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى كۆزى ئىچىدىن چىقىپ كەتكەنىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ، كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئۈستىدە گىرۋىلدىشاتتى. يار لەۋلىرىنىڭ ئىشتىياقىدا شاھنىڭ جېنى چىقىپ كېتىۋاتاتتى، كۆزىنىڭ قان-ياشلىرىدىن دەشتلەرنى ياقۇت رەڭگىدە قىلىپ، بەلكى ھېقىق ۋە مارجانلارغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. شاھنىڭ كۆڭۈل ۋە جېنى بۇ ئىشتىن زىيان تارتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ پەرىنىڭ ئېغىزىدىن بىر زەررە مەلۇم قىلمايتتى. ئۇ ئېغىز شاھنىڭ كۆز ئالدىدا گوياكى بىر مەۋھۇم چېكىتتەك نامايان بولاتتى-دە، يوقلۇق دۇنياسىدا شاھنىڭ كۆڭلىگە يۈزلىگەن ۋەھىمىلەر چۈشەتتى، شاھ ئۆزىنى ئۆلۈم ئىچىدە گۇم قىلاتتى. ئۇنىڭ چىشلىرىنى ئۈنچە تىزىقلىرى شەكلىدە خىيال قىلغان شاھ ئۆزىنىڭ كۆزىدىن ئۈنچىدەك ياشلارنى تۆكەتتى. بۇ ئۈنچىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بېشىغا ئۆلۈم مۆلدۈرى قىلىپ ياغدۇراتتى. شاھ بۇ گۈزەلنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەپ شۇنداق پەرياد-پىغانلارنى چېكەتتىكى، ھەر كىم ئۇنىڭ ئۈنىنى ئىشىتسە، ئۆلۈپ بولۇپ يەنە تىرىلەتتى. ئۇنىڭ زىناقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، شاھنىڭ كۆڭلى ئۇ زىناق قۇدۇقلىرىنىڭ ئىچىدە قاملىپ قالاتتى، شاھ ئۆزىنىڭ جان رىشتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاناپ قىلىپ، ئۇ يەردە ئىزتىراپقا تارتماقچى بولاتتى. ئۇنىڭ زىبا بويلىرىنى خىيال قىلسا، شاھ ئۇتلۇق

ئاھلارنى چېكەتتى، شاھنىڭ ئۆمۈر كۆچىتى بۇ ئاھ ئوتلىرىنىڭ
ھارارىتى بىلەن قۇرۇپ قاقشال بولاتتى-دە، روھ-جان، سەرۋى--
بوستان دېگەنلەرنى يادىدىن چىقىراتتى. ئۇنىڭ زىلۋا بەللىرىنى
ئويلىغىنىدا، شاھنىڭ جىسمى قىلدەك جانسىز بولاتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى
شاھنىڭ كۆز ئالدىدا قارا يىلاندەك نامايان بولاتتى. ئۇنىڭ
كۈمۈشتەك ئاپئاق بەدەنلىرى شاھنىڭ كۆڭلىگە يۈزلىگەن ئوتلارنى
سېلىپ، كۈمۈش رەڭ ياشلىرىنى كۆزلىرىدە سىماپتەك زاھىر قىلاتتى.
شاھ كۆزلىرىدىكى بۇ كۈمۈش ئېرىتمىلىرىنى بارچە ئالەمگە يامغۇردەك
چاچاتتى. بەھرام ئۇ گۈزەل چالغان چاڭنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە،
زەئىپ جىسمىنى نالىزاردىن چاڭدەك ئېگەتتى؛ بۇ چاڭغا جان
رىشتىسىنى تار قىلىپ سالاتتى؛ كۆڭلىگە ھاياجان ئوتلىرى چۈشۈپ،
چاڭ سادASىدەك مۇڭلۇق ئاھ-پىغان چېكەتتى. ئەمما شاھ بۇنىڭلىق
بىلەن ئۆز كېسىلىگە ھېچبىر شىپا تاپالمايتتى. بۇنىڭدىن ئۆزىگە
دەرد تاپسا تاپاتتىكى، داۋا تاپالمايتتى. بۇ دەرد-ئەلەملەردىن
شاھنىڭ ئاغرىقى تېخىمۇ كۈچىيەتتى، ئىشق كېسىلى بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ
ئۆتە قوزغىلاتتى. كۆزلىرى قان-ياشلىرىنى تۆكۈپ ھېچ قانمايتتى.
شاھ ئۆز ئۆزىدىن بىخەۋەر ھالدا ھە دەپ نالە قىلاتتى: « ئەي
تەڭرىم، بۇ نېمە ئىش؟! مەن تۈگىمەس دىشۋارچىلىقلارغا قالدىم،
ئۆز ۋاقتىدا مەن ئەجدىھا سۈپەت كىشلەرنى چۆمۈلدەك ھالەتكە
چۈشۈرۈپ قويغانىدىم. ئەمدى ئىشق ئەجدىھاسى غالىب كېلىپ،
بۇ ئەجدىھا ئۆلتۈرگۈچى تېنىمنى چۆمۈلە سىياقىغا كەلتۈرۈپ قويدى.
زۇلۇم ۋە ئادالەتلىرىم ئالدىدا شىر-قاپلانلار ئاجىز كەلگەن شاھ
بەھرام مەن ئىدىم. ئەمدى دەرد ۋە ھىجران ماڭا ئارسلانلىق
قىلغىنىدا، مەن يېرىم جانلىق قۇش بولدۇم. ئەينى چاغدا شۇ
قەدەر ھەيۋەتلىك جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزۈپ، ئۆزۈم يالغۇز
چىن-خىتاي لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلغان شاھ بەھرام مەن
ئىدىم. ئەمدى ئىشق ماڭا ئۈچ-ئاداۋەت جېڭىنى شۇنداق تۈزدىكى،
سەۋر-تاقىتىم لەشكىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. ئەسلىدە



مېنىڭمۇ ئەقىل-ھوشۇم بار ئىدى، ھەرقانداق غەم-ئەندىشە ۋە
خېيىم-خەتەرلەر ئالدىدا چىداملىق ۋە تەمكىن ئىدىم، ئەمدىلىكتە
ئىشق پۈتكۈل بالا-قازا قوشۇنىنى قوزغاپ، ماڭا سالدى. ئاھىم
ئوتلىرىدىن چىققان تۈتۈننى ئېيتايمۇ ياكى بۇ قاراڭغۇ تۈننى ئېيتايمۇ؟!
مۇنداق ئۇزۇن تۈننى كۆرۈپ باققان كىشى بارمىكىن، غەم كۈنلىرىنىڭ
مۇنداق قاراڭغۇ كېچىسىدە قالغان يەنە بىرى بارمىكىن؟! بۇ كېچىنىڭ
قاپقارىلىقى ھەم ئۇزۇنلۇقى، ھەم كۆڭۈللەرنى سىرتماق سېلىپ
باغلاشلىرى بەئەينى ئۇ ئاي يۈزلۈكۈمنىڭ چاچلىرىنىڭ ئۆزى ئىكەن
ئەمەسمۇ! خەستە كۆڭلۈم ئۇ گۈزىلىمنىڭ ئالدىدا قان بولدى.
كاشكى، مەن قان ئىچىدە بولساممۇ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولسام
ئىدىم. بۇ كېچە مېنى بۇ يەردە ئىنتىزار قىلسا، بىچارە كۆڭلۈمنى
ئۇ يەردە خارۇ زار قىلدى. ماڭا بۇنداق قاراڭغۇ گۆردەك تۈندىن
كۆرە ئۆلۈم ياخشىراق ئىدى، بۇ جاپاكار پەلەك مېنى ئۆلتۈرۈش
ئۈچۈن ئاداۋەت قىلىچىنى قولىغا ئالدى، ئەمما مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا
گۆرگە سالدى. بۇنداق قىلغۇچە بېشىمغا تىغ سۇرسە، بېشىمنى
تېنىمدىن ئۇرۇپ چۈشۈرسە ئىدى، كاشكى! » بەھرام لەشكەر
ۋە قوۋملىرىغا قاراپ يەنە نالە-زار بىلەن خىتاب قىلىشقا باشلىدى:
— ھەي لەشكەرلىرىم، ئالدىمدا بەندە بولۇپ، پەرمانىمغا
باش ئەگكەنىدىڭىز. ھەممىڭىزلاردا نازۇ نېمەتلىرىم ھەققى بار
ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان يۈزلەرچە ھەققىياتىم بار. ئۆز ۋاقتىدا ماڭا
خىزمەت قىلىپ جەڭلەر قىلىش ھەققىدە لاپ ئۇراتتىڭىزلار. ھازىر
قىلىچىڭىزلار سۇنۇپ كەتتىمۇ، قولىڭىزلاردىن ھېچ ئىش كەلمەمدۇ؟!
مېنىڭ يۈز مىڭلىغان بالا-قازالار بىلەن ھەر نەپەستە بىر
ئۆلۈپ-تىرىلىۋاتقانلىقىمغا قاراپ تۇرماڭلار. تىغ بىلەن كۆكسۈمنى
يېرىپ، بىر-ئىككى زەربە بىلەنلا مېنى ھالاك قىلىڭلار، جىسمىم
قەپىسىدە قىينىلىۋاتقان بۇ ناتىۋان جېنىمنى قۇتقۇزۇڭلار! مەن
ئۇنىڭغا قېنىمنىلا ئەمەس، يۈز جېنىم بولسىمۇ تۆلەم قىلىپ بېرىشكە
رازىمەن. ھەي مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانچىلىق يوقمۇ، دوستلارنىڭ

دوستلۇقى تۈگىدىمۇ؟! مېنىڭ دادىمغا يېتىپ، مېنى بىرلا ئۆلتۈرۈۋىڭلار--دە، مىڭلىغان ئۆلۈمدىن مەن بىچارىنى بىراقلا خالاس قىلىڭلار!

شاھ بەھرام شۇ يوسۇندا يىغا-زارە قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە قانلىق تۇپراق ئۈستىدە پۇچۇلاندى. سۈبھى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ قۇشلىرى سايراشقا باشلىغاندا، شاھ بەھرام ھوشىدىن كەتتى، ئۇ ئەس-ھوشىنى شۇ دەرىجىدە يوقاتتىكى، كىشىلەر ئۇنىڭدا جان يوق دەپ گۇمان قىلىشتى. پەلەك شۇ قاتارلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپ بولغاندىن كېيىن خالايىقلار ئارىسىدا قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلدى. بەھرامنىڭ خىزمىتىدە بولغان شاھلار تەرەپ-تەرەپتىن يىغىلىپ كېلىپ قۇللۇق ئىزھار قىلىشتى. ئۇلۇغ-ئۇششاق بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز باشلىرىغا ئۇرۇپ ساقاللىرىنى يۇلۇپ، ھەددىدىن زىيادە بىقارار بولۇشتى، ئۇلار ھەممىسى مۇسىبەتدارلاردەك ماتەم ئىزھار قىلىشتى. ئاقىۋەتتە ئۇلار تونۇپ يەتتىكى، يىغا-زارىدىن ئىش پۈتمەيدۇ، مۇنداق قىلىش بىلەن چارە-تەدبىر تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىر ئالىي مەجلىس تۈزگەن مۇۋاپىق. ئۇلار مەجلىستە ئۇزۇن تالاش-تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن ھەممىسى بىردەك ھالدا مۇنداق قاراشقا كەلدى: شاھ بەھرام دېگەن بويىچە داۋالىغاندا گەرچە بۇ كېسەل بىراقلا ساقايسىمۇ، لېكىن تېۋىپ، ھۆكۈمالار بۇنداق داۋالاشنى مۇناسىپ كۆرمەيدۇ، بۇ خىل داۋا، بۇ خىل شىپانى ھېچ كىشى لايىق تاپمايدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ شاھنى مەپىگە سالدى-دە، باياۋاندىن شەھەر تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. شاھنى شەھەرگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن بىر گۈلشەن ئىچىگە چۈشۈردى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بەھرامنىڭ جىسمى كۆڭۈل ئوتلىرى بىلەن قايناۋاتاتتى. ئۇ كەچ كىرگەندىن كېيىنمۇ ھوشىغا كەلمىدى، سەلتەنەت تەختىنى شاھتىن خالىي كۆرگەن ئەلنىڭ ئەھۋالى پىتنە-پاساتتىن خالىي بولالمىدى.



## بەھرامنىڭ ئۆز پەرىسى ھىجرانىدا سەۋدايى بولغانلىقى، تېۋىپ-ھۆكۈمالار ئۇنىڭ پەرىشان خاتىرىگە شىپا ئىزدەپ، ئۇزۇن زامان تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى، كۆپ چارە-ئاماللار ئارقىلىق ئاخىر بەھرامنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكى، بەھرامنى ساياھەت قىلدۇرۇپ، سەۋداسىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، يەتتە ئىقلىم سۇلتانلىرىنىڭ يەتتە ئالىي قەسىر بىنا قىلغانلىقى

سىرلىق ئەفسانىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بىلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

شاھ بەھرام سەلتەنەت تەختى ئۈستىدە ئورۇنلاشتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئەتىدىن كەچكىچە ئەقىل-ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ جىسمى ئۆلۈكتەك، سەلتەنەت تەختى بولسا ئۇنىڭغا بىر تاۋۇتتەك بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى ھەرقانداق كىشى، مەيلى ئۇ شاھلىق تەختى ئۈستىدە ئورۇن تۇتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاقىۋەتتە يەنىلا ئۇ تاۋۇت تاختىسى ئۈستىدە ئورۇن ئالىدۇ.

كەچ كىردى، تۈن لەشكەرلىرى شاھ بەھرامنىڭ نېرۋىلىرىنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جاھانغا ئىپار پەردىسىنى يايدى. شاھ كۆزىنى ئاچتى-دە، بىردەم خامۇش بولۇپ ياتتى. ھايال ئۆتمەيلا يەنە ئۇنىڭ يارى يادىغا يېتىپ، پەرياد-پىغان قىلىشقا باشلىدى. نالە-زارى يەتتە قات كۆكتىن ھالقىدى. ئاھۇ پەريادى پەلەكتىن ئاشتى. ئۇنىڭ بۇ پەلەك گۈمبىزى ئىچىدىكى «ئاھ خۇدا! ...» دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرىدىن يۇلتۇزلار قوشۇنى ئىچىگە قىقاس-چۇقانلار چۈشەتتى. ئۇ جان-جەھلى بىلەن نالە-پىغان قىلاتتى. ئاھ-پەرياد ئوقلىرىنى يۇلتۇزلار كۆزىگە توختاۋسىز ھالدا ئاتاتتى. شاھ ئۆزىنى خۇددى ئالدىنقى ئاخشامدىكىگە ئوخشاش خاراب ۋە مۇشەققەت ئوتلىرى بىلەن جىسمىنى كاۋاپ قىلىشقا باش

لمدى. ئۇنىڭ تىنى ھىجران ئوتلىرىدا قورۇلۇشقا، بۇ كۆڭۈل رەڭ پەلەك ئۇنىڭ ئاھ-پەريادىنىڭ بورانلىرىدا كۆلدەك سورۇلۇشقا باشلىدى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. تاڭ شامىلىدىن ئۇنىڭ جىسمى تېخىمۇ ھالسىزلىنىپ كەتتى-دە، يەنە كەچكىچە ھوشسىز ياتتى. ئۇنىڭ جىسمى ھەر ۋاقىت ئۆلۈمگە مايىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھالى ئەنە شۇ خارابلىق ئىچىدە نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تاقەتسىزلىكتىن ئۇنىڭ جىسمىدا ماغدۇر قالمىدى، ئىشق ئازابى بىلەن پىراق زۇلمى ئۇنىڭ ئەقىل-ئىدراكىنى ساق قويمىدى، ساغلاملىق ئۇنىڭ مىجەزىدىن يوقالدى. ئۇنىڭ تاردەك جىسمى ئازاب ئىچىدە ئۇزۇلەي دەپ قالدى. سۆيگۈ سەۋداسىدىن ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بۇزۇلۇپ، ئەقىل-ھوشى ساراڭلىققا ئالماشتى. ئۇ بىر پەس ھوشىغا كەلسە، كۆنلەپ بىھوش ياتاتتى. ئۇنىڭ مىجەزى ساغلام بولمىغاچقا، يېمەك-ئىچمەكتىن قېلىپ، جىسمىدىن قۇۋۋەت كەتتى. بىئاراملىق ۋە چۇقان-سۈرەنلەردىنمۇ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ مادارى يەتمىگەنلىكتىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈننى ئاڭلىيالمايەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نالە-زار قىلغۇدەكمۇ كۈچ قالمىغانىدى، سۆزلىرىدە ھوشىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۆز سۆزلىرىدىن ئۆزى بىخەۋەر ئىدى. ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قوشۇنى ئىچىدىكى بارلىق دانىشمەنلەر ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، يىغا-زارە قىلىشاتتى. ئۇلار بۇ ئىشقا ئىلاج تېپىلارمىكىن دەپ تەمە قىلىشىپ، پۈتۈن ۋەزىر-ۋۇزرا، ئەمىر-ئۆلىمالار يىغىنىنى ئېچىشتى. ئىلىم-ھېكمەتتە ماھىر تۆت يۈز نەپەر ھۆكۈمانى شاھنىڭ تەختى ئالدىدا ھازىر قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تۈرلۈك پەنلەرنىڭ تەڭداشسىز ئالىملىرى ۋە تىبابەت ئىلمىنىڭ ماھىر ھېكىملىرىدىن ئىدى. ھۆكۈمالار تولۇق يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋەزىر ۋە سەركەردىلەر ئارىسىدىن بىرى ئۇلارغا مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

— شاھ بەھرام نەچچە يىلدىن بىرى ھەر بىرىڭىزلارنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلىپ كەلدى. جانابىڭىزلار شاھنىڭ مەئىشەتلىرىدىن



مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىن پەرۋىش تېپىپ ئۆسكەن؛ ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ۋە لۇتپۇ مەرھەمىتىگە كۆپ ئېرىشكەن ئىدىڭىزلار. شاھ ئۆزىگە قاچانكى بۇ تەتۈر پەلەكتىن ئاغرىق يەتكەندە، ھەر بىرىڭىزلارنى چارە-ئامال قىلىدۇ دەپ ئىشەنچ قىلاتتى. ئەنە شۇنداق كۈن مانا ئەمدى يېتىپ كەلدى. قولىڭىزلاردىن كېلىشىچە ئىلاجىنى قىلىڭىزلار. چۈنكى شاھنىڭ جانابىڭىزلارغا كۆپ مېھىر-شەپقىتى بار ئىدى، ھەر قايسىڭىزلارنىڭمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خىزمەت كۆرسىتىدىغان پەيتى يېتىپ كەلدى. ئەگەر شاھنىڭ دۈشمەنلىرى ھۇجۇم قىلغان بولسا، بىزمۇ شاھ ئۈچۈن جان پىدا قىلغان بولاتتۇق. ئۇ ئىشتىن ھەرگىز ئۆزىمىزنى قاچۇرماي، جەڭ مەيدانلىرىدا جېنىمىزنى قۇربان قىلار ئىدۇق. بىراق شاھقا بۇنداق كېسەل چاپلاشتى، بىز چارىسىز قالدۇق. بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن ھەر قايسىڭىزلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

ھۆكۈمالار بۇ خىتابنى ئاڭلاپ بىر پەس خىيالغا چۆككەندىن كېيىن ئۇنىڭ جاۋابىغا ئېغىز ئاچتى:

— بۇ سۆزىڭىزلەر بەرھەق راست، شۇڭا بىز سىزلەرگە ئاپىرىن ۋە بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمايمىز. لېكىن ئىشق-مۇھەببەت بىلەن ئاغرىغان كىشىنى داۋالاش ھېكىم ۋە تېۋىپلارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئىشق ئوتىدىن ئۆرلىگەن قىزىتمىنى كافۇر شىرنىسىدىن ئىشلەنگەن كاشكاپ بىلەنمۇ قايتۇرغىلى بولمايدۇ. ئىشق ئوتى ھارارەت سالغان يۈرەككە ۋىسال دەرياسىدىن قېنىپ ئىچمەكتىن ئۆزگە داۋا يوق. شاھ ئەگەر مىجەزى بۇزۇلۇشتىن ئاغرىغان بولسىدى، ئۇنىڭ كېسىلى ھەرقانچە ئېغىر بولغان تەقدىردىمۇ، بىز ئۇنىڭغا تىبابەت ئارقىلىق ئامال قىلىپ، ساقايتقان بولاتتۇق. بىراق بۇ كېسەل ئىشق دەردىدىندۇر. ئىشق لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت، ئۇنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ چارە-تەدبىرىمىز بىر خەس-خەشەكتىنلا ئىبارەت. بىز شۇنداقتىمۇ تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، بۇ ئاغرىقنى

ساقايتىش ئۈچۈن تىرىشايلى، ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىچە ئىلاجىنى قىلايلى. شاھنىڭ ئەقىل-ئىدراكىنى ساغلاملىققا ئېرىشتۈرۈش ۋە تەبىئىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، پۈتكۈل ماھارىتىمىزنى ئىشقا سالايلى، ئۇنىڭ مىجەزىگە ساغلاملىق ئېلىپ كېلىدىغان مەشھۇر دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتەيلى.

ھۆكۈمالار بۇ ئىشنى ئەنە شۇنداق سۆزلەر بىلەن قوبۇل قىلىپ، شاھنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز دېمەي ئىشلەيتتى. شاھنىڭ دەردىگە داۋا تېپىش ئۈچۈن، ھۆكۈمالاردىن يۈز كىشى تەڭرىگە كېچە-كۈندۈز ئارام تاپماستىن تائەت-ئىبادەت قىلىپ، نەزىر-سەدىقىلەر بېرىپ، شاھنىڭ ساقىيىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. جىن-شايا تۇنلارنىڭ تەسىرى بولسا تۈگىتىش ئۈچۈن يەنە يۈز كىشى تۈرلۈك ئاھاڭلاردا ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ خىلمۇ خىل تىلتۇمارلارنى يېزىپ، ۋەزىپە ئايەتلىرىنى ئوقۇشقا چۈشتى. يەنە يۈز كىشى جىمى ئۆتكەن ھۆكۈمالارنىڭ تەجرىبە ھېكمەتلىرىنى توپلاپ، سىناق قىلىپ، ھېكمەت كىتابلىرىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن تىبابەت ھېكمەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، شاھنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئامالىنىڭ بارىچە سايە-سەۋەب قىلىشقا باشلىدى. يەنە يۈز كىشى بۇي-ئىسرىق سېلىش ئۈچۈن سەندەل ۋە ئۇدلارنى كەلتۈرۈپ، يېمەك-ئىچمەك ۋە دورا-دەرمەكلەرنى ياساپ تەييارلاشقا، داۋالاش ئىشلىرىغا كېتەرلىك ئەسۋاب-سەرەمجان ۋە باشقا لاۋازىمەتلىكلەرنى ھازىرلاشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تۇتۇش قىلدى. شاھ بەھرامنى داۋالاش ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلغان بۇ پاك دىيانەتكە ۋە مۇبارەك ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە تۆت يۈز ھۆكۈمانىڭ پۈتكۈل يەر يۈزىدە تەڭدىشى يوق ئىدى. بۇ تۆت يۈز ھېكىم يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۇخلاپ ئارام ئېلىش دېگەننى ئۇنتۇپ پۈتكۈل چارە-ئامال ئەسلىھەلىرىنى تەق قىلىپ، ئىككى يىلغىچە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. نەتىجىدە شاھنىڭ ئەھۋالى مەلۇم جەھەتتە ياخشىلىنىشقا باشلىدى.



ھۆكۈمالارنىڭ سان-ساناقسىز ھۈنەر ۋە ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشى ئارقىلىق شاھنىڭ سەۋداسى سەل بېسىقتى؛ شىپالىق دورىلار ۋە پايدىلىق تاماقلاردىن ئۇنىڭ جىسمىغا كۈچ-قۇۋۋەت، نېرۋىسىغا ئەقىل-ئىدراك پەيدا بولۇپ، سالامەتلىك تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى.

ئەلقىسسە، شاھ بەھرام شۇنچىلىك شىپا تاپقاندىن كېيىن، ھېكىم-ھۆكۈمالار بىلەن ۋەزىر-ۋۇزرالار بۇ ئەھۋالنى ئارىغا سېلىشىپ، مەسلىھەت قىلىشقا كىرىشتى:

— شۇنداق بىر ئىش قىلىش كېرەككى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى سۆز جاۋاھىرلىرىنى تۆكۈپ، — بۇ ئىش بىلەن شاھنىڭ سەۋدا كېسىلى پۈتۈنلەي شىپا تاپسۇن. بۇنداق ئىشلاردىن بىرى — قەسىر ۋە ئىمارەت بىنا قىلىشتۇر. ئۇنى سەيلە ۋە تاماشا قىلدۇرۇش شاھنىڭ سەۋداسىنى داۋالاشتا ناھايىتى كۆپ نەتىجە بەرگۈسىدۇر. شۇڭا ماھىر بىناكارلار خىلمۇ خىل ۋە ئۆزگىچە شەكىلدىكى گۈزەل قەسىر-ئىمارەتلەرنىڭ لايىھەلىرىنى تۈزۈپ چىقسۇن. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى ھەرقانداق سەۋدايى ئادەم ئۇنى سەيلە-تاماشا قىلسا شىپا تاپىدىغان دەرىجىدە كۆركەم ۋە نەپىس بولسۇن.

ۋەزىر، ئەمىرلەر باشچىلىقىدىكى بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى دەرھال ئىمارەت ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىپ، كېرەكلىك ئەسلىھەلەرنى تەييارلاشقا كىرىشتى. يەتتە ئىقلىمنىڭ خان ۋە خاقانلىرى بەھرام شاھنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى زەئىپلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشكەنىدى. چۈنكى ئۇلار بەھرام شاھقا تەۋە ئىدى. شۇڭا ئۇلار كېچە-كۈندۈز قۇللۇق ئىزھار قىلىپ، شاھنىڭ بوسۇغىسىغا باش قويۇشقانىدى. بۇ خان ۋە خاقانلار ئىچىدىن بىرەر دىشۋارچىلىققا يولۇقۇپ، كېلەلمەي قالغانلىرىمۇ شاھنىڭ قۇلدەك خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئىنىسى ياكى ئوغلىنى ئەۋەتىشكەنىدى. بۇ يەتتە بۈيۈك شاھ يېتىپ

كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇلار شاھ بەھرامنى سالامەتلىككە ئېرىشتۈرۈپ، ئىززەت-ئابرويىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەر بىرى بىر خىزمەتكە مەسئۇل بولدى. ئۇلار ھەممىسى جان-دىلى بىلەن كېچە-كۈندۈز شاھنىڭ دەردىگە داۋا تىلەپ، رەنجىگە شىپا ئىزدەشكە مەشغۇل ئىدى. ئىمارەت بىنا قىلىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەنلا، بۇ يەتتە پادىشاھ ئالدىغا چىقىپ يەر سۆيگەن ھالدا:

— بىز ھەر بىرىمىز بىردىن قەسىرنى ياساشقا مەسئۇل بولساق، بار كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، كېچە-كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاز مۇددەت ئىچىدە پۈتۈن قەسىرنى جىمى رەڭ-بىزەك، زىب-زىننەتلىرى بىلەن قوشۇپ تولۇق تاماملىساق. شاھ بەھرام ھەر كۈنى كېلىپ، ئۇ بىنالارنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى كۆرۈپ تاماشا قىلسا، — دەپ ئىلتىماس قىلىشتى.

شاھ بەھرام ئۇلارغا رۇخسەت قىلىپ، بۇ شاھلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆز دىيارلىرىغا ماڭىدىغان يول بويىغا بىردىن ئالىي ئىمارەت بىنا قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى ئالەم ئەھلى ئۇ يوللاردىن ئۆتكەندە، داۋاملىق بۇ ئىمارەتلەرگە چۈشۈپ، مۇرادلىرىنى ھاسىل قىلىپ ئۆتۈشىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. پادىشاھلار بۇ ئىشنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشتى. ئۇلار دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، ئاسمان قەسرى كەبى يەتتە بۈيۈك ئىمارەتنىڭ پىلان-لايىھىلىرىنى تۈزدى. ئۇلارنىڭ ئىشلەۋاتقان چاغدىكى سادالىرى ئاسمان ئاستىدا توختىماستىن ياڭراشقا باشلىدى. بۇ پەلەك گۈمبىزىنىڭ ئىچى ئەلنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى بىلەن تولدى. ماھىر بىناكارلار پەلەكتىن سۇ، ئاي ۋە قۇياشتىن خىش كەلتۈرۈپ، بۇ يەتتە جەننەتنى يەر يۈزىدە قۇرۇشقا باشلىدى. ئۆزگىچە شەكىلدىكى گۈزەل قەسىرلەر ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولدى، شاھ بەھرام بۇ ئىمارەتلەرنى تاماشا قىلىشقا شەيدا بولدى.



## يەتتە پەلەكتەك يەتتە قەسىرنىڭ پۈتكەنلىكى، مانى رەسسامنىڭ ھەر بىر قەسىرنى ئۆزگىچە رەڭ بىلەن نەقىشلەپ چىققانلىقى، ئۇ يەتتە قەسىردە يەتتە ئىقلىم سۇلتانلىرىنىڭ قىزلىرى بەھرامغا نىكاھلانغانلىقى، بەھرام ھەپتىنىڭ ھەر بىر كۈنىدە بىر قەسىرگە كېلىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەت قۇرغانلىقى

*سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشىق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىبلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:*

ۋاقتىكى، بىناكار ئۇستىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، يەتتە ئىقلىم سۇلتانلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە تەقسىم بولغان قەسىرنى ياساپ تاماملىدى. ئەمما بىنالار پۈتۈپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىمۇ شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ تاماشىسىدىن ھامان بەھرىمەن بولۇپ تۇردى. شاھ بەھرام بۇ يەردىكى ھەر بىر ئاجايىپ-غارايىپ تاماشىغا نەزەر سالغىنىدا، ئۇنىڭ ئىشق سەۋداسىغا بۇ تاماشىلار ناھايىتى كۆپ ئارام بېرەتتى. بۇ قەسىرلەرنىڭ يۈكسەكلىكى پەلەككە تەڭلەشكەنىدى، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ بۇ بۈيۈك ئىمارەتلەرنى بىنا قىلغۇچىلارنىڭ قەدىر-قىممىتى بولسا، پەلەكتىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. بىراق شاھ بەھرامنىڭ خەستە كۆڭلىدە ئىشق سەۋداسى بىلەن ئىشتىياق ۋەسۋەسىسى تېخى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇ ئىمارەتلەر پۈتكەندىن كېيىن شاھ بەھرام ھەممىسىنى كۆرۈپ تۈگەتتى ۋە تاماشا قىلىشتىن توختىدى. ھۆكۈمالارنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مۇنداق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى:

— ئەمدى شاھنىڭ داۋاسى شۇنىڭدىن ھاسىل بولدۇكى، بۇ ئىمارەتلەرگە خىلمۇ خىل رەڭ ۋە نەقىشلەرگە ماھىر رەسسام-نەققاشلار سۈرەت ۋە نەقىشلەرنى سىزسۇن. ھەربىر قەسىرنىڭ سۈرەت-نەقىشلىرىگە نەچچە خىل ھۈنەر-سەنئەتلەرنى ئىشلەتسۇن، ھەربىر سەنئەت ئىچىدە يۈز مىڭلىغان سىھىر-نەيرەڭلەرنى نامايان قىلىپ، بۇ قەسىرگە زىننەت بەرسۇن. نەققاشلار بۇ قەسىرلەرنىڭ ئىچىنى قانداق سىھىرىي ھۈنەرلەر بىلەن نەقىشلىسە، سىرتىغىمۇ شۇ تەقلىدتە كاھىشلارنى ئىشلىسۇن.

بارلىق ھۆكۈمالار ۋە سۇلتانلار مانىنى چاقىرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇردى:

— ھەي ئۇستاز، — دېدى ئۇلار مانىغا، — سەن جىمى ھۈنەرلەردە ماھىرسەن. بۇ ئىشقا باشتىمۇ سەن سەۋەبچى بولغانىدىڭ. شاھ بەھرام سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن شاد-خۇراملىققا ئېرىشكەنىدى. ئەمدى يەنە ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە خۇشاللىقىغا ئۆزۈڭ سەۋەبكار بولغايسەن. بۇ يەتتە قەسىرنى يەتتە قىسمى رەڭ بىلەن زىننەتلەشكە كىرىشكىن. ئۇنى بارلىق ماھارىتىڭنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، كۆڭلۈڭ خالىغانچە نەقىشلىگىن، دانالار سەندەك بىر ئۇستازغا ئۇنداق قىل ياكى مۇنداق قىل دېمەس، چۈنكى بۇنداق دېيىش ئەدەب جۈملىسىدىن ئەمەس. مانى ئۇلارنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن قىلغان بۇ ئىلتىماسلىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قوبۇل قىلدى.

— ئۇنداقتا، سىزلەر بۇ ئىشقا لازىملىق نەرسىلەرنى تەييار قىلىڭىزلار، — دېدى مانى ئۇلارغا.

ئۇلارمۇ مانىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا تۇتۇش قىلدى. ھەرقايسىسى ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. مانى ئىش بېشىغا بېرىپ، يۇرتنىڭ بارلىق رەسسام-نەققاشلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئىش بۇيرۇشقا باشلىدى. مانى بارلىق نەققاش ۋە رەسساملارنى يەتتە قىسىمغا بۆلدى. ئۆزى رەسىم ۋە نەقىش لايىھەلىرىنى تۈزۈپ بەردى. ئۇ ھەربىر ئىش



ئورنىغا بارسا، شۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەرەمجانلاشتۇراتتى.

شاھ بەھرام يەنە بۇ ئىمارەتلەرگە كېلىپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە سەيلە-تاماشا قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ھەر نەپەستە يېڭى ۋە ئۆزگىچە رەسىملەرنى كۆرۈپ، شۇنىڭ خىيالى بىلەن ئۆزىنى مەشغۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھەر تەرەپكە مايىل بولاتتى. بۇ نەقىشلەر ئۇنىڭ خىيالىنى جەلپ قىلىۋالغاچقا، قەلبىدىكى ئىشق ئوتىنىڭ نەقىشلىرىنى ئۇنتۇپ، كۆيۈش-ئۆرتىنىشلىرى بېسىقتى.

نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قەسىرلەرمۇ زىننەتلىنىپ پۈتتى. قەسىرلەرنىڭ ھەربىرى رەڭگارەڭ نەقىش-سۈرەتلەر بىلەن بېزىلىپ بولدى. گەرچە شاھنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىشقنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئوتلىرى ئاز قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمالار بۇنىڭغا سەل قارىماي كۆپ تەدبىرلەرنى قىلىشتى:

— ئەمدى شاھنىڭ پۈتۈنلەي شىپا تېپىشى، كېسىلىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل يوقىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەدىنىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش كېرەك، — دېدى ئۇلار ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى تۆكۈپ، — بۇنىڭ چارىسى شۇكى، بىنا قىلىنغان بۇ يەتتە ئالىي قەسىر ئىچىدە يەتتە ھۆر سۈپەت مەشۇق بولۇشى كېرەك. پادىشاھلار ئارىسىدا كىمنىڭ گۈزەل ۋە ئەقىللىك قىز پەرزەنتى بولسا، ئۇ شاھ بەھرامنىڭ سىردىشى بولۇشقا لايىقتۇر. شاھ بەھرام ئۇنى نىكاھىغا ئېلىپ، قەسىر ئىچىدە ئارام ئالسۇن.

ئۇلار ھەممىسى بۇ خۇسۇستا ئىزدەندى. يەتتە پادىشاھنىڭ يەتتە نەپەر پەرى سۈپەت قىزى بار ئىدى. ئۇلار ئىپپەت پەردىسى ئىچىدە ساقلىنىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى گۈزەللىك ۋە ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە جانلارغا ئاپەت، بەلكى جاھانغا ئوت-ھارارەت سالاتتى. ئۇلار گويا پاكلىق پەردىسىدىكى تولۇن ئاي، ياق، بەلكى پەلەك پەردىسىدىكى نۇرلۇق قۇياش ئىدى.

ئۇلار بەئەينى گۈزەللىك بۇرجىدىكى پارلاق يۇلتۇز ئىدى. ئۇلار ھېچ كىشىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىگەن، لاتاپەت سەدىپى ئىچىدىكى پاك گۆھەرلەر ئىدى، ئەمما بۇ گۆھەرلەر تېخى سەدەپتىن تېشىلمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تەرىپ-تۆسىپىنى قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ ئىشقا چېچەن سۆز ئۇستىلىرىنىڭمۇ تىلى ئاجىز، قەلىمى چولتا كېلەتتى. ئۇلار گۈزەللىكتە ئاي ۋە قۇياشتىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. ھەممىسى شاھ بەھرامنىڭ نىكاھىغا لايىق ئىدى. بىراق بۇ سۆزنى ئۇ يەتتە ئىقلىم شاھلىرىغا ئاشكارىلىمىدى. ئەمما شاھلارمۇ پىنھانلىق پەردىسىگە يۆركەنگەن بۇ تېپىشماقنى سەزمەي قالمىدى. ئۇلار ھەممىسى يەر ئۆپكەن ھالدا:

— بۇ ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلمەن ياكى رەت قىلمەن دېيىشكە بىزنىڭ نېمە ھەددىمىز بولسۇن؟ پادىشاھى ئالەمنىڭ رايى قانداق بولسا، بىزنىڭ رايىمىزمۇ شۇنداق بولغۇسىدۇر. بۇ خۇددى زەررىچىلەر-نىڭ قۇياشقا يېتىشكىنىدەك، قەترىلەرنىڭ دەرياغا قوشۇلغىنىدەك بىر ئىشتۇر، — دەپ، ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

ئەلقىسسە، بۇ مەسلىھەت پىشتى. شاھ بەھرام پادىشاھلار قائىدىسى بويىچە شادلىق تويلىرىنى قىزىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. توي رەسمىيەتلىرى ئەلا دەرىجىدە ئورۇندالدى. ئۇ ئاي يۈزلۈكلەر شاھ بەھرامنىڭ جۈپلۈكىگە قارار تاپتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر تەرەپكە يۈزلۈپ، ئاتىسىنىڭ قەسرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئەمدى ۋاقىتشۇناس ھۆكۈمالار سائەت ئىشلىرىنى قىياس قىلىپ، مۇنداق دېيىشتى:

— ھازىر شاھنىڭ ئارزۇسىغا يېتىدىغان پەيت، ھەرەم ئەھلىگە پەرۋا قىلىشى، ئۇلارنى بۇ ئارقىلىق ئەزىز ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلغىنى مۇۋاپىقتۇر. شاھ ئەتە شەنبە كۈنى شاراپەتلىك يۇلتۇزلار تۇغقاندا، ئىپارسىمان قەسىر ئىچىدە تەخت تۈزۈپ، ئىپار ھىدلىق مەيلەرگە ئېغىز تېگىپ ئولتۇرغاي.



**شەنبە كۈنى شاھ بەھرامنىڭ ئىپاردەك قاپقارا كىيىملەرنى كىيىپ، ئىپارسىمان قەسىرگە كەلگەنلىكى ۋە ئۇ يەردە ئىپار كىيىكى بىلەن ئىپار ھىدلىق شارابلارنى ئىچكەنلىكى، شاھ بۇ مەشغۇلات ئارقىلىق ھىجران ئوتىنىڭ تۈتۈنلىرى قارايتىۋەتكەن كۆڭۈللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كەچكە يەتكۈزگەنلىكى**

*سىرلىق ئەفسانىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت ئەھلىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلدۇ:*

شەنبە كۈنىنىڭ سۇبھىسى قاراڭغۇ كېچىنىڭ يۈزلىرىگە كاپۇردەك ئاپئاق شايىسىنى يايدى. بەھرام ئۇ چىن سەنىمىدەك سېھىرلىك، لەۋلىرى جان بېغىشلىغۇچى، چاچلىرى كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى ھىندى گۈزىلى بىلەن ئىپار ھىدلىق شارابلارنى ئىچىش ئۈچۈن، ئىپارسىمان قەسرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ھىندى گۈزىلى گوياكى ئاينىڭ كىيىملىرىدەك قاپقارا لىباسلارنى كىيگەن، ئۇ لىباسلارغا بەئەينى يۇلتۇزلاردەك يارقىن بېزەكلەرنى تاقىغان، ئۆزى ئورۇنلاشقان تەختىگىمۇ ئىپار رەڭلىك رەختلەردىن يوپۇقلارنى ياپقان ھالدا، خۇددى ئىپار ئۈستىدە ئورۇنلاشقان چىن كېيىكىدەك ئولتۇراتتى. ئۇ گۈزەلنىڭ ئاشۇ ئولتۇرۇشلىرى كىشىگە زۇلمەت ئىچىدە جىلۋىلىنىۋاتقان ئابىھاياتنى ئەسلىتەتتى. شاھ بەھراممۇ ئىپاردەك قاپقارا كىيىملەرنى كىيىپ، ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇ جەمشىد سۈپەت شاھ تەخت ئۈستىگە چىققىنىدا، بۇ ھۆر سۈپەت گۈزەلمۇ ئۇنىڭغا ياندىشتى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىچە ئىپار ھىدلىق شارابلارنى ئىچىشتى. كەچ كىردى، ئالەم يۈزى ئەنبەردەك قارايدى. بۇ كۈنى ھەممە كىشى شاد-خۇرام بولدى. لېكىن شاھ بىزەۋەتلىك ئىچىدە مەيۈسلىنىپ ئولتۇراتتى. ھۆكۈمالار ئۇ ھىندى پەرىسىگە

تاپىلاپ، شاھنىڭ كۆڭلىنى سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە مايىل قىلىش، ئەمما، باشقا ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق قىلىشنى بۇيرۇغانىدى، ئۇ ئاي يۈزلۈكمۇ بۇ تاپشۇرۇققا بىنائەن بەھرامدىن ئۆزىنى تارتتى. چۈنكى شاھ بەھرامنى داۋالاشتا، ئۇنىڭ كۈندۈز كۈنلىرىنى شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، كېچىسى ئۇنى تولۇق ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈش بەلگىلەنگەنىدى. بىراق شاھنىڭ كۆڭلىگە غەم تۈنلىرى قايغۇ سېلىپ، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئۇ ھىندى ئاي يۈزلۈكى ئۆز پەردىسىگە پۈركەنىدى. شاھقا ئالەم قاراڭغۇ بولدى. شاھ ئۆز دىلبىرىنىڭ چاچلىرىنى ئەسلەپ، تۈن بويى قىلدەك تولغىناتتى. بۇ غەم كېچىسىنىڭ ئۆز جېنىغا ئازاب سېلىشىنى ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ جىسمىنى خاراب قىلىشىنى بىلگەن شاھ بىر-ئىككى خىزمەتكارىنى چاقىرىپ، پەرمان چۈشۈردى:

— سىلەر مۇشۇ قەسىر ئالدىدىكى يولغا چىقىپ، بۇ ياققا كېلىۋاتقان ھەرقانداق كىشى بولسا ئېلىپ كىرىڭلار. ئۇ كىشى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىدىن بىرنەچچە ھېكمەتنى بايان قىلىپ، ئەپسانە سۆزلىسە، ئۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا مايىل بولار. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈننى ئاسانراق تاڭ ئاتقۇزسام ئەجەب ئەمەس.

خىزمەتكارلار چىقىپ، بىر جاھانگەشتە مۇساپىرنى تېپىپ كىردى، ئۇ گوياكى بۇ ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەكتەك توختىماي سەپەر قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ مۇساپىر قەسىرگە كىرگەندىن كېيىن شاھ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئەپسانە سۆزلىگۈچى مۇساپىر يەر ئۆپۈپ ئولتۇردى. شاھ بەھرام ئۇنىڭغا پەرمان چۈشۈرۈپ، ھېكايە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ مۇساپىر ئەپسانە سۆزلەش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېقىملىق بىر ئەپسانىنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ شاھ بەھرامغا كۆپ دۇئالارنى قىلىپ، غەم-قايغۇدىن قۇتۇلۇشقا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئاندىن ئۆز ئەپسانىسىنى باشلىدى.



# بىرىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزلىگەن ئەپسانىسى

ھىندى مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شاھلىق ئىشلىرىدا ھەددىدىن تاشقىرى ھوشيار ۋە دانا ئىدى، لەشكىرىنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. خەزىنىلىرىمۇ سان-ساناقتىن تاشقىرى ئىدى. ئۇ قوشۇن سەردارى ئۆزىنىڭ ھىندى تىغىنى غىلىپىدىن چىقارسا، خىتاي ۋە چىن، بەلكى كەشمىرگىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا كىرگۈزەلەيتتى. پەلەك ئۇنىڭ تەختى ئۈستىدە سايىۋەن بولغانىدى. سەرەندىپ شەھىرى ئۇنىڭ پايتەختى ئىدى. ئۇ شاھنىڭ ئىسمى جۇرئەتخان بولۇپ، لەقىمۇ خان ئىدى. بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ مەملىكىتى ۋە بايلىقىغا ھەسەت قىلىشىپ، يۈزلەرچە ھەسرەت چېكەتتى. پۈتكۈل ئالەمگە ئۇنىڭ شان-شۆھرەت ۋە ھەشەمىتى تارالغانىدى. جۇرئەتخان دېسە، جىمى خالايىق بىلەتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ پادىشاھنىڭ بىر بەختلىك پەرزەنتى بار ئىدى. بۇ پەرزەنت پادىشاھنىڭ جان-جىگىرى ۋە كۆڭۈل قۇۋۋىتى ئىدى. ئۇ بارچە ئىشلاردا دانىشمەن ئىدى، بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆز زامانىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ھۆسن-جامالدا ئۆز دەۋرىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان بىر گۆھىرى ئىدى. ئاتىسىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ بىلەن خۇشال ئىدى. پۈتكۈل ھىندىستان ئەھلىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ جامالى بىلەن نۇرلىناتتى. ئۇ ئىنتايىن مۇلايىم ۋە خۇش خۇي ئىدى. پەم-پاراسەت جەھەتتىمۇ تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ پەرزەنت بارلىق ئىلىملەرگە ماھىر، ھەممە ماھارەتلەرگە كامىل ئىدى. بارچە خالايىق خۇش خۇيلۇقتا بىر سىبرى بولسا، بۇ بىر سىبرى ئىدى. ھېچكىمگە ئۇنىڭدىن ئازار يەتمەيتتى. پاكلىق ھەم تەقۋادارلىقمۇ ئۇنىڭ بىر مۆجىزىسى ئىدى. ئالەم خەلقى ئۇنىڭ خۇلقىنى ياقتۇراتتى. ئۇ پەرزەنتنىڭ مۇبارەك ئىسمى پەررۇخ جامال ئىدى.

ئەلقىسسە، ئاتىسى قىرىق يىل شاھلىق قىلىپ، خەلققە باشلامچى بولغانىدى. شاھنىڭ ئۆمرى سەكسەنگە يەتكەندە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ياشاش ھەۋىسى قالمىدى. ئۆزۈم تىرىك ۋاقتىمدا ئۆز پەرزەنتىم بىلەن كۆزۈمنى يورۇتاي، دەپ ئويلاپ، ئوغلىغا يۇرت بىلەن تەخت ۋە تاجىنى [illegible] پۈتۈن ھىندىستاننىڭ مالىيىسىنى ۋە خىتاي ھەم چىن ئەللىرىنىڭ باج خىراجىتىنى بەرمەكچى بولدى. شاھ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشى بىلەن چەكسىز سۆيۈنگەن ۋە پەخىرلەنگەن بولاتتى. بىراق شاھزادە پەررۇخ جامال شاھلىقتىن نەپرەتلىنىپ، پۇقرالىقتىن پەخىرلىنەتتى. سەلتەنەتنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايتتى. شاھلىق ئىشى بىلەن ئۆيلىنىش ئىشىغا شاھزادە زادىلا كۆڭۈلشمەيتتى. ئاتىسى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلگەن بۇ ئىككى ئىشنى شاھزادە ئىزچىل تۈردە رەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاتا بىلەن ئوغۇل بۇ ئىككى ئىش ھەققىدە دائىم تالاش-تارتىش قىلاتتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە بىر كېچىسى تائەت-ئىبادەت بىلەن بولۇپ، سەجدە-مۇناجاتلارنى بەجا كەلتۈردى-دە، سائادەت سۈبھىسى كۆتۈرۈلەي دېگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ غالىپ كەلدى. بىراق ئۇنىڭ روھىي تۇيغۇلىرى دائىم ھەرىكەتتە بولغاچقا، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن سىرلار ئاشكارا بولۇپ، ئاجايىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ ئۆزىنى بىر باياۋاندا كۆردى. ئۇ باياۋاندا ھەددى-ھېسابسىز خالايىق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇساپىر، كۆچمەنلەر ۋە سەيلە-ساياھەتچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. شاھزادە ئۇ خەلق ئىچىدە بىر مەپىنى كۆردى. ئۇ مەپىنى بەخت-سائادەت چاقلىرى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن چىن ئىپارىدەك خۇش بۇي ھىدلار كېلەتتى. تاڭ شامىلى تۇساتتىن بىر ھەرىكەت قىلىپلا ئۇ مەپىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈردى. پەررۇخ جامال ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ مەپىگە نەزەر سالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر پەرىنى، ياق، بەلكى شەرق قۇياشىنى كۆردى. ئۇنىڭ ناتىۋان جىسمى ئۇ قۇياشنىڭ ئالدىدا گوياكى خەس-خەشەكتەك كۆيۈپ



كۈل بولدى. مەپىنىڭ پەردىسى دەرھاللا يېپىلىپ قالدى، گوياكى تولۇن ئاينى بىرپارچە قارا بۇلۇت كېلىپ يوشۇرغاندەك بولدى. خالايىقنىڭ «بۇ يەر — قۇددۇس يېرى» دېگەن سۆزلىرى شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندەك بولدىيۇ، شۇ ھامان ئۇيقۇدىن سەكرەپ ئويغاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى بىئارام بولۇشقا، جېنى ئۆرتىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئىشق زۇلمى ئۇنى نابۇت قىلىشقا باشلىدى. ھەرقانچە پىكىر-قىياس قىلسىمۇ، بۇنىڭغا ئىلاج تاپالمىدى. ئاخىر ئۇ قۇددۇس باياۋىنىغا سەپەر قىلىشنى ۋە ئۆز مۇرادىغا يېتىش يولىدا جان پىدا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

تاڭ شامىلى كېچە تۇمانلىرىنى سۈرۈپ، سۈبھى ئاشكارا بولدى. كۈندۈز سائادەتلىك چىرايىنى ئاچتى. پەررۇخ جامال ئاتىسىنىڭ تەختىگە باش قويۇپ، پېشانىسى بىلەن يەرنى سۈپۈرگەن ھالدا مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلدى:

— كۆڭلۈمدە سەپەر قىلىپ، جاھاننى ئايلىنىش ئىستىكى پەيدا بولۇپ قالدى، بۇنى توسۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەۋەس ئەقلىمنى يوقاتتى، ھوش-سەزگۈلىرىمنى نابۇت قىلدى. بۇ ئىشقا مېنىڭ ھېچ ئىلاجىم يوق، سەپەرگە چىقماسلىققا ئىختىيارىم ۋە سەۋر-قارارىم يوق. بۇ ئىشتا شۇنى ئۆتۈنۈپ ئىلتىجا قىلىمەنكى، پادىشاھى ئالەمنىڭ ماڭا رۇخسەت بەرگىنى ئەلادۇر، بولمىسا، بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن.

شاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ قەلبى شۇنداق ئۆرتەندىكى، باشلىرىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ جىگەر-باغرىلىرىدىن پىغانلارنى چەككەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ھەي يۈرىكىمنىڭ پارىسى، ھىجران-پۇرقەتلىرىڭ بىلەن باغرىمغا ئوق ياغدۇرمىغىن! نېمە دېسەڭ دېگىن، ئەمما، بۇ سۆزنى قىلمىغىن! چۈنكى بۇ دۇنيادا مەن بۈگۈن بار، ئەتە يوق. جۇدالىق خەنجىرىنى يۈرەك-باغرىمغا ئۇرمىغىن! چۈنكى ئۇنىڭسىزمۇ مەن

ئۆلۈكنىڭ قاتارىدىكى ئادەممەن، مېنى تۆپە-تۆپىلەپ ئۆلتۈرمىگىن!

شاھ شۇ يوسۇندا ھەددى-ھېسابسىز دەردلىك پىغانلارنى چەكتى. لېكىن ئىشقىنىڭ غالىبلىقى تۈپەيلىدىن شاھزادىگە بۇ ئاھۇ-زارلار كار قىلمىدى. پادىشاھ ئوغلىنىڭ بارغانچە ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشق ئوتلىرىنىڭ بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى:

— ئاتاڭنىڭ كۆز ياشلىرى سېنىڭ بۇ ئوتلىرىڭنى پەسەيتەلمىگۈدەك، كەتمىگۈچە كۆڭلۈم ئارام تاپمىغۇدەك، — دېدى پادىشاھ كۆز ياشلىرىنى توپان سۈيىدەك ئېقىتقان ھالدا. ئاندىن ئۇ ئۆز جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، پۈتۈن لەشكەرلىرىنىڭ ئېرىمىنى ۋە خەزىنىسىنىڭ ئېرىمىنى ئوغلىغا بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەپەردە كېرەك قىلىدىغان نۇرغۇن شاھانە بۇيۇملارنى تەييارلىدىكى، ئەقىل-ئىدراك ئۇنى قىياس قىلالماس.

ئەلقىسسە، جۆرئەتخان ئوغلىنى رۇخسەت بىلەن خۇش قىلدى. گوياكى ئۇ ئۆزىنىڭ جان ۋە جىسمى بىلەن خوشلاشقاندەك بولدى. ئۆزىتىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن پادىشاھ يۈز مىڭلىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئۆز تەختىگە، ياق، بەلكى بالا-قازا تەرىپىگە قاراپ ياندى. پەررۇخ جامال «كۆچ دېسە كۆچ!» دەپ، سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇنىڭدا كېچە-كۈندۈز ئىلگىرىلەشتىن ئۆزگە نىيەت يوق ئىدى. ھېچ يەردە ئارام ئالمايتتى. شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈشنى داۋام قىلاتتى. ئۇ زاماندا كىشىلەر كەئبە ئورنىدا ئەنە شۇ قۇددۇس يېرىنى تاۋاپ قىلاتتى. ئۇنىڭ قەدىمى ئاخىر مەقسەت مەنزىلىگە يەتتى. ئۇ يەرگە يۈز مىڭلىغان خەلق تاۋاپ ئۈچۈن يېتىپ كەلگەنىدى. خالايىق ھەممىسى ئۇ يەرنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. پەررۇخ جامالمۇ ئۇ پاك زېمىنغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ يەرنى تاۋاپ قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ يۈزىنى ھاجەتمەنلىك تۇپرىقىغا شىكەستىلىك بىلەن قويدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى يېنىۋاتقان شامدەك تۆكۈپ، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىغا ئىلتىجا قىلدى.



تەڭرىدىن ئاشۇ چۈشىدە كۆرگەن دىلبىرىگە ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋىسالى بىلەن مۇرادىنى ھاسىل قىلىشنى تىلىدى. نەچچە كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. بىراق بۇ مۇشكۇلچىلىك ھەل بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تۈشمۇ تۈشتىن كەلگەن تاۋاپ ئەھلى يېنىشقا بەل باغلاپ، ھەممىسى كەلگەن يولغا ئارقا-ئارقىدىن كېتىشتى. شۇ كېچىسى غەم ۋە ئەلەمدىن پەررۇخ جامالنىڭ كۆڭلى مۇڭ-قايغۇغا تولدى. ئۇ چۈشىدە بىر مويسىپىت كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشى پەررۇخ جامالغا: «مۇرادىڭغا يەتمەكچى بولساڭ، ئەتە بۇ يەردە تۇرماي، ھەلەب شەھىرىگە يول ئالغىن!» دېدى. شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەۋر-تاقەت رىشتىسى ئۈزۈلدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھەلەب شەھىرىگە بېرىشقا بەل باغلىدى. پەررۇخ جامال ئاتىسى بەرگەن لەشكەرلەرنى رۇخسەت بىلەن ياندۇردى، ئۆزى ھەلەب شەھىرىگە مېڭىشقا جابدۇندى. لەشكەرلەر يېنىشقا قارار تاپتى. پەررۇخ جامال بىلەن ئىككى يۈزچە كىشى قالدى. بۇ ئىككى يۈز كىشىنىڭ قايتالىشى قىيىن ئىدى. چۈنكى جۆرئەتخان ئۇلارغا شاھزادە بىلەن بىللە بولۇشنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى. لېكىن پەررۇخ جامال ئۇلاردىن يىراق بولۇشنى خالايتتى.

ئەلقىسسە، پەررۇخ جامال يولغا راۋان بولدى. خالايىقمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قايتقۇسى بار ئىدى. ئۇلار شاھزادە بىلەن كۆرۈنۈشتە ھەمراھتەك كېلىۋاتاتتى. لېكىن شاھزادىنىڭ ھەقىقىي ھەمراھى دەرد بىلەن ئاھ ئىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا گاھى يۈرۈپ، گاھى بىرەر مەنزىللەرگە چۈشۈپ دېگەندەك، ئاخىر ھەلەب شەھىرىگە يېقىنلاشتى. شەھەر سىرتىدىكى سەھرا تەرەپتىن ھەددى-ھېسابسىز خالايىق ھەلەب شەھىرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تولىلىقىدىن پۈتۈن شەھەر سەھراسىغا شاۋقۇن-سۈرەن چۈشكەنىدى. پەررۇخ جامال ئۇ خالايىق ئارىسىدا شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقان بىر مەپىنى كۆرۈپ

قالدى. بۇ مەيە شاھزادە چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى قارا يوپۇقلۇق مەيىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بۇنى كۆرگەن شاھزادىنىڭ جېنىغا تاقەتسىزلىك ئوتلىرى تۇتاشتى. دەل شۇ پەيتتە بىر مەيىن شامال كېلىپ مەيىنىڭ يوپۇقىنى كۆتۈردى. گويا بۇلۇت ئارىسىدىن قۇياش يۈزىنى كۆرسەتتى. شاھزادە چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولغان بۇ قۇياش بۈگۈن يەنە مەيە ئىچىدە ئاشكارا بولدى. پەرروخ جامال ئىزدىگەن مەشۇقىنى تاپتى. بىراق ئۇ قارا يوپۇق شۇ ھامان يەنە يېپىلىپ قالدى. ئۇ قۇياش يوپۇق بۇلۇتىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇش بىلەنلا، پەرروخ جامالنىڭ كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆز نۇرى ئۆچتى، كۆڭلى توختاۋسىز ھالدا بىئارام بولدى. ئاخىر ئۇ ھوشىدىن كەتتى. شاھزادە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، دەشتۇ سەھرادىكى خالايىقتىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغانىدى، ئۇلار ھەممىسى شەھەرگە كىرىپ، ئۆز ئۆيلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغانىدى. پەرروخ جامالنىڭ ئەتراپىدا ئۆز خادىملىرىدىن ئۆزگە كىشى قالمىغانىدى. بۇ ئىش شاھزادىگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ھىجران زەھرىنىڭ ئاچچىقلىقى تېخىمۇ مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ ناتىۋان جېنى ئۆرتىنىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ تىرىشىپ، تىرمىشىپ يۈرۈپ سەۋر-تاقەت قىلاتتى ۋە بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئەلدىن يوشۇراتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن ساقلاشنى ئويلايتتى. لېكىن خادىملىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ بارغانسېرى ئۆزگىچە بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالدىن بىر-بىرىگە سۆز ئېيتىشىپ، ھەيرانلىق ئىزھار قىلىشاتتى. ھەممەيلەن بۇ ئىشتا قىيىن ئەھۋالغا قالغانىدى. ئاخىر ئۇلار بىر مەنزىلنى تېپىپ ئورۇنلاشتى. شاھزادە ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆزگىرەتتى. ئۇ ئەلنىڭ گەپ-سۆزلىرىنىمۇ سەزمەيتتى. ئەلنىڭ تاپا-مالامەتلىرىنى ئىشق ئوتىنىڭ شىددەتلىرى بېسىپ چۈشكەنىدى. كەچ كىردى. تۈن لەشكەرلىرى كەڭ سەھراغا قارا پەردىسىنى يايدى. شاھزادە پەرروخ جامالنىڭ



غەمكىن ئەھۋالدىن پۈتۈن خادىملىرى خامۇش بولغان ھالدا ئارام ئېلىشتى. شاھزادە ئۆز خادىملىرىنىڭ ئالدىدا ئۇخلىغان بولۇپ ياتتى. شاھزادىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن خادىملارنى ئۇيقۇ تۇتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇش بىلەنلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇيقۇغا غەرق بولغانلىقىنى كۆرگەن شاھزادە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىشق ئوتى تېخىمۇ يالقۇنجاشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، خادىملىرىغا مۇنداق خەت يازدى: «ھەي دوستلىرىم، بۇ ئالەم ھادىسلىرىدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ. قۇدرەتلىك تەڭرى ئۆز بەندىسىگە نېمىنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى كۆرمەي ئامال يوق. ئىشق تەقدىرى مەن بىچارىنى ۋەيران قىلدى، شۇڭا مېنىڭ تەقدىرىم غېرىبلىق ئىچىدە خاراب بولۇشتىن ئىبارەت بولسا، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ مەن شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا قالدىمكى، ئۇنى بايان قىلىشقا تىلىم ئاجىزدۇر. بۇ دىشۋارلىقنى سىلەرنىڭ مەن بىلەن تەڭ تارتىشىڭلار تامامەن ھاجەتسىز، ئۇنى مەن يالغۇز تارتىشىم كېرەك. سىلەر بۇ غۇربەت يېرىدە زادى تۇرماڭلار، مېنى ئىزدەپ يۈگۈرۈشمەڭلار، بەرىبىر مېنى تاپالمايسىلەر. ئەڭ ياخشىسى ۋەتەنگە قايتىڭلار. بۇ مۈشكۈلچىلىكلەر تۈپەيلىدىن جېنىمدىن تويدۇم. ئەگەر تىرىك قالسام، بىر كۈنلەردە مەنمۇ ۋەتەن تامان يول ئالارمەن. خەير-خوش، نامە تامام، ۋەسسەلام.» شاھزادە خەتنى يېزىپ تۈگەتتى-دە، يۆگەپ، ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئۆز كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قارا پالازنى كىيىم قىلىپ كىيدى. ئاندىن ئاستا قوپۇپ چىقىپ كەتتى. شاھزادە شەھەر ئىچىگە كىردى. ئۇ خۇددى تەلۋىلەردەك كوچا-كوچىلاردا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈردى. ئاخىر ئۇ بىر خارابىلىكتە گۈلخان يېقىپ، ئۈستىگە بىر كونا پالازنى يېپىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ياتار يېرى گۈلخاننىڭ كۈلى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ جېنى دوزاخنىڭ ئوتىدا كۆيمەكتە ئىدى. ئىشق ئۇنى مۇشۇ ھالەتلەرگە سالدى. ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن-تاڭ؟

تاڭ ئاتتى. سۇبھى ئۆزىنىڭ قۇياش ئوتلىرى بىلەن ئالەمنى يورۇتتى. شاھزادىنىڭ خادىملىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياتقان يېرىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار شاھزادىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ، داد-پەرياد كۆتۈرۈشكەن ھالدا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار شۇ يوسۇندا ئىككى كېچە-كۈندۈز ئىزدىدى. بىراق شاھزادىنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىدى. خادىملار بۇ ئىش تۈپەيلى جانلىرىدىن تويۇشتى. ئۇلار توساتتىن شاھزادىنىڭ يېزىپ قويغان خېتىنى تېپىشتى ۋە بارلىق ئەھۋالنى بىلىشتى. ئۇلار بۇ دەردنىڭ داۋاسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، شاھزادىنىڭ ھالىغا ماتەم تۇتۇشتى، ئۇنىڭ بۇ غۇربەتچىلىكتىكى ئەھۋالىدىن سانسىزلىغان ئەپسانىلەرنى بايان قىلىشىپ، غېرىبانە نالە-پىغان چېكىشتى. لېكىن ئۇلار بۇ ئىشقا ھېچبىر چارە تاپالمىدى. ئاخىر ھەممىسى يىغلا-يىغلا ئۆز ۋەتىنىگە قاراپ راۋان بولۇشتى.

شاھزادە پەررۇخ جامال كۆڭلى بۇزۇلۇپ، غەم ئوتىدا خەستەك كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ شەيدالىق تۈپەيلى ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى تاشلاپ، ئىشق كوچىسىدا دىۋانە بولۇشقا يۈزلەندى. ئۇ يۈزلەرچە دەرد-ئەلەم ۋە بالا-قازا ئىچىدە قالدى، ئۇنىڭ تەلۋىلىكى توختاۋسىز قوزغىلاتتى. لېكىن بۇ ئىشقا ھېچبىر چارە تاپالمايتتى. كۆيۈك دەردى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يۈز تۈمەن غەملەرنى سالاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بارچە ئىشلار بىر سىرى، بۇ غەم بىر سىرى ئىدى. ئۇ مۇشۇنچىۋالا رەنجۇ مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغانلىقتىن، جان-جەھلى بىلەن ئوتلۇق ئاھ-پىغانلارنى چېكەتتى، ئۇنىڭ ئاھۇ زارلىرى پەلەكنى ئۆرتەيتتى. ئۇ نام-نىشانسىز مەھبۇب ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا ئىشلار يۈز بەردى. لېكىن بۇ شەھەرنىڭ چەك-چېگرىسى مەلۇم ئەمەس ئىدى. مەھەللىلىرىنىڭمۇ سانى يوق ئىدى. بىر كىشى ئەگەر يۈز يىل ماڭغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىنى تولۇق ئايلىنىپ تۈگىتەلمەيتتى. خەلقى ۋە ئۆي-ۋارانلىرى ھېسابىتىن زىيادە، دىگەندىن ئارتۇق ئىدى. پەررۇخ جامال نەچچە كۈنلەپ ئۇ يەردە ئۇسسۇز ۋە



ئاچ-زار ھالدا يۈردى. ئۇ تاماق ئورنىدا غەم يېسە، ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا قان-زەرداپلىرىنى ئىچەتتى. ئەگەر بىر كىشىنىڭ جېنىغا ئىشق ئازابى يەتسە، جىسمىغا غۇربەتچىلىك كېسىلى ئۇلاشسا، ھىجرانمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەم-قايغۇ سالسا، ئويلاپ باقايلى، ئۇنىڭ ھالى نېمە بولماقچى؟ ئۇنىڭغا قانداق ئاجايىپ كۈلپەتنىڭ يۈزلەنگەنلىكىگە قارايلى، ئەنە ئۇ شاھلىقنى تاشلاپ، شۇنچە غەم-ئەلەم يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ، دىشۋارچىلىق چۈشكەن ئاشۇ خەستە جېنىنى ئېلىپ يۈرمەكتە.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئۆز-ئۆزىگە: «بۇنداق ئاجىزلىق بىلەن ئىشىم پۈتمەيدۇ، گەرچە ھەمراھىم بولمىسىمۇ، ياراتقان خۇدايىم بار. يېتىپ ئۆلگۈچە، تىرىشىپ، تىرمىشىپ، ئايىغىمنى ئۇزارتىپ باقاي» دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، شەھەرگە كىردى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھەر تەرەپكە قەدەم قوياتتى. شاھزادە شۇ يوسۇندا بىر-ئىككى كۈن سەرسان بولۇپ يۈردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بارغانسېرى زەئىپلىشىپ، تۈگىشىشكە يۈزلەندى. چۈنكى ئىشق ئۇنى يېمەك-ئىچمەكتىن مەھرۇم قىلغانىدى، ئىشق ئۇنىڭغا غىزا بولغانىدى. ئۇ گوياكى سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك ئەھۋالغا قالدى. ئۇنىڭ جىسمىدىن قۇۋۋەت كەتتى. بۇ غۇربەت ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىشق دەردىدىن ئۆزگە ھېچبىر ھەمراھ قالمىدى. ئۇ يەنە ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە كوچا-كويلارنى كېزىپ يۈردى. ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى ۋە سەزگۈ-ئىدراكىغا بەرھەم يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھېسابسىز دەرد-ئەلەملىرىگە داۋا تاپالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ ئۆزىنى مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن بىر كونا خارابە ئىچىگە ئالدى. ئۇنىڭ زەئىپ جىسمى ھەرىكەتتىن سۇسلاشتى-دە، بېشىغا بىر تاشنى قويۇپ ياتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ بېشىم بولمىغان بولسىچۇ، كاشكى» دەپ ئويلايتتى. ئۇ جىسمىنى تۇپراققا تاپشۇرۇپ، پۇت-قوللىرىنى ئۇزۇن سۇندى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھاياتتىن شۇنداق تويدىكى، جىسمى جان بېرىشكە يېقىنلاشتى.

ئەلقىسسە، بۇ شەھەردە خوجا ئەخى ناملىق مالدار ۋە كاتتا بىر خوجايىن بار ئىدى. ئۇ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ماھىر ۋە خۇش خۇي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خالايىق ئالدىدا ھەددىدىن ئارتۇق ھۆرمەت ۋە ھەشەمىتى بار ئىدى. مال-مۈلكىنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. خوجىنىڭ بىر مېھمانخانىسى بار ئىدى، ئۇ مېھمانخانىدا ھەر كۈنى سانسىزلىغان تونۇش ۋە ناتونۇش كىشىلەر مېھمان بولۇپ تۇراتتى. رەھىمدىللىك ۋە سېخىيلىق جەھەتتە خوجىنىڭ نامى پۈتكۈل شەھەر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى. خوجا ئەخى ئېتىنى مىنىپ، پات-پات سىرتلارغا چىقىپ سەيلە-تاماشا قىلاتتى. گاھىدا ئۇ ۋەيرانە خارابىلارغا بېرىپ، غېرىب-غۇرۋا، ئاجىز-مۇساپىرلارنى ئۇچراتسا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل يارىلىرىغا مەلھەم يېپىپ، بىر پەس ھەمدەمدە بولاتتى. مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلى ئىنتىزار بولغان نەرسىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، مۇرادىغا يەتكۈزەتتى. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىدىنمۇ زىيادە ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلاتتى. شەھەر خەلقى ھەممىسى خوجا ئەخىدىن ھايا قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى خوجا ئەخى بىرەر خارابە جايدا ئورۇنلىشىپ، بېشىنى ھاجەتمەنلىك تۈپرىقىغا قويۇپ ياتقان بىچارىلەردىن بولسا تاپاي دەپ، شەھەر ئەتراپىنى سەيلە-ساياھەت قىلدى. خوجىنىڭ كۆزى تۇساتتىن ھېلىقى ۋەيرانىدە ياتقان ناتىۋان شاھزادىگە چۈشتى. خوجا ئېتىنى شۇ تەرەپكە سۈرۈپ بېرىپ، ئاتتىن چۈشتى-دە، ئېتىنى خىزمەتكارىغا بەردى.

— ھەي بىچارە، — دېدى خوجا ئەخى پەررۇخ جامالنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئەھۋالىڭنى ماڭا بايان قىلغىن.

ئۇ ناتىۋان شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ سالام بەجا كەلتۈردى. ئاندىن ئېھتىرام بىلەن ئولتۇرۇپ:

— ھەي نۇرانە چېھرىلىك خوجا، مېنىڭ ھالىمنى سورىماي، ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋالغىن، مېنىڭ غەملىرىمنىڭ تەسىرى سېنىڭ



كۆڭلۈڭگىمۇ يۇقمىسۇن، جېنىڭغا مېنىڭ ئوتلىرىمنىڭ ئۇچقۇنى چۈشۈپ كەتمىسۇن، — دېدى.

خوجا ئەخى شاھزادە پەررۇخ جامالنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ ۋە يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىچ ئاغرىتقىنىدىن كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ رەڭگىرويى ۋ شېرىن سۆزلىرىدىن بۇ بىچارىنىڭ ئەزىز زاتلاردىن ئىكەنلىكىنى، يەنە ئۇلۇغلۇق سەدىپى ئىچىدىكى بىر ئاجايىپ گۆھەر ئىكەنلىكىنى بايقىدى. خوجا شاھزادىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىندۈرۈپ، ئۇنى ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئەزىز مېھماننى ئۆيىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزلىرىدىن ئۆز ئايۋىنىنى يورۇتتى. ئاندىن دەرھال تائام بىلەن شەربەتلەرنى تەييارلاپ، زىياپەت ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بارلىق نازۇ-نېمەتلەرنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا تىزدى. مېھمانمۇ زىياپەت تەرىپىگە مايىل بولدى. خوجا ھەر تەرەپتىن سوئال سورىسا، مېھمانمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابلار ئارقىلىق ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ گۆھەر چاچقۇچى جاۋابلىرىنى ئاڭلىغان خوجىنىڭ يەنە سوئال سورىغۇسى كېلەتتى.

كەچ كىرگەندە خوجا مېھماننىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن خىلۋەت بىر ھۇجرىنى ياساپ، بىسات سالدۇرۇپ بەردى. مېھمان كېچىلىرى ئۇ يەردە ئورۇن تۇتتى. غەم ۋە مىسكىنلىك ئۇزۇن كېچىلەردىكى ئۇنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى ئىدى. ئۇ ئىشق ئازابىدىن مۇڭلۇق نالە-زار قىلاتتى، زەپىراندەك يۈزلىرىگە كۆز ياشلىرىدىن مۆلدۈرلەرنى ياغدۇراتتى. خوجا ئەخى شاھزادىنىڭ نۇرلۇق يۈزىدىن ئۆز كۆزىنى يورۇتاتتى. ئۇنىڭ مەرۋايىتلار تىزىقىدەك قىممەتلىك سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولاتتى. خوجا رەڭگارەڭ ئېسىل كىيىملەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كىيىشىنى ئىلتىماس-قىلاتتى. بىراق بۇ مېھمان خوجا كەلتۈرگەن لىباسلارنى كىيگىلى ئۇنىمايتتى. ئۆزىنىڭ قارا پالىزىنى تاشلىمايتتى. ئۇنىڭ نازۇك كۆڭلىگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن خوجا، بۇ ئىشقا ئۇنى ئارتۇقچە قىستىمىدى. شاھزادە بىرقانچە كۈن

ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. كېچىلىرى ئۆزىنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىدا بولاتتى. خوجا ئەخى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس مۇلازىملارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. خوجا نەچچە كۈنلەردىن كېيىن خادىملىرى بىلەن بىللە مېھمان ياتقان ھۇجرىنىڭ ئۆگزىسىگە مەخپىي ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇ تۈڭلۈككە قۇلاق قويۇپ، مېھماننىڭ ھەددىدىن ئاشقان دەرد-ئەلەم ۋە رەنجۇ مۇشەققەتلىرىنى بىلدى. بۇ قەدەر ئاجايىپ ئوت مېھمانغا تۇتاشقانىدىكى، ئۇ ئوتلۇق ئاھلار بىلەن ئۆزىنى ئۆرتەيتتى. ئۇنىڭ چەككەن ئاھلىرى خوجىنىمۇ قىزىتىۋەتتى. بىراق ئۇ كىشلەرنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىنى ئىنتايىن پەس چىقىراتتى. خوجىمۇ ئىشق دەردىنىڭ زۇلۇم كۈلپەتلىرىنى كۆرۈپ ياقىلاندى. شۇڭا ئۇ مېھماننىڭ دەردلىك ئاھۇ زارىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا ناھايىتى كۆپ ياش تۆكتى ۋە مېھماننىڭ سۆزلىرىگە بېرىلىپ قۇلاق سالدى. مېھمان گاھ ئۆز دىلبىرىنىڭ ئەپسانىلىرىدىن سۆزلىسە، گاھ ئۆز قوشۇنى ۋە تەختى-بەختىدىن سۆزلەيتتى. بۇ سۆزلەردىن خوجا ھوشيارلىق بىلەن ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنى پەملىدى. بۇ مېھماننىڭ ئەسلىدە سەلتەنەت ئەۋجىدە پارلىغان تولۇن ئاي ئىكەنلىكىنى، يەنى شاھ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى، بىراق، ئىشق ئۇنى بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ، غېرىبلىق ئىچىدە بىر تۇتقۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. خوجا ئۇنىڭ ئىشىغا ئىلاج قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— بۇنىڭ بىر يوشۇرۇن دەردى بار ئىكەن، — دېدى خوجا مۇلازىملارغا، — بۇ دەردنى ئۇنىڭدىن ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ كىشى ئىشق يولىدا كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئۆز دەردىنى ئېنىق بايان قىلمايدۇ. ئۇنى شاراب ئىچىشكە قىزىقتۇرۇپ، مەست قىلساق، ئاندىن ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلەلىشىمىز مۇمكىن.

سۇبھى كاپۇردەك ئاپئاق كىيىملىرىنى زېمىنغا ياپتى. قۇياش



نۇر سەللىسىنى كىيىپ ئورنىدىن تۇردى. خوجا مېھمانخانىغا كەلدى ۋە مېھماننىمۇ تەكلىپ قىلىپ بىللە ئولتۇردى. ئۇلار چۈشكىچە يەپ-ئىچكەچ سۆھبەت قۇرۇشتى. قۇياش ئېگىلگەن، ھاۋامۇ مۆتىدىل ھالغا كېلىپ قالغان مەزگىلدە، خوجا مەجلىس ئىچىگە شارابنى پەيدا قىلدى. نەي ۋە راۋابلارنىڭ نەغمە-ناۋاسى ياڭراپ بەزمە قىزىشقا باشلىدى. بەزمە ئەھلىنىڭ تاقىتى تاق بولدى. خوجا بىر قولىغا ئىدىش، يەنە بىر قولىغا پىيالىنى ئېلىپ، مېھماننىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇ بىر پىيالىنى ئۆزى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر پىيالىنى لىقلاپ، مېھمانغا تۇتتى. مېھمان خوجىدىن كۆپ مىننەتدار بولغاچقا، ياق دېيەلمەي ئۇنى ئېلىپ ئىچتى. بەزمە ئەھلى باركاللا ئېيتىشتى. خوجا ساقىيلىق قىلىپ سورۇننى بىر ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قەدەھ بىلەن ئىدىشنى يەنە باشقا ساقىيلار قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. قەدەھلەر شۇ تەرىقىدە ئۈزۈلدۈرمەي بىرقانچە نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن، بەزمە ئەھلىنىڭ باشلىرىغا مەي تەسىر قىلىپ، مەست بولۇشتى. سازەندىلەر ناخشا-مۇزىكىلارنى تەرەپ-تەرەپتىن ياڭراتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ «ئىچە، ئىچ!» دېگەن سادالىرى پەلەككە يەتتى. كىشلەر ئىختىيارسىز ھالدا مەيدىن قول تارتىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ سېلىشقان ھالدا ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. خوجا بۇ غەلۋە-غوغالاردىن ئۆزىنى تارتىپ، شاھزادە بىلەن ئايرىم بىر ئۆيدە مەجلىس تۈزدى. شاھزادە خوجىدىن خىجىل بولۇپ تارتىنغىنىسېرى خوجىمۇ كىچىك پېئىللىق بىلەن چاكارلارچە يەر ئۆپۈپ تۇردى. ئاخىر مەي ئارىدىن ئەقىل پەردىسىنى ئېلىۋەتتى. شاھزادىنىڭ دىيار ۋە مەملىكىتى بىلەن كۆڭۈلدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرى ئىختىيارسىز ھالدا يادىغا يەتتى. ئۇ گۈل رەڭ ياشلار بىلەن كۆزلىرىنى توشقۇزغان ھالدا ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلەشكە باشلىدى. خوجا ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئارىلاپ-ئارىلاپ مەي سۇنۇشنى داۋام ئەتتى ۋە يۈزلىگەن مۇلايىملىق سېھىرلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن

سۆز ئېلىشنىمۇ داۋام قىلدى. خوجا شاھزادىنىڭ شېرىن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئالىي نەسەب-زاتىنى، غۇربەتچىلىكتە ئەسىر بولغانلىقلىرىنى، ئەسلىدە بولسا ئۇنىڭ بۈيۈك بىر ھەشەمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، جۈرئەتخان بولسا ئۇنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شاھزادە ئۆزىنىڭ چۈشىدە ئاشىق بولغان مەشۇقىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇ مەشۇق مۇشۇ ھەلەب شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە بۇ جەبرۇ-جاپالار شۇنىڭدىن كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. خوجا ئۇ مەشۇقنىڭ نام-نىشانىنى سورىغانىدى، ئۇ ناتىۋانمۇ بىلگىنىچە بايان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان خوجا ئەخىنىڭ جىسمىغا ئوت، كۆڭلىگە ئىزتىراپلىق چۈشتى. چۈنكى ئۇنىڭ باياندىكى بەلگە-نىشانلەر دەل خوجا ئەخىنىڭ ئايالىنىڭ بەلگە ۋە نىشانلىرى ئىدى. بۇ بىچارە مېھماننى كۆيدۈرگىنى خوجىنىڭ تۈنلىرىنى يورۇتقۇچى ئاشۇ چىرىغى ئىدى. دەريا كۆڭۈللۈك خوجا ئەخى: «بۇ شاھزادە قانداق بولۇپ ئۇنىڭغا ئاشىق ۋە شەيدا بوپ قالدۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن ئۇ ناھايىتى كۆپ ئويلىغاندىن كېيىن مۇنداق پىكىرگە كەلدى: «شاھزادىگە ياخشىلىق قىلمەن دەپ بۇ سىرلارنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىدىم. ئىشق يولىدا مۇنداقمۇ سادىق ئاجايىپ ئاشىق بولىدىكەن. ئۇ بار-يوقىنى تاشلاپ، غېرىب بولۇپتۇ. جاھانغا كۆز قىرىنى سالماي، ئىشق ئىچىدە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى بېشىغا ئېلىپ يۈرۈپتۇ. مۇنداق دىشۋارچىلىقنى ھېچكىم تارتمىغان بولغىيتتى. بۇ ھىجراندا ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى شەكسىز. ئەمدى مەن ئۇنىڭ بالاسىغا قالدىم. ئۇنىڭ دەردىگە داۋا قىلىشىمغا توغرا كەلدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، نامەردلىك بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزەي. ماڭىمۇ ئايال كىشى تېپىلار.»

— ئەي مۇساپىر، — دېدى خوجا ئاخىر خىيالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ — غەم يېمىگىن، سېنىڭ جېنىڭغا ئاپەت بولغان بۇ غېمىڭگە ئىلاج قىلىش ماڭا ناھايىتى ئاسان. تەلىپىڭ مېنىڭ بىلەن ھاسىل بولغۇسىدۇر. تەڭرىم خالىسا مۇرادىڭغا يەتكۈزگەيمەن. لېكىن مەن



نېمە دېسەم شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشۈڭ كېرەك.

ئۇ بىچارە ئاشىق شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، دەرھال خوجىنىڭ ئايىغىغا باش قويدى:

— سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇپ رەت قىلىشقا مېنىڭ ھەددىم بارمۇ؟ ئەگەر مېنىڭ دەردىمگە دەرمان قىلساڭ، ھەرقانداق پەرمانىڭ بولسا، ئۇنى جان-دىلىم بىلەن ئورۇندايمەن، — دېدى ئۇ خوجا ئەخىگە.

شۇ يوسۇندا سۆزلەر قىلىشقاندىن كېيىن خوجا بىلەن شاھزادە ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەلقىسسە، تۈن ئورنىنى سۈبھى ئىگىلىدى. تاڭ قۇشلىرى سايراشقا باشلىدى. جاھاننى ئىللىتقۇچى قۇياش ئۇپۇقتا جىلۋىلەندى. خوجا ئەخى بىلەن پەررۇخ جامال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. شاھزادە خوجىغا:

— ۋەدەڭنى ئۇنتۇمىغىن، دېگەن سۆزۈڭدىن يانمىغىن. مەن نېمە دېسەڭ سېنىڭ پەرمانىڭدا بولاي، — دېدى.

خوجا شاھزادىنى ھاممامغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇردى. ئۇنىڭ جىسمىدىكى ھىجران كىرلىرىنى تازىلىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل ئېسىل تونلارنى كىيگۈزۈپ، قارا پالازدىن ئۇنىڭ تېنىنى ئازاد قىلدى. پەررۇخ جامال شاھانە لىباسلار بىلەن جابدۇندى. شاھانە ياسالغان ئاتنى مىندى. خوجا ئۇنى ھەيۋەت، ھەشەمەت بىلەن باشلاپ كېلىپ ئالتۇندا بېزەلگەن قەسىر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن كېيىن خوجا ئۇ گۈزەل نازىنىننىڭ ھۇجرىسىغا باردى. ئۇ پەرى خوجىنى كۆرۈش بىلەنلا سالام بەردى. خوجا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇمۇ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، خوجا ئۇ ھۆرگە ھېكمەتلەرنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە ھېچكىم تەدبىر قىلالمايدۇ، — دېدى خوجا ئۇ نازىنىنغا، — خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىككىمىزنىڭ

بىشى قوشۇلغان. ۋىسال ئىچىدە شادىمان بولغانىدۇق. تەڭرىگە تەشەككۇرلار بىلدۈرۈپ، غەم-قايغۇدىن ئازاد هالدا ياشاپ كەلگەنىدۇق. ئەمدى ئايرىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بۇنى تەڭرى پېشانەمگە پۈتۈپتۇ. تارتماسقا ئامالىم يوق. هازىرغىچە سەن مېنىڭ ئىسىرلىكىڭدە، رەپىقەم، شەپقەتچىم ۋە مېھرىبان جۈپتۈم بولۇپ كەلگەنىدىڭ. سەن هەممە جەهەتتىن مېنى خۇشال قىلدىڭ، بەلكى ئۇلۇغ تەڭرىمۇ سېنىڭدىن خۇشال بولغاي.

خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ سەرۋى بويلۇق گۈزەل بۇنىڭ نېمە گەپلىكىنى بىلەلمەي، هەيرانلىق ئىچىدە هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. خوجا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىنى تالاق قىلدى. بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇ سەنەم پەرياد كۆتۈردى:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ مېنى نېمە كۆرۈپ بۇنداق ئاهانەتلەرنى قىلىسەن؟ نېمىشقا مېنى قىيامەتلىك دەرد-ئەلەمگە قالدۇرىسەن؟!

خوجا ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ، كۆپ مېھرىبانلىقلارنى كۆرسەتتى؛ هەددى-هېسابسىز پۇل-مال ۋە جاۋاهىراتلارنى بەردى.

— بۇ مال-مۈلۈكلەرنى ئالغىن، — دېدى خوجا ئۇنىڭغا، — سېنى بىر كىشى بىلەن نىكاهلاپ قويىمەن. ئۇ كىشى بولسا سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئايىدۇر. جاهاندا ئۇنىڭدەك بۈيۈك پادىشاه يوق.

خوجا شاهزادىنىڭ خۇي-مىجەزى ۋە هۆسن-جامالىنىمۇ بىر هازاغىچە ماختاپ، تەرىپلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ گۈلچېھرىنى قىلىچ بىلەنمۇ قورقۇتۇپ جىمىقتۇردى. ئايال تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇشتىن ئۆزگە چارە-ئامال تاپالمىدى. خوجا ئەخى ئۇ يەردىن چىقىپ بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلىدى. خەزىنىلەرنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئېچىپ، مال-مۈلۈكلىرىنى چىقاردى ۋە ئۇنى شاهانە مۇراسىملارغا ئىشلەتتى. خوجا تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن ئۇ سەرۋى بىلەن بۇ گۈلنى



بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. بىر ئەهلى سالاھ كىشىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا شۇ زاماننىڭ رەسمىيىتى بويىچە نىكاھ ئوقۇتتى. خوجا ئاندىن كېيىن يول تەييارلىقلىرىغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئىككىيلەنگە يولدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن پەرەڭ ۋە رۇم چاكارلىرىدىن يۈزنى تەيىنلىدى. نۇرغۇن قېچىر ۋە تۆگىلەرگە ئەتلەس-قاتارلىق گەزماللارنى يۈكلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىممەتلىك يوپۇقلارنى ياپتى. يەنە نۇرغۇنلىغان ئاق ئۆي ۋە چېدىر-بارگاهلارنى بىساتلىرى بىلەن تەييارلاپ، ئۇلارنى هەيۋەت بىلەن يولغا سالدى. خوجىمۇ بىرنەچچە مەنزىلگىچە هەمراھ بولۇپ بىرگە باردى. ئۇ قان-ياشلىرىنى تۆككەن هالدا بۇ ئىككىيلەنگە بەخت تىلىدى. «تەڭرىم سىلەرنى ئۆز يۇرتۇڭغا ساق-سالامەت يەتكۈزۈپ، تاجۇ تەختىڭگە ئىگە قىلغاي» دەپ دۇئا قىلدى. خوجا ئەخى ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن شاهزادىدىن ئېلىپ قالغان قارا پالازنى كېيىپ، ياش تۆككەن پېتى قايتىپ كەتتى. پەررۇخ جامال بىلەن ئۇ گۈزەلمۇ يىغلا-قاقشا ئۆز يولىغا ماڭدى.

شاهزادە خوجا ئەخىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن هەيران ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئۇ پەرىۋەش بىلەن بىللە بولغۇسى كەلدى. ۋىسال ئۆيىگە كىرىشكە تەشنا بولدى. ئۇ هىجران ئوتلىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. پەررۇخ جامال ئۇ پەرىنىڭ چىرايىغا قارىغانىدى، ئۇنىڭ قانلىق ياشلارنى تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ يۈزلىرىنى ئۆز تىرناقلىرى بىلەن زەخىملەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ نەسترىن گۈلىدەك يۈزلىرى گويا كى لالىزارغا ئوخشاش قىپقىزىل بويالغانىدى. ئۇ گۈلگە بۇ دەرىجىدە ئازار يەتكەنلىكىنى كۆرگەن شاهزادە خۇددى ناتىۋان بۇلبۇلدەك بىئارام بولدى.

— هەي ئاي يۈزلۈك پەرى، — دېدى شاهزادە ئۇنىڭغا، — بۇنداق بەخت كىمگە نېسىپ بولۇپ باققان؟ نىكاھ قىلىنغاندىن كېيىن سەن خۇشال بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى، بىراق سېنىڭ چېھرەڭدىن

ئاچىپ [illegible] مەن بۇنىڭغا [illegible] قىلدىم. [illegible] ئېيتىپ [illegible]ن.

[illegible] پەرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ھەي شاھزادە، كىشى نىكاھ [illegible] بولامدۇ ياكى تالاق بىلەنمۇ؟ — دېدى.

— ھەي پەرىۋەش، بۇ سۆزۈڭنى تەپسىلىي بايان قىلغىن. سەن ئېيتقان بۇ «تالاق» نىڭ مەنىسىنى، بەخى ۋىسال ئىچىدىكى بۇ پىراقنىڭ ياتىسىنى ئېنىق ئېيتقىن. مەن ئاڭلاپ باقاي، — دېدى شاھزادە.

ئۇ ئاي يۈزلۈك سەرۋى كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆككەن ھالدا بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. شاھزادە پەررۇخ جامالدىن بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ، شۇنداق قايغۇ-ھەسرەتكە پاتتىكى، ھالاك بولۇشقا ئاز قالدى. خوجا ئەخىنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران قالدى. شاھزادىمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بارلىق سەرگۈزەشتىلەرنى تولۇق بايان قىلدى.

— ئەي مۇبارەك خىسلەتكە ئىگە پەرى، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — سېنىڭ ھۆسن-جامالىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگىنىدەك، ئىشقىڭدا مەن تارتقان دەرد-ئەلەملەرنىمۇ ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان. مەن گەرچە دەردىمگە داۋا تاپالمىغان بولساممۇ، لېكىن ساڭا ھەرگىز يامان كۆزدە قارىمايمەن. خوجا ئەخى نۇرغۇن مال-دۇنيانى بېرىپ، بىزنى نىكاھلاپ قويۇپتىيۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ نىكاھىنى بىكار قىپتۇ. ئۇنىڭدا شۇقەدەر رەھىم-شەپقەت بولغان يەردە، بىزدىمۇ ئازراق ئالىيجانابلىق ۋە ئىنساپ دېگەندىن نىشانە بار. خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى نەتىجىسىدە مەندىكى نەپسى يامانلىق پۈتۈنلەي يوقالدى. سەن ئەمدى ماڭا ئىنىكىلا ئالەمدە سىڭىل بولۇپ قالدىڭ. شۇڭا خاتىرجەم، خۇشال-خۇرام يۈرۈۋەرگىن.



[illegible] بولغان [illegible] جامالىنا [illegible] قىلدى. [illegible] كىشىلەر [illegible] باشقىچە گۇمان قىلاتتى. [illegible]-كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىر ھىندى مەملىكىتىگە يېتىپتى. [illegible] بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندى. بۇ ۋىلايەت [illegible]: «ئۇلۇغ پەررۇخ جامال تەختى ۋارىسى بولغۇنى» دەپ [illegible] قىلىشتى. ھەممە خەلق شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ [illegible] ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. ئۇلار ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكرى-سانالار ئېيتىپ، شېرىن جانلىرىنى شاھزادە ئۈچۈن پىدا قىلىشتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزلىرى شاھزادىنىڭ جامالى بىلەن نۇرلاندى. شاھزادە ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇنلاشتى.

شاھ پەررۇخ جامال ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ مالال بولماسلىقى، ئۇ سىڭلىسىغا بولغان ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندى. ئۇ نازىنىنىنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى قەسىر-ھۇجرىلىرى، باغ ۋە راۋاق گۈمبەزلىرىنىڭ ھەممىسى شاھنىڭ ئېنىق يادىدا ئىدى. شاھ بۇ يەردىمۇ ئاشۇ قەسىر ۋە باغلارنى قۇرۇشنى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل ۋە نەپىس ئىشلەشنى پىلانلىدى. يۈزلىگەن ھۈنەرۋەن ئۇستازلار ئىشقا چۈشۈپ، ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىش، بۇ ئارقىلىق ئاشۇ لايىھىدىكى باغنى ۋە قەسىر-ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدە پەررۇخ جامالنىڭ بۇيرۇقى تولۇق ئورۇندالدى. قەسىر-ئىمارەتلەر ۋە باغ-راۋاقلار پۈتۈن زېب-زىننەتلەر بىلەن تەييار بولدى. بۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى گوياكى ھەلەب شەھىرى ھىندىستان تەرەپكە كېلىپ قاپتۇ دەپ گۇمان قىلاتتى. ئۇ ئاي يۈزلۈك سەنەم بۇ ئىمارەتلەر تەرەپكە باشلاپ كېلىندى. ئۇ كۆرۈپ، ھەلەب شەھىرىدىكى ئۆز قەسىرى ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ شاھنىڭ سىڭلىسى قاتارىدا ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. كۈمۈش بەدەنلىك كېنىزەكلەردىن يۈزى

ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. ئۇنىڭ نازۇ نېمەتلىرى ۋە كېرەكلىك جاھازلىرى شۇ قەدەر كۆپ تەييار قىلىندىكى، ئەقىل ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالماس ئىدى. شاھ پەررۇخ جامال ھىندىستاندا ئەنە شۇ ئىشلار بىلەن بولدى.

ئەمدى ھەلەب شەھىرىدە خوجا ئەخىنىڭ قانداق ھادىسىلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

خوجا ئەخى ئۇ گۈل يۈزلۈك بىلەن پەررۇخ جامالدىن ئايرىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ياندى. ئۇنىڭ تەلەيى ئاسمىنىدىن ئىككى بەخت يۇلتۇزى ئۇچۇپ كەتتى-دە، ئىقبالىغا زىيان يەتتى. ئۇنىڭ لىباسلىرىغا ئاپەت ئوتلىرى تۇتاشتى، ھەممە سودىدا ئۇدا زىيان تارتتى. ئۇ قانچە پىكىر قىلسىمۇ ئۆزىنى ئوڭشالمىدى. خوجىنىڭ ۋۇجۇدى زىلزىلىگە چۈشتى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى شەھەر سۇلتانىغا: «خوجا ئەخى بۇ مەملىكەتنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن باشقا بىر مەملىكەت پادىشاھىغا نۇرغۇن مال-دۇنيانى بېرىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتتى» دەپ مەلۇم قىلىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ھەلەب سۇلتانى خوجىنى قاماققا ئېلىش ۋە بارلىق مال-مۈلكىنى خەزىنىگە ئېلىشقا ئەمر قىلدى. ئاقىۋەتتە ئۇلار خوجا ئەخىنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى. خوجا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زىنداندىن قېچىپ كەتتى. ئۇ خالايىقنىڭ تونۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۆز سۈپىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. ئۆزى يالىڭاچ بولۇپ گۈلخان ئەتراپىدا ئورۇن ئالدى. ئۇ گويا ساراڭ ئادەملەردەك كۈل ئۈستىدە ياتتى. ئۈستىگە بولسا پەررۇخ جامالدىن قالغان ئاشۇ كونا پالازنى يېپىنىۋالغانىدى.

ئەلقىسسە، خوجا ئەخى ئۆز ۋەتىنىدە ياخشىراق بىر پاناھ جاي تاپالمىدى. ئاخىر ئۇ شاھ پەررۇخ جامالنىڭ مەملىكىتىگە قاراپ سەپەر قىلدى. نەچچە ۋاقىت تاغۇ-دەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە سەرەندىپ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. يول جاپاسىدىن ھەر نەپەستە بىر ئاپەتكە يولۇقۇپ، ئۇنىڭ ھېچ ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ شەھەر سىرتىدىكى يول ياقىسىغا جايلاشقان بىر ئەسكى



تاملىقنىڭ ئىچىگە كىردىيۇ، لېكىن ئاھ ئوتلىرى پەلەك سېپىلىدىن ھالقىپ كەتتى. يول جاپاسىغا مۇپتىلا بولغان خوجا ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەردە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەلقىسسە، شاھ پەررۇخ جامال غۇربەتچىلىكنىڭ رەنجۇ ئەمەللىرىنى تارتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوجىنىڭ ياخشى ئىشلىرى ۋە ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ، بىر ئالىي مېھمانخانا ياساتتى. بۇ يەردە غېرىب-غۇرۋالار كەم بولمايتتى. شاھ خۇددى خوجا ئەخىگە ئوخشاش پات-پات شەھەر ئەتراپىنى ئايلىناتتى. خوجا ئەخى شەھەر سىرتىدىكى خارابە ئىچىدە يېتىپ قالغان كۈنى شاھ پەررۇخ جامال سەيلە قىلىپ چىقىپ، ئۇ يەرگە كېلىپ قالدى. شاھنىڭ تۇساتتىن ئۇ بۇزۇق ۋەيرانىدە ياتقان بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. شاھ بۇ دەردكە دۇچار بولغۇچىنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يېپىنغان پالىزىنى تونۇدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر غېرىب بىچارە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. شاھ ئۇنىڭغا:

— ھەي بەختسىز بىچارە، ئورنۇڭدىن تۇرغىن، — دېدى.

خوجىمۇ ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرۈش بىلەنلا تونۇشتى. شاھ بىر ئاھ تارتىپ ئېسىدىن چۈشتى. خوجىمۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇلار بىر-بىرىنى قۇچاقلاشقانلىرىچە يىغا-زارە قىلىشتى، بىر سائەتچە ياش تۆكۈشتى. شاھنىڭ قوشۇن ۋە سىپاھلىرى ئىلگىرى يۈز بېرىپ باقمىغان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئۇ ئىككىسى تەڭرىگە شۈكۈر-سانالار ئېيتىشتى. ئاندىن شاھ خوجىنى قەسرىگە تەكلىپ قىلدى. ئالدى بىلەن شاھ خوجا ئەخىنى ھاماممىغا باشلىدى. خوجا ئەخىمۇ دەرھال ھاماممىغا چۈشۈپ، بەدىنىنى سەپەر توزانلىرىدىن پاكىزلىدى. ئۇ خۇشال-خۇرام ھالدا ھاممامدىن چىقىپ ئاجايىپ تون سەرۇپايلارنى كىيدى. شاھ چىرايلىق كېنىزەكلەرنى نۇرغۇن چاكارلارنى خوجا ئەخىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا قويدى. ئۇلارنىڭ ئىززەت-ئىكراملىرىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران قالاتتى. مۇلازىملار خوجىنى باشلاپ شاھ

قېشىغا كىردى. شاھمۇ مېھماندارچىلىق بەزمىلىرىنى تۈزۈپ، نەچچە كۈنگىچە خوجىنىڭ ھەممە مۇراد-مەقسەتلىرىنى ھاسىل قىلدى. خوجا چەكسىز شادلاندى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھىجران ئوتلىرى پەسەيدى. پەررۇخ جامال شاھانە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزى تەخت ئۈستىدە ئورۇنلاشتى. بارلىق خالايىقنى بۇ يەرگە ھازىر قىلدى. خوجىغا ئالاھىدە ئىھتىرام بىلەن زىياپەت مەيدانىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. ئاندىن كېيىن بارلىق دۆلەت ئەركانلىرى ئورۇن ئالدى. شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلەرنى، غۇربەتچىلىك دەۋرىدە خوجىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، يەنى ئۇنىڭ مەردلىك داستانىنى تولۇق بايان قىلدى. بارلىق سۆھبەت ئەھلى بۇ ئاجايىپ قىسسىنى ئاڭلاپ، شاھنىڭ ۋە خوجا ئەخنىڭ ئاياغلىرىغا سۆيدى.

— گەرچە مەن بىر پادىشاھ بولسامۇ، — دېدى شاھ قىسسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، — خوجىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرۇشقا ئاجىزمەن. مېنىڭ تۇغقانلىرىمدىن پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان بىر قىزبەندىشىم بار. ئەمدى شۇ سىڭلىمنى نىكاھلاپ، خوجىغا جۈپ قىلىپ بېرىمەن. چۈنكى بۇ خوجا ئۆزىنىڭ جۈپتىنى تالاق قىلىپ، ماڭا نىكاھلاپ بەرگەنىدى. مەن بۇ بەختنى دۆلەت ۋە تاجۇ سەلتەنەتنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ خوجىنىڭ مەرھەمەتلىرى تۈپەيلىدىن ئېرىشتىم.

شاھ سۆزىنى ئاخىر شۇ يەرگە تۈگدى. ھەممە خالايىق شاھنىڭ بۇ پىلانىغا بارىكاللا ئېيتىشتى. شاھ سۆزلەپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەرنى ھەتتاكى كۆپنى كۆرگەن بۇ قېرى جاھانمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى.

شاھ پەررۇخ جامال خوجا ئەخنى شۇنداق پەرۋىش قىلدىكى، ئۇنى ھەممە نەرسىدىن بىھاجەت قىلدى. ئۆزىنىڭ بار-يوقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىنى ئۇنىڭغا بەردى. شاھ خوجا ئەخنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەمىشە



ئېسىدىن چىقارمايتتى. ئۇنىڭغا قىزبەنداشلىق مېھرىنى ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇ ئىككىسى گوياكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇندەك يېقىن بولۇپ كېتىشتى. شاھ پەررۇخ جامال خوجا ئەخنى مال-دۇنيا بىلەن گوياكى قارۇندەك باي قىلىۋەتتى. شاھ نىكاھ خۇتبىلىرىنى ئوقۇتۇپ، سىڭلىسىنى خوجىغا چېتىپ قويدى. ئاندىن خوجىنى ئاي يۈزلۈك پىنھان بولغان جايغا باشلىدى. خوجا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ھەلەب شەھىرىدە قېپقالغان دەرۋازا ۋە قەسىر، راۋاقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئەتراپنى سەيلە-تاماشا قىلغان ھالدا ئۇ ئاي يۈزلۈك ئورۇنلاشقان ھۇجرىغا يېتىپ كەلدى. خوجا ئۇ ھۇجرىغا ئاياغ قويۇش بىلەنلا ئۇنى باشلاپ ئاپارغان مۇلازىملارنىڭ ھەممىسى يىراق كېتىشتى. ھىجران* دەشتىدە ئاۋارە بولغان بۇ ئىككى بىچارە بىر-بىرىنى كۆرۈش بىلەن شۇنداق ھەيران قالدىكى، ئۇلار ئىختىيارسىز ھالدا پەرياد چېكىشتى ۋە ھەر ئىككىلىسى يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇلار بىر پەستىن كېيىن يەنە ھوشىغا كېلىپ، يىغا-زارە قىلىشتى-دە، يەنە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بۇ خىل ھالەت بىرقانچە قېتىم داۋام قىلدى. ھىجران ئىزتىراپلىرى سەل پەسەيگەندىن كېيىن خوجا ھاياجان ئىچىدە ئۇ نازىنىندىن سورىدى:

— بۇ نېمە ۋەقە؟ ماڭا ھەيرانلىق ئۈستىگە ھەيرانلىق يۈزلەندى. سەن ئەھۋالىڭنى بايان قىلىپ مېنىڭ بۇ گاڭگىرىغان ھالىتىمگە چارە قىلغىن. ھەممە ۋەقەنى تولۇق سۆزلەپ بەرگىن.

ئۇ گۈل يۈزلۈكمۇ ياقۇتتەك ئېغىزلىرىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، سۆز شېكەرلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى. ئۇ خوجىدىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ بېشىدىن ئۆتكەن جىمى سەرگۈزەشتىلەرنى تولۇق بايان قىلدى. شاھنىڭ ساپ كۆڭلىنى، پاك، مەردانىلىكىنى ۋە قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرىنى قويماي سۆزلەپ بەردى. خوجا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يەنە ھوشىدىن كەتتى، نەچچە كۈنگىچە شۇ تەرىقىدە گاھى ھوشى بىلەن، گاھى ھوشسىز ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەقىل-ئىدراكى

بارا-بارا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋى بىلەن دائىملىق سىرداش بولدى. گوياكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھەلەب شەھىرىدىكى ئۆيىدە ئارام ئالغاندەك شاد-خۇراملىق ھېس قىلدى. خوجا گەرچە شاھنىڭ يېنىدا بولغان چاغلىرىدا ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۆيىگە كەلگەن ھامان سەپەردە كىيگەن ھېلىقى قارا پالازنى كىيەتتى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ قارا پالاز ئارقىلىق بۇ ئەتىۋارلىق لىباسلارغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ ئەگەر ئاشۇ قارا پالازنى ئۇنتۇپ تاشلىۋەتسە، ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتقان بولاتتى. ئۇ قارا پالازنى كىيىپ، سەجدە ئۇچۇن قامەتلىرىنى ئەگدى. بۇ ئارقىلىق ۋىسال سۇبھىسىگە ئېرىشتى. كۆڭلىگە غايىب ئالەمدىن نۇر پەيدا بولدى. خوجا قارا پالاز ئىچىدە گوياكى زۇلمەت ئىچىدە ئابىھايانقا ئېرىشكەن خىزىردەك نىجاتلىق تاپتى. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن پادىشاھمۇ قارا پالاز كىيىشنى ئادەت قىلدى. شاھنىڭ قارا كىيىمنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان خالايىقلارنىڭ ھەممىسى قارا پالاز كىيىشكە باشلىدى. چۈنكى قارا رەڭ خالايىق ئۇچۇن قارا تاجدۇر. بۇ خىل رەڭ ئىچىدە بولغان كىشى ناھايىتى مۇبارەك كىشىدۇر.

ئۇ مۇساپىر شۇ سۆزلەردىن كېيىن ھېكايىسىنى تۈگەتتى. شاھ بەھرام بۇ ئەپسانىدىن خۇشال بولۇپ:

— ھەي ھېكمەت ئىگىسى، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن، قەيەرلىك ۋە كىمنىڭ ئەۋلادىسەن؟ — دېدى.

— مېنىڭ ۋەتىنىم ھىندىستاندۇر، — دېدى ئەپسانىچى مۇساپىر جاۋابەن، — خوجا ئەخىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىمەن. بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتىم شاھ ئالىيلىرىغا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

شاھ بەھرام ئۇ مۇساپىرنىڭ جىمى ھاجەتلىرىنى راۋا قىلدى ۋە ئۇنى ئۆز يېنىدا خاس ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. مۇساپىرنىڭ ھېكايىسى بىلەن شاھ بەھرام تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.



**شاھ بەھرامنىڭ يەكشەنبە كۈنى قۇياش كەبى سېرىق لىباسلارنى كىيىپ، ئالتۇنسىمان قەسىر ئىچىدىن ئورۇن ئالغانلىقى، ئۇ يەردە سېرىق كىيىنگەن ھۆر بىلەن ئىشرەت بەزمىسى تۈزۈپ، ساپسېرىق جاملاردا مەي ئىچكەنلىكى، ياق، بەلكى ئۇنىڭغا قۇياشنىڭ سېرىق گۈلى ئېچىلغاندىن تاكى ئاپتاپ سارغىيىپ، كۈن پاتقانغا قەدەر بولغان ۋاقىت بىر يىلدەك بىلىنگەنلىكى**

سېرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن يەلكىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، يەكشەنبە كۈنى جاھاننى ئىللىتقۇچى قۇياش تۇغ-ئەلەمنى چىقاردى. بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ ئالتۇن رەڭ لىباسلارنى كىيدى. جاھان تىللا رەڭ تونلارنى كىيىپ، گۈل يۈزلۈك سەنەمدەك ياساندى. شاھ بەھرامۇ شەرق قۇياشىدەك پۈتۈنلەي ئالتۇن ئىچىگە غەرق بولدى، باشتىن-ئاياغ ئالتۇندا ئىشلەنگەن كىيىملەر بىلەن جابدۇندى. ئۇ قۇياشتەك ساپسېرىق ئالتۇنلارنى ھەر تەرەپكە چاچقان ھالدا كېلىپ، ئالتۇنسىمان سېرىق قەسىر ئىچىگە ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردە نەپىس سېرىق شايىلارنى كىيگەن رۇم گۈزىلى گوياكى سېرىق ئالتۇن ئىچىگە چۆمۈلگەن قۇياشتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گوياكى ئوت ئىچىگە ئوت سالغاندەك، ئالتۇن جامغا زەپەر رەڭ شارابنى قۇيدى. ئۇلار شۇنداق مەيخورلۇق قىلىشتىكى، ئۇ مەينىڭ شولىلىرىدىن گويا قەسىر ئىچىگە ئوت تۇتاشقاندەك بولدى. ئۇ ئوتتىن كۈننىڭ سېرىق تونلىرى ئىسسىلىشىپ تۇتۇن رەڭگىگە كىرىپ قالدى. ئالتۇن تاۋلىنىپ قارايغاندەك بولدى. شاھ بەھرام ئۇ شولىلار ئىچىدە بەئەينى سەمەندەردەك، ياق، بەلكى نۇرلۇق قۇياشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار سېرىق مەينى تاكى ئاپتاپ سارغىيىپ، كۈن پاتقۇچە ئىچىشتى. كەچ كىرگەندە

ئۇ مۇم پىزىلى خۇددى قۇياشتەك نۇرا چىچىپ ئىچىگە كىرمەكنى ئىختىيار قىلدى. شاھ بىھوا سىز ئىلتىماس قىلىپ ئالتۇن كارىۋات ئۈستىدە ياتتى. بىراق ئۇيقۇسى كەلمىدى. شاھ ئاخىر مۇلازىملارغا:

— بۇ قەسىر ئالدىدىكى يولدىن بىرەر مۇساپىر ئۆتۈپ قالسا يەنە كەلتۈرۈڭلار. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئەپسانە سۆزلەپ بەرسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بىرنەچچە كىشى چىقاندى. ئۇلارغا بىر يولۇچى ئۇچرىدى. ئۇ ئادەم ئىنتايىن جەبدەس ۋە تەگداشسىز ساياھەتچى ئىدى. خادىملار بۇيرۇققا بىنائەن يولۇچىنى دەرھال شاھ بەھرام قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ مۇساپىر شاھقا دىلنى سۆيۈندۈرىدىغان دۇئالارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئۆز ھېكمەتلىرىنى ئەپسانە يىپلىرىغا تىزىپ، ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي سۆزلەشكە باشلىدى.

## ئىككىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزلىگەن ھېكايىسى

جەمشىد زاماندا رۇم ئېلىدە ئاجايىپ ئۇستا بىر زەرگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ھۈنىرى خالايىققا قۇياشتەك روشەن ۋە ئايان ئىدى. ئۇ شۇنداق تەگداشسىز ئۇستا ھۈنەرۋەن ئىدىكى، كىشىگە بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەك ئۇنىڭغا كورەك، تاڭ شامىلى ئۇنىڭغا يەل بولغاندەك، قۇياش ئۇنىڭ ئالدىدا تاۋلىنىۋاتقان ئالتۇن توقاچتەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ زەرگەر رۇم پادىشاھىنىڭ ئالدىدىمۇ يۇقىرى ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغاچقا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىش بۇيرۇلاتتى. ئۇ شەھەر ئىچىدە كۆزى مال تونۇيدىغان قابىلىيەت ئىگىسى ئىدى. شاھنىڭ خەزىنىدارىمۇ شۇ كىشى ئىدى. قانچىلىغان كانلاردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلاتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ھۈنەرلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر بىر ھۈنىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى



زەيىد زەھھاب ئىدى. ئۇ كامى مەنىسى (تىللا) بىلەن ئۇستىلىق بولسا، كامى ھېكمەت (ئۆپچە يېرىدا) قىلاتتى. بەزىدە ئالتۇن كانلىرىنى تېپىشقا يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بەزىدە ئالتۇن تاۋلاشقا تۇتۇش قىلاتتى. كېچە-كۈندۈز ئارام ئالمايتتى. شاھنىڭ ۋەزىرلىك خىزمىتىنىمۇ بېجىرەتتى. ئۇ ھەر بىر ھۈنەردە باشتىن-ئاخىرغىچە نۇقسانسىز ۋە تەگداشسىز كىشى ئىدى. پايتەختنىڭ ھەممە كىشىسى دانا شۇ كىشى ئىدى. بىراق ئۇنىڭ بىرلا بېپەرۋالىق ئەيىبى بار ئىدى. ھەمىشە ئەيش-ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى، شاھنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزىنىڭ مالىيىسىدەك خەج-خىراجەت قىلاتتى. ئۇ ئامانەتكە دىيانەتسىزلىك قىلىدىغان ئاشۇ خىل قىلمىشلىرى ئارقىلىق دائىم شاھنىڭ خەزىنىلىرىگە خىيانەت قىلاتتى. لېكىن شاھ ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا چەكسىز مۇلايىم ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ ھۈنەر ۋە ماھارەتلىرىگە ھەمىشە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ماختاپ تۇراتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېيتالمايتتى. ئەگەر بىرەرى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارا قىلغان تەقدىردىمۇ شاھ ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمايتتى، ئەگەر ئېتىبار قىلغان ئەھۋال-ئاستىدىمۇ، ئۇ زەرگەر شاھقا دەرھال بىرەر ھۈنەر ياكى ماھارىتىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالاتتى. شاھ ئۇنىڭسىز بىردەم سەۋر-تاقەت قىلالمايتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى ئۇ كىشى شاھقا مۇنداق ئەقىل ئۆگەتتى:

— ئەي جاھاننىڭ شاھى، تەخت سىنىڭ ماكانىڭدۇر. سەلتەنەتتە دەۋرىمىزنىڭ يېگانىسەن. شۇڭا ساڭا بىر تەختىراۋان بولۇشى كېرەك. باشقا شاھلارنىڭ تەختى ياغاچتا ياسالغان. بىراق سىنىڭدەك بەختى پارلاق پادىشاھنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ئۆز لايىقىدا ئالتۇن تەخت بولۇشى كېرەك. خالايىق ئۇ تەختنىڭ كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇشسۇن. ھازىر نەچچە خەزىنە ھېسابسىز ئالتۇنلار بىلەن توشۇپ كەتتى. يەنە كۈنسايىن كۆپەيمەكتە. بۇ ئالتۇنلارنىڭ خەزىنىدە بىكار تۇرىۋەرگىنىدىن كۆرە بۇ ئىشنى قىلغان پايدىلىق.

چۈنكى بۇ ئىش بىلەن شاھنىڭ زىب-زىننەتلىرى تېخىمۇ جۇلالىنىپ، شان-شەۋكىتى ئاشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ تەخت شاھنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە كۆرۈنۈپ تۇرغان تەييار مال بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزلىگەن بۇ رەڭدار ھېكمەتلىرى شاھقا بەكمۇ خۇش يېقىپ كەتتى:

— ھەي ھەممە ھۈنەرلەردە يېگانە ۋەزىرىم، بۇنداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش خىيالىڭغا كەچكەن بولسا، بىرىپ ئاشۇ خاسىيەتلىك ئىشقا ئۆزۈڭ باش بولغىن، — دېدى پادىشاھ ئۇنىڭغا.

زەرگەر ئۇ تەختىراۋانى تەييار قىلىش ئۈچۈن ئىككى مىڭ پاتمان ئالتۇن تەلەپ قىلدى. شاھ:

— ئۇ كۆڭۈللۈك ئىشنى پۈتكۈزۈشكە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسۇن، ئالتۇن ئېلىپ كېتىلسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئۇ پەيلاسوپ ئۇستاز بارلىق ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىگە يوشۇرۇندى ۋە كېچە-كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تەختنى پۈتكۈزۈشكە ئالدىرىدى. بىر يىل جاپالىق ئىشلەش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ھەممە جاھازلىرى پۈتتى. سەككىز باسقۇچلۇق شۇنداق ئالىي بىر تەخت تەييار بولدىكى، ئۇنى تولۇق سۈپەتلەش مۇمكىن ئەمەس. شاھ ئورۇنلاشقان بۇ تەختنىڭ چۆرىسىدە سەككىز مەنزىل بار ئىدى. ئۇنىڭ تۆتى ئېگىز، تۆتى پەس ئىدى. پەستىكى تۆت مەنزىلدە شېكەر سۆزلۈك تۆت تۇتى سايراش-سۆزلەشكە مەشغۇل ئىدى. ئېگىزدىكى تۆت مەنزىلگە تۆت توز ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ توزلار شاھنىڭ بېشىغا گوياكى ھۇمايۇن قۇشتەك سايە سېلىپ تۇراتتى. تەختىراۋانىڭ ئەتراپى گۆھەر، ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭ سەككىز پەشتىقى شۇنداق خاسىيەتلىك ئىدىكى، شاھ ئۇنىڭ ھەربىر پەشتىقىغا قەدەم باسسا، ئۇ پەشتاق يەنە بىر پەشتاققا تەڭ بولۇپ تۇراتتى. قەدىمىنى كۆتۈرگەندە بولسا، يەنە ئەسلى ھالىتىگە قايتاتتى. سەككىز پەشتاق تۈگىگەندە ئاندىن پادىشاھ ئۇنىڭ ئۈستىدە



ئورۇنلىشاتتى. پادىشاھ خۇشال ھالدا تەختتە ئولتۇرۇشى بىلەنلا تۆت تۇتى يېقىملىق ئاۋازلار بىلەن سايراپ، ھەممىسى تەڭلا: «ئەي تەڭرىم، شاھ بۇ تەخت ئۈستىدە ھەمىشە بەرقارار بولۇپ، مۇرادىغا يەتكەي» دېگەن مەدھىيىنى ياڭرىتاتتى. يۇقىرىدىكى تۆت توزمۇ قاناتلىرىنى ھۇمايۇندەك ئېچىپ شاھنىڭ ئۈستىگە سايە سېلىشقا باشلايتتى. ئۇ تەختنىڭ سەككىز پۇتى ئورنىغا سەككىز تۆۋرۈك بېكىتىلىپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن غالتەك ئورنىتىلغانىدى. شاھ تەخت ئۈستىگە چىقىپ بولغاندىن كېيىن قەيەرنى سەيلە قىلغۇسى كەلسە، ئازراق ئىشارەت قىلىپ قويسىلا، تەختىراۋان شۇ تەرەپكە يۈگۈرگەن پېتى راۋان بولاتتى. ئىككىلا ئالەمدە بۇنداق تەختنى ھېچ خەلق ۋە ھېچ بىر ئۇستا كۆرۈپ باقمىغانىدى. تەختىراۋان پۈتۈپ، زىننەتلىنىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پادىشاھ ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ كۆردى ۋە ناھايىتى خۇشال بولۇپ بارىكاللا ئېيتتى. ھېسابسىز ئىنئام ۋە تارتۇقلارنى بېرىپ، زەرگەر ئۇستىنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. ئۇنى ئۆز يېنىدىكى قەدىرلىك كىشى قىلىپ بېكىتتى.

ئەلقىسسە، زەرگەر زەيد زەھھابنىڭ بىرقانچە كەسپداشلىرى بار ئىدى. ئۇلارمۇ بۇ كەسپتە خۇددى زەيد زەھھابتەك چېچەن ۋە چەبدەس ئىدى. ئۇلار بۇ تەختىراۋانىڭ ساپ ئالتۇن بىلەن ياسالماستىن، بەلكى كۈمۈشنىڭ سىرتىنى ئالتۇندا قاپلاش ئارقىلىق ياسالغانلىقىنى سېزىۋالدى. ئۇلار ئويلاپ يەتتىكى، زەيد زەھھاب بۇ تەخت ئۈچۈن ئالتۇن ئورنىغا كۈمۈش ئىشلىتىپ، ئالتۇننى ئۆزى ئېلىپ قاپتۇ. تەختنىڭ سىرتىغا ئازراق ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىپ زىننەتلەپتۇ-دە، تەختىراۋانى مۇشۇ خىل شەكىلدە ياساپ چىقىپتۇ. ئەمدى بۇنى بۇزۇپ كۆرۈپ بېقىش زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى ئۆزى بىلگىنى تۈزۈك. زەيدنىڭ كەسپداشلىرى يۇقىرىقىدەك خىياللار بىلەن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. لېكىن ئۇلار زەيد زەھھابتىن ۋەھىمە قىلاتتى. چۈنكى

شاھ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ئاخىر ئۇلار بۇ ئىشنى پاش قىلىشنىڭ ئوبدان بىر چارىسىنى تېپىپ چىقتى: ئۇلار شېرىن سۆزلۈك ئىككى تۇتىنى تېپىپ، ھەر كۈنى بۇ تۇتىلارنىڭ بىرىگە «بۇ تەخت ئەسلى ئالتۇن ئەمەس، سىرتىلا ئالتۇن بىلەن قاپلانغان» دېگەن سۆزنى؛ يەنە بىرىگە «بۇ تېشى پالپال، ئىچى غالغال مەھسۇلات» دېگەن سۆزنى ئۆگەتتى. تۇتىلار بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى ئۆگىنىپ، راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولدى ۋە بارا-بارا زەيدنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان بۇ ئىككى ھېكمەتنى ئۆزلۈكىدىنلا تەكرارلايدىغان، كىمنى كۆرسە دەيدىغان ھالغا كەلدى. ئاندىن ئۇلار تەختىراۋاننى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كىشى بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئايىغىغا ئالتۇنلارنى چېچىپ ئۆز مۇددىئالىرىنى بايان قىلىشتى. ئۇلار تەختىراۋان مۇھاپىزەتچىسىگە:

— شاھ ئالدىدا بۇ سىرنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن بۇ ئىككى تۇتىنى تەختىراۋان ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگىن دېدى.

مۇھاپىزەتچى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، تەختىراۋانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇتىدىن ئىككىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ ئىككى تۇتىنى مەخپىي ھالدا ئورۇنلاشتۇردى.

تاڭ ئاتتى. پادىشاھ تەختكە چىقىشى بىلەنلا ھېلىقى ئىككى تۇتى يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇلار توختىماستىن: «بۇ تەخت ئەسلى ئالتۇن ئەمەس، ئۇنىڭ پەقەت سىرتىلا ئالتۇن بىلەن قاپلانغان»، «بۇ تېشى پالپال، ئىچى غالغال مەھسۇلات» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغىلى تۇردى. شاھ بۇ ئىشتىن ھەيرانۇھەس قالدى. زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ۋەقەدىن قاتتىق تەئەججۈپلەندى. شاھ كۆڭلىدە: «بۇ ئىشنى قىلغان ئادەمنىڭ زەيد زەھھاب بىلەن ئازراق ئىشى بار بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ ئادەم زەيدتىن قورقۇپ، قۇشنىڭ تىلى ئارقىلىق زەيدنىڭ ئەيىبىنى بىزگە يەتكۈزمەكچى بولۇپتۇ. گەرچە ئۇ كىشى زەيدتىن قورقسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى ئېنىقلاش بىزگە ناھايىتى ئاسانغۇ» دېگەنلەرنى



ئويلىدى. شاھ شۇنىڭدىن كېيىن تەختىراۋاننىڭ بىر پۇتىنى ئېكەكلىدى. راستىنلا بۇ ئىشنىڭ ساختا ئىكەنلىكى تولۇق ئاشكارا بولدى. زەيدنىڭ مۇنداق خىيانەتكارلىقىنى بىلگەن شاھنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىلتىپات رىشتىلىرى ئۈزۈلدى. نەتىجىدە زەيدنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى ئوردا خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، زەيدنى زىندانغا تاشلىدى. گۇناھكار مەھبۇسلارنىڭ قېچىپ كېتەلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ زىنداننىڭ تۈڭلۈكى تار، تۈۋىنى كەڭ قىلىپ ياسالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچى گوياكى ھىجران كېچىسىدەك قاراڭغۇ ئىدى. شاھ زەيد زەرگەرنى ئاشۇ زۇلمەت ئىچىگە بەند قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا كۈندە ئىككى نان، بىر ئۆۋرىقتا سۇ بېرىش بەلگىلەندى. زەيد ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىقى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق كۈنگە قالدى. ئۇ زىنداندىمۇ ھەمىشە بىر ئېكەك بىلەن بىر خەنجەرنى يېنىدىن ئايرىمىدى. ئېكەكنى خەنجىرىنىڭ غىلىپىغا يوشۇرۇپ، خەنجىرىنى بولسا، كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە مەخپىي ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «گەرچە مەن بۇ يەردە ئېغىر غول-زەنجىرلەرگە ۋە بۇنداق ئېغىر پالاكەتكە دۇچار بولغان بولساممۇ، لېكىن بۇنىڭ چارىسىنى قىلىشتىن ھەرگىزمۇ قول ئۈزمەيمەن» دەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆزىگە بېرىلگەن نان بىلەن سۇنى بىر چەتتە قويۇپ، خەنجىرى بىلەن يەرنى كولاشقا باشلايتتى. ئۇ يەردىن چىققان تۇپىنى ئۆۋرىقتىكى سۇنى تۆكۈپ پالچىق ئېتىپ، پەلەمپەي ياسايتتى. ئېكەك بىلەن ئايىغىدىكى زەنجىرلەرنى كېسىپ، نان بىلەن جېنىنى ساقلايتتى. ئۇ ھەر كۈنى سۇ ئۈچۈن قاڭغىر قاقشاپ، ئىنتىزارلىق بىلەن نالە-پىغانلار قىلاتتى. بىراق سۇ كەلگەن ھامان ئۇنى ئىچمەستىن يەنە پالچىق ئېتىپ پەلەمپەي ياسايتتى. پەلەمپەيلەر بارغانسېرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. پەلەمپەيلەر شۇ يوسۇندا ئاستا-ئاستا ئېگىزلەپ، نەچچە ئاي ئۆتكەندە تۈڭلۈككە يەتتى. زەيد زەھھاب پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقتى-دە، تۈڭلۈكنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان ئېغىر تاشنى ئالماستەك پۇختا خەنجىرىنىڭ ئۇچى بىلەن

چوقۇپ، بىر تەرىپىدىن لەقەمدەپ تۆشۈك ئاچتى. ئاندىن ئاشۇ تۆشۈكتىن چىقىپ، زىنداندىن قاچتى. ئۇ پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا چوقۇم ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، بىر دەممۇ توختىماستىن پەرەڭ مەملىكىتى تەرەپكە قاراپ تىكىۋەتتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى سېزىپ شاھقا مەلۇم قىلدى. شاھ ئۇنىڭ ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ زىنداندىن قاچقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق خاپا بولدى. زەيد ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىنماي يۈرۈش قىلدى. ئۇ يول بويى ھەر قەدەمدە مىڭلىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلدى. نۇرغۇن رىيازەتلەر چەككەندىن كېيىن ئاخىر پەرەڭ مەملىكىتىگە يەتتى. ئۇ يەردە ماكانلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ قورقۇنچىسى تۈگىدى. قۇستەنتەنىيە شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ تىرىكچىلىك قىلدى؛ ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر بۇتخانا بار ئىدى، ئۇنى كىشىلەر «دەيرى كۇھەن» (كونا بۇتخانا) دەپ ئاتىشاتتى. زەيد زەھھاب ئۇ يەرگە بېرىپ بۇ ئالىي ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىردى. بۇ بۇتخانىنىڭ چەك-چېگرىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ تۆرىدە بىر ئازادە ئۆي بار ئىدى. ئۇنىڭ گۈمبەزلىرىنىڭ ئەتراپى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن، تاملىرى قاشتېشى بىلەن قوپۇرۇلغان، تېگىمۇ مەرمەر تاشلاردىن پايانداز ياتقۇزۇلغانىدى. گۈمبەزلىرى ھەرخىل جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇ ئۆينىڭ پەلەكتەك كەڭ ئىككى دەرۋازىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ بېزەكلىرى ۋە زىب-زىننەتلىرى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. ئىشىكباقارلار ئۇ دەرۋازىنى ئالتۇن قۇلۇپلار بىلەن مەھكەم تاقاپ قويۇشقانىدى. ئاتەشپەرەسلەرنىڭ شەيخلىرى ئەتە-ئاخشاملىرى ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ خالايىقلار بىلەن ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن دەرھاللا خالايىقنى چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ قۇلۇپ سالاتتى.

ئۇ جاھان پەيلاسوپى زەيد زەھھاب بۇ ئالتۇن ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەركار (سىركۇل) دەك ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ تاۋاپ قىلغان بولۇپ، كۆڭلىدە: «بۇنداق ساپ ئالتۇنلار تۇرغان يەردە، مەن پادىشاھنىڭ ئالتۇنلىرىنى يوشۇرۇپ نېمە قىلاي»



دەپ ئويلىدى. زەيد ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىنى بۇتپەرەس قىلىپ كۆرسىتىپ بۇتخانا ئىشىكى ئالدىدا ياتتى. ئۇ بۇتپەرەسلەرنىڭ رەسىم-قائىدىلىرىنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىۋالدى-دە، كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بارغانسېرى ئىبادەتلىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا ئىدى. زەيد زەھھاب گويا بىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ ئۇلۇغ تەڭرىگە قۇللۇق بەجا كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش ھەربىر بۇتقا شۇ قەدەر ئىخلاس قىلاتتى. بۇ ھىيلە-مىكىرلەر ئالدىدا ئالدانغان بۇددىست خەلقلەر ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇلار ھەممىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغان ھالدا ئىبادەت قىلىدىغان بولدى. زەيد زەھھاب ئۆزىنىڭ بۇ قەدەر ئۇستاتلىقى ۋە يۇقىرى ئابرويى بىلەن دەيرى كۇھەننىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى قولىغا كىرگۈزدى. بۇتخانىنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ قولىغا ئالدى. بۇددىستلار ۋە بۇت ياسىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھۆكمىگە بويسۇناتتى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندىن كېيىن ئۇ بۇتلارنى بۇزۇش ئۈچۈن ئەسۋابلارنى تەييارلىدى. كېچىسى كىشىلەر ئۇيقۇغا بارغاندا ئۇ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، بارىدىغان يوللارنى بىلىۋالاتتى.

ئەلقىسسە، دەريانىڭ قىرغىقىدا بىر تاغ بار ئىدى. زەيد زەھھاب تاغ ئىچىدىن بىر غارنى تاپتى. ئەسلىدە زەيد زەھھابنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇلار زەيدنىڭ دۆلەتمەن چاغلىرىدىمۇ خىزمىتىنى قىلغان كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغاندا بۇ ئىككىيلەن يەنە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بىللە كەلدى. بىراق ئۇنىڭ زەيدنىڭ بۇتپەرەس بولۇپ كەتكەنلىكىدىن رەنجىپ، نائىلاج ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەنىدى. زەيد بىر كۈنى بۇ ئىككى ئاغىنىسىنى تېپىپ، كۆڭلىدىكى پىلانلىرىنى ئۇلارغا مەلۇم قىلدى. ئۇ ئىككىيلەنمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، زەيدكە يارى غار (غاردىكى دوست) دەك ھەمراھ بولۇشنى ئۆزلىرىگە ۋەزىپە قىلىشتى. زەيد ئۇلارنى غار ئىچىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ:

— زەرگەرلىك ئەسۋابلىرىنى غار ئىچىگە ئەكىلىپ، ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

ئۇلار تاپشۇرۇق بويىچە لازىملىق نەرسىلەرنى تەق قىلىپ تۇردى. زەيد زەھھاب كۈندۈزى ئەلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئىبادەتكە مەشغۇل بولغان تەقۋادار بىر بۇددىست قىلىپ كۆرسەتتى. خالايىقنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بېرىش بىلەنلا بۇتخانىدىن چىقاتتى-دە، ھېلىقى غارغا بېرىپ، ئاغىنىلىرى بىلەن ئىشقا تۇتۇش قىلاتتى. ئۇلار تۆمۈردىن بۇتلارنى ياساش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇ بۇتلارنى دەيرى كۇھەنىنىڭ ئالتۇن بۇتلىرىغا ئوخشىتىپ تەييارلايتتى. ئاندىن بۇ بۇتلارنىڭ خالايىق كۆزلىرىگە ئالتۇندەك كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، ئازغىنا ئالتۇن بىلەن ئۇنىڭ سىرتىنى سىلاپ، روكەش قىلىپ تۇغرىلايتتى. بۇتخانىدىكى جاۋاھىرلار ئورنىغا يەنە ھەر خىل شېشىلەرنى تەييار قىلىپ پەرەڭلەرنىڭ رەسمىيتى بويىچە بۇتخانىنىڭ ھەر بىر تام-ئىشىكلىرىگە ئورنىتىپ چىقاتتى. بۇنىڭ ئەسلىدىكى جاۋاھىرلار بىلەن بولغان پەرقىنى زادى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ بىناكار ئۇستا زەيد زەھھاب تەييار بولغان نەرسىلەرنى ئىككى ئاغىنىسىگە كۆتۈرگۈزۈپ، ئۇنى ئەل كۆزىدىن يوشۇرۇن ھالدا بۇتخانىغا ئېلىپ كېلەتتى-دە، بۇتخانىنىڭ ئىشىكىنى پەم بىلەن ئېچىپ كىرىپ، قايسى بۇتقا ئوخشىتىپ ياسىغان بولسا، شۇ بۇتنىڭ ئورنىغا بۇ بۇتنى ئالماشتۇراتتى. ئىككى بۇرادىرى ئالتۇن بۇتنى غارغا ئېلىپ كېتەتتى. تۆمۈردە ياساپ، ئالتۇندا ھەل بېرىلگەن بۇتنى بۇتخانىغا قوياتتى. ئاندىن ئاستاغىنا ئىشىكنى تاقايتتى. بۇ مەخپىي ئىشنىڭ تۈگۈنلىرى پەقەت بۇتخانا ئىچىدىكى سىر پېتىچىلا قالاتتى. نەچچە ۋاقىتقىچە زەيدنىڭ ئىشلىرى شۇ يوسۇندا داۋام قىلدى. ھېچكىم بۇ ئىشنى سېزەلمىدى. ئاخىر بۇتخانىدا بىرمۇ ئالتۇن بۇت قالمىدى. ھەتتاكى بۇتخانىدىكى ئالتۇن لېگەن، قەندىل ۋە تەشتەكلەرمۇ پۈتۈنلەي تۆمۈر بىلەن ئالمىشىپ بولدى. زەيد زەھھاب ھەممىنى پاك-پاكىز يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋەتەن تەرەپكە قاراپ



سەپەرگە چىقىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ قايتىش نىيىتىنى ئاشكارىلىغانىدى، بۇددىستلار تەڭلىكتە قالدى.

— ئەي بۇتپەرەسلەرنىڭ يولباشچىسى ۋە زاھىدى، — دېدى ئۇلار چۇقان سېلىشىپ، — نېمە ئۈچۈن ھىجران مۇقاملىرىنى توۋلايسەن، نېمشقا تەڭرىلەردىن تېنىپ، نىيىتىڭنى بۇزىسەن؟!

زەيد ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇتلاردىن كۆڭلۈمنى ھەرگىز ئۈزەلمەيمەن، ئۇنىڭدىن نەچچە مۇددەت ئايرىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، لات مەنات دېگەن بۇت ماڭا ئانامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن بېشارەت بەردى. مەن بۇتلارنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سەپەرگە چىقىش قارارىغا كەلدىم. ئانامنىڭ ھەددى-ھېسابسىز مال-مۈلكى بار بولسىمۇ، بىراق مەندىن باشقا ۋارىسى يوق. شۇڭا ئەھۋالدىن ۋاقىپلانغانىكەنمەن، دەرھال يولغا چىقىشىم كېرەك. مەن بېرىپ مال-مۈلكۈمنى قولغا ئېلىپ بۇتخانىغا قايتىپ كېلىمەن. قولۇمغا كىرگەن بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىپ نەزىر قىلىمەن ۋە دەيرى كۇھەنىنىڭ خىراجەتلىرى ئۈچۈن سەرپ ئېتىمەن. مېنىڭ غەرىزىم مال-دۇنيا ۋە نازۇ نېمەتتە ئەمەس، ماڭا مۇشۇ دەيرى كۇھەنىنىڭ نېمىتىلا كۇپايە. گەرچە مەن بۇتلاردىن يىراقلىشىپ دائىم بىئارام بولسامۇ، لېكىن نەگىلا بارسام كۆڭلۈم يەنىلا بۇتخانا مېھرى بىلەن سۆيۈنىدۇ.

زەيدنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بۇددا مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ بۇقەدەر ئىخلاسمەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندى:

— بىز سېنىڭ بۇقەدەر پاك ئەقىدەڭگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇق، — دېدى ئۇلار زەيدنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇپ، — بۇددىستلىقتىكى بۇ مۇستەھكەم ئىرادەڭگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. بىراق سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق بىز بۇددا مۇرىتلىرى ھىجران ئازابى ئىچىدە قالىمىز. شۇڭا تېز بېرىپ، سالامەت قايتىپ كەلگەيسەن. سەن بۇددا ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى قىلىپ، دەيرى كۇھەن ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىبادەت بىلەن بولدۇڭ.

ئەمدى يۇرتۇڭغا قايتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان بولسا، بىزنىڭ ئەلۋەتتە يول جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ بېرىشىمىز شەرت.

زەيد زەھھاب: «بۇنداق قىلماڭلار! بۇنداق قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق!» دەپ ناھايىتى كۆپ يالۋۇرۇپ نالە-زار قىلغان بولدى. بىراق ئۇلار تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىر ئۈندىمەستىن جىم تۇردى. بۇتخانا ئىچىدە بارلىق كاتتا ئەربابلار ۋە راھىب كاھىنلار بىر يەرگە جەم بولدى. ھەممىسى ئىززەت ۋە ئىكراملار بىلەن زەيد زەھھابقا ئىخلاسمەنلىكلىرىنى كۆرسىتىشتى. ئۇلار ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ھەددى-ھېسابسىز خەزىنە-دەپىنىلەرنى يىغدى. ھەممە ئۆز تەكلىپلىرىدە ھەددىدىن تاشقىرى چىڭ تۇرۇپ پۈتۈن خەزىنىلەرنى ئۇنىڭغا يوللۇق تۇتتى. زەيد ئۇلارنىڭ ھەممىسنى تاپشۇرۇۋېلىپ يىغىشتۇردى. ئۇ گەرچە شۇ كۈنلا مېڭىشقا ئالدىرىسىمۇ، لېكىن يوللۇق جابدۇقلار ئۈچۈن توختىغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئاغىنىسى غار ئىچىدە ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى جەملەپ قاچىلارغا سېلىپ، تېگىپ تەق قىلىپ تۇردى. ئۇلار زەيد زەھھابنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، تاغ ئېتىكىدىكى ساھىلغا كەلدى. ئاندىن چوڭ بىر كېمىنى كىرا قىلدى. غار ئىچىگە يوشۇرغان بارلىق نەرسە-كېرەكلەرنى كېمىگە سالدى. ئاندىن ئۇلار زەيد زەھھابقا يوللۇق تۇتۇلغان سوۋغاتلارنىڭ ھەممىسىنى سۇ ياقىسىغا يۆتكەپ كېلىپ، كۆپ چارە-ئاماللار بىلەن ئۇلارنىمۇ كېمىگە تولۇق قاچىلىدى. ئۇلار بۇ مال-مۈلۈكلەردىن كۆڭۈللىرى سۆيۈنگەن ھالدا بۇددىست ئەللەر بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. بۇددا ئىخلاسمەنلىرى پىراق ئوتلىرىدا كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئايرىلىش ئەلەملىرى ئازابلىماقتا ئىدى. زەيدمۇ ھەمراھلىرى بىلەن ياش تۆككەن ھالدا كېمىگە كىردى. كېمە ماڭغاندىن كېيىن زەيد ئۇزاتقىلى چىققان خالايىققا قاراپ:

— بىر پارچە خەت يېزىپ بۇتخانا ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدۇم، ئەگەر ئۇ مۇبارەك مەكتۇپنى تاپماقچى بولساڭلار، لات مەنات



ناملىق بۇتنىڭ ئالدىغا قاراڭلار. ئۇنى چوقۇم تېپىپ ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ناھايىتى پايدىلىق خەت، ئۇنىڭدىن سىلەرگە ناھايىتى كۆپ مەنپەئەت ۋە شاپائەت يېتىدۇ، — دېدى. زەيد زاھھاب شۇ سۆزدىن كېيىن كېمىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. كېمە شامالدەك تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

بۇددىستلار ئىچىدىن بىرقانچە كىشى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، بۇتخانا ئىچىدىن خەتنى تاپتى. ئۇلار بۇ خەتنى جانلىرىغا تۇمار قىلماقچى بولۇپ، يىغا-زارە قىلىشقان ھالدا كۆزلىرىگە سۈرتۈشتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىپ، باشتىن-ئاياغ ئوقۇشتى. ئۇ خەتتە يېزىلغان بۇ ئەپسانىدىن پۈتكۈل خالايىق داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار گويا مەستلىك ئۈستىگە بەڭ يېگەندەك بولدى. ئىنچىكە تەكشۈرۈلگەندى، خەتتە يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى راست بولۇپ چىقتى. بۇ ئىشتىن بۇددىستلار ئارىسىدا گوياكى توپان بالاسى قوپقاندەك بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بۇ ئەھۋالغا ئەقىللىرى ھەيران، ئىدراكلىرى سەرگەردان بولدى.

زەيد زەھھاب مەككارلىق ۋە ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، دەريادا بىرقانچە كۈن يول يۈردى. ئۇنىڭ كېمىسى ناھايىتى تېز يۈرمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇزۇنغا قالماي رۇم ساھىلىدىن چىقتى.

ئەلقىسسە، رۇم پادىشاھى بىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. بۇ كېسەل ئۇنىڭ جىسمىغا ئىنتايىن ئېغىر ئازاب سېلىشقا باشلىدى. بۇ ئازاب ئىچىدە شاھنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. بارلىق تېۋىپ-ھۆكۈمالار ئۆزلىرى بىلىدىغانلىكى ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى داۋالاشقا كىرىشتى. بىراق داۋالىغانسېرى شاھنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئۇ كېسەل شۇنداق چىدىغۇسىز ئازابلارنى سالدىكى، شاھنىڭ كۆڭلى ھاياتلىق ۋە ئۆمۈر دېگەنلەردىن بىزار بولدى. ھېچكىم بۇ كېسەلگە ئارا تۇرۇپ داۋالىيالمايۋاتاتتى. داۋا قىلىمەن دېگەنلەرنىڭمۇ داۋاسى تەتۈرىگە مېڭىپ، كېسەل ئۈستىگە كېسەل قوشاتتى-دە، ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ داۋالاشلىرىدىن يۈز مىڭ

پۇشايمانلارنى قىلاتتى، بىراق پايدىسى بولمايتتى. پادىشاھ ئۆزىنى بۇ ناتىۋانلىق ئىچىدە كۆرۈپ، زەيد زەھھابتىن ئىبارەت بۇ دانا ۋەزىرىنى ناھايىتى كۆپ ئەسلەيتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ دانىشمەن زەيد زەھھاب دەريادىن چىقىپ، كىشىلەرگە ئاجايىپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرى ئاجايىپ-غارايىپ بولسىمۇ، بۇ ئىشى تېخىمۇ غارايىپ ۋەقە ئىدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا-سالاملىرىنىڭ بىر قىسمىنى كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، يوشۇرۇن ھالدا شەھەرگە كىردى. ئىلگىرىكى ئىشكەلنى يەنە پۇتىغا سېلىپ، مەخپىي ھالدا ھېلىقى زىندانغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ئىشنى زىندان بېگى سېزىپ، پادىشاھقا خەۋەر قىلدى. شاھ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىش بىلەنلا گوياكى ئۆلۈك جان تاپقاندەك بولدى. شاھنىڭ تۇرۇشقا مادارى قالمىغانلىقتىن:

— ئۇنى دەرھال قېشىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى ۋە ھېسابسىز ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ تون-سەرۇپايلارنى ھەم ئۆزىنىڭ مىنىدىغان مەخسۇس ئېتىنى ئەۋەتتى. زەيد زەھھابقا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ شاھنىڭ قېشىغا بارماي بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتتى. ئۇ خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: « شاھ مەندىن غەزەپلىنىپ زىندانغا سالدى. ئۇ يەردە كۆپ رەنجۇ مۇشەققەتلەرنى تارتتىم. قىلغان گۇناھىم ۋە خىيانىتىمنى دېسەم، بۇنىڭدىن ئون ھەسسە زىيادە جاپا تارتساممۇ ھەق ئىدى. بىراق ئەمدى مېنىڭ ئەرزىم شۇكى، پادىشاھ پۈتكۈل رۇم دۆلىتىنىڭ باج-خەزىنىلىرىنى زايا قىلىپ، يىلدا ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ، پەرەڭ ئەھلى بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. بۇنىڭدىن مەقسىتى پەرەڭلەرنىڭ بۇتلىرىنى سۇندۇرۇش ۋە بۇ ئىش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى تىندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بىراق ئۇ تەرەپكە كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى تېخىچە قىلالمىغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالتۇن بۇتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلدىم. ئۇنى شاھنىڭ خەزىنىسىگە قوشىمەن. شاھنىڭ بېشىدىن جاۋاھىرلارنى



چېچىپ، بارلىق مەخپىي ۋە ئاشكارا قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئالدىدا بايان قىلىمەن. يەنە تەگرى خاھلىسا، شاھنىڭ ھەرقانداق كېسىلى بولسا داۋالاپ، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزىمەن. لېكىن پادىشاھى ئالەم مېنى چاققان دۈشمەنلىرىمنىڭ ئاياغلىرىغا ئىشكەل سېلىپ، ھەممىسىنى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتسۇن. بۇ ئىش بىلەن مېنى خۇشال قىلىپ مۇرادىمغا يەتكۈزسۇن. مەن پادىشاھ تەرەپكە ماڭغاندا ئۇلار مېنىڭ ئورنۇمدا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرسۇن. مەن چىقىپ كېتىش بىلەن زىندان ئىچىدىكى ئورنۇم بوش قالمىسۇن. ئەگەر بۇ تەلىپىم ئورۇندالمىسا، مۇشۇ زىندانىنىڭ تېگى مەڭگۈ مېنىڭ ئورنۇم بولۇپ قېلىۋەرسۇن.»

شاھقا بۇ تەلەپنامە يەتكۈزۈلدى. شاھمۇ زەيد زەھھابنىڭ دۈشمەنلىرىدىن كۆپ خىيانەت ۋە زىيان-زەخمەتلەرنى كۆرگەچكە ئۇلاردىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ، ھەممىسىنى زىندانغا تاشلاش نىيىتىگە كەلگەنىدى. بىراق شاھنىڭ جىسمى ئاغرىق بىلەن زەئىپلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ ئىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. خوجا زەيدنىڭ تەلەپنامىسى بۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان باھانە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى بەند قىلىپ، زىندان تېگىگە سالدى. خوجا زەيد ئۆزى ئولتۇرغان زىندانىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، تاشقىرىغا چىقتى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئىشكەللەر دەرھال ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ پادىشاھ ئەۋەتكەن رەڭگارەڭ تونلارنى كىيىپ، ئاتقا مىنىپ، شاھ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئوردا ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتتىن چۈشتى ۋە بوسۇغىنى سۆيۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى. زەيد شاھنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. پادىشاھمۇ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ قول ئۇزاتتى. زەيد بارچە قائىدىلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، شاھنىڭ قوللىرىنى سۆيدى. شاھ ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. ئۇ شاھنىڭ سۆزلىرىدىن كېسەلنىڭ تېگىگە يېتىپ، چارىسىنى تاپتى. تۆت-بەش كۈن داۋالىغانىدى، شاھ شىپا تاپتى. شاھنىڭ

تېنىدە كېسەل قالمىغاندىن كېيىن زەيد زەھھاب ئۆزىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلىرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا تۆكتى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە قېتىپ قالدى. بۇنداق ئىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى. زەيد زەھھاب بۇ ئاجايىپ ھېكايىنى تولۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مەخپىي ئىشلىرىنى ئاشكارىلىدى. شاھنىڭ كۆڭلى زەيدنىڭ ھېكايىسىدىن ھەيران قالدى. زەيد بارلىق ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن خەزىنىلىرىنى شاھنىڭ خەزىنىدارىغا تاپشۇردى. شاھ زەيد زەھھابقا شۇ قەدەر زور ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتىكى، ئۇنى شەرھلەش ئاساس ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن ئالتۇنلار خەلققە بۆلۈپ بېرىلدى. شاھنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن خادىملار خوجا زەيدنىڭ رەڭگارەڭ كىيىملىرىنى ساپسېرىق ئالتۇنلار ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ تېگىگىمۇ زەرباپ تەتىللاردىن پايانداز ۋە بىساتلار سېلىندى. خالايىق ئۇنىڭ ئىززەت-ئابرويى تېپىپ، ئالتۇن ئىچىگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. ئۇلار گوياكى زەپەر يېگەن كىشىدەك شادلىنىپ كۈلۈشتى. نەچچە مەھەلدىن كېيىن شاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خوجا زەيدنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ زىنداندىن ئازاد قىلىندى. ئۇلار خوجا زەيدكە نەزەر سالغىنىدا، خىجالەتچىلىكتىن ھەر بىرىنىڭ چىرايلىرى ئالتۇندەك سارغىيىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇلارنىڭ خىجالەت ئىچىدە سارغايغانلىقىنى كۆرگەن خالايىق باغرى قانغۇچە كۈلۈشتى. كەھرىۋانىڭ رەڭگى گۈزەل بولمىغان بولسا، ئۇ قانداقمۇ سامانىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تارتالايتتى؟ خوجا زەيدنىڭ ئالتۇنغا چۆمۈلگەنلىكى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ چىرايىنىڭ سارغايغانلىقى ئىدى. شۇنداق تەسەۋۋۇرلىنىدۇكى، ئىشق بىراۋنىڭ رەڭگىنى ساماندەك سارغايتسا، پات پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئاھۇ زارى ئەلنىڭ كۆڭۈللىرىگە تەسىر قىلىدۇ. ئەگەر سۈبھى ۋاقتىنىڭ چېھرىسى زەپەردەك سارغايمىغان بولسا، بۇ ئاسمان گۈمبىزىمۇ كىشىلەرگە قۇياشنى كۆرسىتەلمەس ئىدى.



ئەلقىسسە، ئۇ ئەپسانىۋاز ساياھەتچى ئۆز ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۈگەتتى. شاھ بەھرام بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇ مۇساپىردىن سورىدى:

— ئەي شېرىن سۆزلۈك كىشى، سەن بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بولدۇڭ. سۆزلىرىڭ بىزنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىڭنىمۇ بايان قىلىپ باقساڭ قانداق؟

— ئەي جاھان پادىشاھى، — دېدى ئۇ مۇساپىر جاۋابەن، — مېنىڭ ۋەتىنىم رۇم شەھىرىدۇر. ھۈنىرىم تىبابەت بىلەن ھېكمەتتۇر. ئۆزۈم ئاشۇ دانىشمەن ئالىم زەيد زەھھابنىڭ ئەۋلادى بولىمەن. بۇ ياققا كېلىشتىن مەقسىتىم ساڭا ئاددىي خىزمەتكار بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. خۇداغا شۈكرى، تەڭرىدىن تىلىگەن دۆلەتكە يېتىپ، ئارزۇيۇمنى تاپتىم.

شاھ بەھرام ئۇ ساياھەتچىنىڭ ئارزۇسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ۋەزىرلىرىنىڭ بىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ ئەپسانىچى بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شاھ بەھرامنى شۇنداق قاتتىق بىر ئۇيقۇ تۇتتىكى، تاكى قۇياش چىقمىغۇچە كۆزلىرىنى ئاچمىدى.

## دۈشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ نەۋباھار كەبى يېشىل تونلارنى كىيىپ، يېشىل گۈمبەزگە كەلگەنلىكى، ئۇ يەردە مايسا رەڭلىك لىباسلارنى كىيگەن بىر يېشىل سەرۋى بىلەن بىللە زۇمرەت جامدا ھاياتلىق شەربەتلىرىنى ئىچكەنلىكى ۋە ئۇ ھاياتلىق بۇلىقىدىن خىزىر ھاياتىغا ئېرىشكەنلىكى

سىرلىق مەنزىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، دۈشەنبە كۈنى بۇ ئالتۇنلار بىلەن بېزەلگەن ئاسمان تون ئەينىكىنىڭ رەڭگىنى سۇندۇرۇپ، يۈزلىگەن سېھرىي ھۈنەرلىرى

ئارقىلىق سۈبھىنى پەيدا قىلدى؛ تۈن چېدىرىغا زۇمرەتتىن رەڭ بەردى؛ پارلاق قۇياش بۇلىقىنىڭ سۈيى بىلەن پەلەك مايسىزارىنى سۇغاردى. شاھ بەھرامۇ بوستاندىكى سەرۋىدەك رەيھانسىمان يېشىل تونلارنى كىيدى ۋە كۆكلەمزار بىلەن يۈرۈپ، يېشىل ئايۋان ئىچىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردىكى پەرى سۈپەت گۈزەلمۇ ئۆزىنى شېشە رەڭلىك لىباسلار بىلەن بېزەپ، جىلۋىگەر بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مايسا رەڭلىكىدىن سۆيۈنگەن ھالدا تەبەسسۇم قىلىپ، لەۋلىرىدىن شېكەر تۆكمەكتە ئىدى. ئەگەر يېشىل دەرەخنىڭ مېۋىسى شۇنداق تاتلىق بولىدىغان بولسا، تېخىمۇ گۈزەل بولىدىكەن. ئۇ سەنەم كېلىپ ناز-كەرەشمىلەر بىلەن شاھ بەھرامغا شېشە رەڭلىك جامنى تۇتتى. شاھمۇ ئۇنى ئارقىمۇ ئارقا قولىدىن ئېلىپ، ئۆز ئەكسىنىڭ رەڭگىدىن ئۇ جامنى زۇمرەت رەڭگىگە كىرگۈزگەن ھالدا ئىچمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ زۇمرەت رەڭ پەلەك تۈن لەشكەرلىرىنىڭ چاڭ-توزانلىرىدىن كېچە رەڭگىگە كىردى. شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىنىڭ خىياللىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇنى ئىستىدى. شاھنىڭ قائىدە-يوسۇنى بويىچە ئۇنىڭ خادىملىرى سىرتقا چىقىپ، بىر مۇساپىرنى شاھ قېشىغا باشلاپ كىردى. شاھ ئۇنى پەردە سىرتىدا ئولتۇرۇپ، دەرھال ئەپسانىسىنى باشلاشقا بۇيرۇدى. ئۇ مۇساپىر پادىشاھقا مەدھىيە ۋە ماختاشلارنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ گۈزەل ھېكايىسىنى باشلىدى.

## ئۈچىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزلىگەن ئەپسانىسى

ئۇ مۇساپىر ئۆز ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا مىسىر شەھىرىدە كاتتا باي بىر خوجا بار ئىدى. ھەرقانداق ھاجەتمەن ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئورۇن ئالاتتى. ئۇنىڭ ھەددى-ھېسابسىز مال-دۇنياسى ۋە چەكسىز



سېخىيلىقىنى تەرىپلەپ تۈگەتكىلى ۋە تەسۋىرلەپ ئاخىرىغا يەتكىلى بولمايتتى. مىسىر پادىشاھىنىڭ خەزىنىلىرىمۇ ئۇنىڭ بايلىقىغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ ھۆسن-جامالدا، بارلىق پەزىلەت ۋە دانالىقتا مىسىر يۈسۈپىدەك ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھوشيارلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر بەختلىك پەرزەنتى بار ئىدى. جاھاندا ئۇ پەرزەنتنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. ئاتىسىنىڭ بار-يوق مال-مۈلكى شۇنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ھەرقانداق ئىلىم ئۇنىڭ نەزىرىدە ئايان ئىدى. بارلىق پەزىلەت ئەھلى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى سەئىد ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئولتۇرسا-قوپسا ئويلايدىغىنى ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ بىر مېھمانخانىسى بار ئىدى. ئۇ يەرگە مەيلى تونۇش ياكى ناتونۇش كىشىلەر كەلسۇن ۋە ياكى سەپەر ئەھلىلىرى كەلسۇن دەخلىسىز ھالدا كىرگۈزەتتى. كەلگەن مېھمانلارنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن ھالىنى سوراپ، مۇرادلىرىنى ھاسىل قىلاتتى. ئۇلارغا چەكسىز ئىلتىپات ۋە ياخشىلىقلارنى قىلاتتى. سەئىد مېھمانلارنى مۇلايىملىق ۋە ياخشىلىقلىرى بىلەن تەسىرلەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى، قىلىدىغان ھۈنىرىنى سورايتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى بىلەتتى ۋە ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئۆگىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ نۇرغۇن ئىلىملەرنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدا كامىل بولدى. مېتال تاۋلاش، سېھىرگەرلىك ۋە كىمياگەرلىك ئىلىملىرىنىمۇ پۇختا ئۆزلەشتۈردى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى نەپەر مۇساپىرنىڭ رىزقى يەنە بۇ تەرەپكە تارتىپ، ئۇنىڭ مېھمانخانىسىغا كىردى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كىيىمى باشتىن-ئاياغ يېشىل رەڭدە ئىدى. سەئىد ئۇلارغا ئىلتىپات ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، تەرەپ-تەرەپتە زىياپەت ئەسلىھەلىرىنى تەييار قىلدى. بۇنداق قىلماسلىقتا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. سەئىد ئۆز ئادىتى بويىچە ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىيلەننى مەمنۇن ۋە مىننەتدار قىلدى. بۇ قەدەر چەكسىز ئىلتىپات ۋە ئادەمگەرچىلىكنى كۆرگەن ئۇ ئىككى يېشىل تونلۇق

كشى ھەيران-ھەس قالدى.

سەئىد بىر كۈنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشنى ئويلاپ، مەشرەپ تۈزدى، بەزمە ئىچىدە ئۇلارنىڭ كۆڭلى نېمىنى خالىسا شۇنى تەييار قىلدى. مەينىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرى قىزىپ، تارتىنىش ۋە ياتسىراش پەردىلىرى ئارىدىن كۆتۈرۈلدى. سەئىد ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ھېسابسىز مەي بىلەن ئىككىلىسىنىڭ روھىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى، ئاندىن ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئىلگىرىكى بەزى كىشىلەرنىڭ شەھەرلىرىنى سوراپ كېلىپ:

— سىزلەر قايسى شەھەرلىك؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ يېشىل لىباسلارنى كىيدىڭىزلار؟ — دېدى.

— شەھىرىمىز، — دېدى ئۇ ئىككىسى جاۋاب بېرىپ، — ناھايىتى گۈزەل شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «شەھرى سەبز» (يېشىل شەھەر) دەپ ئاتايدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ كۆكلەمزارى گوياكى ئەينەك رەڭگىدەك جىلۋىگەردۇر. ئاشۇنداق شەھەر بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بولغان يەردە، بىزنىڭ يېشىل كىيىنىشىمىز ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس.

سەئىد ئۇلارغا:

— سىلەر ئۇچراتقان ھەرقانداق ئاجايىپ-غارايىپ ئىش بولسا، سۆزلەپ بېرىڭلار، — دېگەنىدى، ئۇ ئىككى مۇساپىرنىڭ بىرى سۆز باشلىدى:

— دىيارىمىزدا بىر تاغلىق بار، ئۇنىڭ ئىچىدە جەننەتكە ئوخشاش گۈزەل بىر كۆكلەمزار بار. ئۇ دىيار كىشىلىرى ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى «كەتۇر» دېيىشىدۇ. ئۇ يەردە بىر چوڭ بۇتخانا بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى پەلەكتەك يۈكسەك؛ ئۇنىڭ پەشتاقلىرىنىڭ يۇقىرىسى كۆككە تاقاشقاندۇر. ئۇ ئىمارەتنىڭ ئىچى ۋە تېشى تاشتىن بىنا قىلىنغان. ئىچى ۋە سىرتىغا باشتىن-ئاياغ جانىۋارلارنىڭ شەكىل، سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. ھەرقانداق كىشى ئۇ يەردە ئورۇنلاشسا، ئۇ كىشىگە شۇنداق بىر نەتىجە ھاسىل بولىدۇكى، ئەگەرى ئۇنىڭغا



قانداق ۋەقە ياكى تەقدىرنى بۇيرۇغان بولسا، ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولىدۇ. ھەر كىشى ئۇ بۇتخانىغا كىرىپ، كېچىسى شۇ يەردە بولسا، ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بېرىش بىلەنلا چوقۇم چۈشىدە ئاجايىپ ئىككى سۈرەتنى كۆرىدۇ. ئۇ ئىككى سۈرەت مەزكۇر كىشىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز تىكىپ سەپسالغاندىن كېيىن، ھەر بىرى ئۆز سۆزىنى بايان قىلىپ قايتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى كەلگۈسىدىكى نازۇنېمەت ۋە راھەت-پاراغەتلەر ھاسىل بولىدىغان، ياخشى ئىشلارنى بايان قىلىدۇ. يەنە بىرى، كىشىنىڭ بەخت-تەلىيى يانغاندا يۈز بېرىدىغان، جاپا-مۇشەققەتكە ئېلىپ بارىدىغان يامان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىككى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ كىشى ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ ۋە شۇندىن باشلاپ ياخشى ئىشلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يامان ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىدۇ.

يۇقىرىقى سۆزلەردىن كېيىن بىرىنچى مۇساپىر سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئاندىن ئىككىنچى مۇساپىر سۆز ھېكمەتلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— ئاشۇ بۇتخانا ئىچىدە كۆڭلى گويا قۇياشتەك روشەن بىر كىشى بار. ھەر كىشى ئۇ يەردە چۈش كۆرۈپ، چۈشىدە كۆرگەنىدەك ياخشىلىققا يول تاپالمىسا ياكى جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى بىلەلمىسە، بېرىپ ئاشۇ پىر-ئۇستازنى تېپىپ ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلسا، پىر ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، شۇ ھامان تەدبىر ۋە مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشى قانداق يول كۆرسەتسە شۇ بويىچە بەجا كەلتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا چۈشىدە كۆرگەن ئىشتىن مۇراد ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئەلقىسسە، سەئىد بۇ ئىككى ئەپسانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنى كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن ھوشىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ئۇ كەچكىچە يېشىل تونلۇق مۇساپىرلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردى. كۈن كەچ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسى بىلەن مۇساپىر بولۇشقا بەل باغلىدى. بۇتخانىنى كۆرۈش

ئىشتىياقى سەئىدنىڭ كۆڭلىگە غەم-قايغۇلارنى سېلىپ، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇنى قاچۇردى.

تاڭ ئاتتى. شىشە رەڭ ئاسمان يەر يۈزىنى يورۇتتى. بۇ ئارزۇ-ھەۋەس سەئىدنىڭ كۆڭلىدىن قارارىنى، قولىدىن ئىختىيارىنى ئېلىۋالدى. سەئىد ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. ئاتىسى ئۇنى توختىتىپ قېلىش ئۈچۈن قانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە ھېچبىر تەسىر قىلمىدى. سەئىد بۇ ھەۋەس تۈپەيلىدىن بىچارە بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ھەۋەس ئوتلىرىنى توسۇش ئارقىلىق ئۆچۈرۈشكە مۇمكىن بولمىدى. ئاخىر ئاتىسى ئوغلىنىڭ غېمى بىلەن يىغلاپ، ئاھ ئۇرغان ھالدا ئۇنى تەڭرىگە تاپشۇردى.

— قانچىلىك مال-دۇنيا ئېلىشنى نىيەت قىلساڭ، كۆڭلۈڭ خالىغىنىچە ئال، — دېدى ئاتىسى سەئىدكە.

سەئىد سەپەر ئەسلىھەلىرىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى. خىزمەتكارلار ئون كۈنگىچە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بارلىق يول جابدۇقلىرىنى تەق قىلدى.

شۇنداق شاھانە جابدۇقلارنى راستلىدىكى، ئۇنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. كۈمۈش يۈكلەنگەن تۆگىلەر قاتار-قاتار قىلىپ تىزىلدى، ئۇلارنىڭ يۈكلىرىدە مىڭ-مىڭلاپ ئاقچىلارنى ئېلىپ ماڭدى. ئالتۇن كەمەر، ئۈنچە-ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان تونلارنى كىيگەن تۆتيۈز خىزمەتكارنىمۇ بىللە ئېلىۋالدى. يۇقىرىقى ئىككى يېشىل تونلۇق مۇساپىرنىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىززەت-ئىكراملار بىلەن ئۆزىگە يولداش قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. سەئىد يولغا كىرىش ئالدىدا ئىككى كۆزىدىن دەريا ئاققۇزغان ھالدا ئاتىسى بىلەن خوشلاشتى. ئاتىسى ئوغلىغا ئېچىنغىنىدىن ئۆزىگە ئۆلۈمنى راۋا كۆرگەن ھالدا قېپقالدى.

سەئىد ئىنتايىن ئالدىراش ھالدا يول يۈرۈپ، سەپەر جەريانىدىن ئىككى مەنزىلنى بىر بېسىپ ماڭدى. ھېلىقى يېشىل تونلۇق ئىككى مۇساپىر ئۇنىڭغا يول باشلىدى. نەچچە مەزگىل



شەھەر ۋە باياۋانلارنى كەزگەندىن كېيىن ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە قەدەم قويدى. ئۇ ئىككى يېشىل تونلۇق مۇساپىر سەئىدنى بۇتخانىغا باشلاپ كىردى. سەئىد ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئالدى. شەربەت ۋە تائاملار بىلەن غىزالاندى. ئۇ ناھايىتى خۇش چىراي ۋە ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن بۇتخانا ئەھلىگە چەكسىز ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ھېسابسىز خەير-ساخاۋەت يەتكۈزدى. ئاندىن سەئىدنىڭ كۆڭلى بۇتخانا سەيلىسىگە مايىل بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىككى ھەمراھىنى ئېلىپ بۇتخانا ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەتراپنى تاماشا قىلاتتى، ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىپ ھەيران بولاتتى. سەئىد كۈن كەچ بولغاندا بۇتخانىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. بۇتخانىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، سەئىدكە:

— بۇ ئىشنىڭ ساڭا ناھايىتى كۆپ پۇشايمان كەلتۈرىدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئۇلار قانچە پەندى-نەسىھەتلەرنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەئىدنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلمىدى. بۇ ھەۋەس ئۇنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغاچقا، نەسىھەتكە قۇلاق سالمىدى. ئۇ بۇتخانا ئىچىگە كىرىپ، بىر بۇلۇڭدا ئۇخلاپ قالدى. بۇتخانا شەيخلىرى ئىشىكنى گوياكى خەيبەر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدەك مۇستەھكەم تاقىدى. ئاندىن سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ۋەھىمە ۋە ئەندىشىگە چۈشكىلى تۇردى. ئۇلار بۇتخانىدىن چىقىپ كېتىشكە قانچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پۇشايمان ۋە ھەسرەتتىن ئۆزگە نەتىجە ھاسىل بولمىدى. لېكىن بۇ پۇشايمان پايدا بەرمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، تاڭ ئاتقۇچە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىگە غەرق بولدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ھەر نەپەستە يۈزلىگەن ۋەسۋەسە ۋە ئەندىشىلەر پەيدا بولاتتى. سەئىدنىڭ كېچە بويى ئۇيقۇسىزلىق سۆزلىرى ئاغزىدىن چۈشمىدى. سۈبھى ۋاقتى بولغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇخلاش بىلەنلا بۇ كونا بۇتخانا ئۇنىڭ چۈشىگە كىردى. چۈشىدە: ئىككى

يېشىل رەڭلىك قۇش پەيدا بولۇپ، سەئىدنىڭ باشلىرىدىن چۆگىلەپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئاندىن ھەر ئىككىلا قۇش سايراشقانلىرىچە سەئىدنىڭ قېشىغا چۈشتى. بىر قۇش گويا غايىبتىن كەلگەن ئاۋازدەك بېشارەت بېرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ساڭا بىر پەرى نېسىپ بولىدۇ، — دېدى ئۇ قۇش سەئىدكە، — ئۇنىڭ ھۆسن-جامالى خۇددى شەرق قۇياشىدەك گۈزەلدۇر.

يەنە بىر قۇش قورقۇنچ ۋە خەۋپ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، سۆزلىرىنى مۇنداق تاماملىدى:

— سېنى بىر دىۋە ئەسىر قىلىۋېلىپ، ئىككى ئايىغىڭغا غول ۋە زەنجىرلەرنى سېلىپ باغلايدۇ.

سەئىد بۇ ئاجايىپ ھادىسىدىن ھەيران قالدى ۋە بۇ ھەيۋەتلىك ئاۋازدىن سىلكىنىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ، نالە-پىغان چەككەن ھالدا ھەرتەرەپكە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇ تاڭ ئاتقانلىقىنى سېزىپ ئىشىك تەرەپكە قاچتى. شەيخلەر ئىشىكنى ئاچتى. سەئىد بۇتخانىدىن ۋەيرانە ۋە سەۋدايى بولغان ھالدا قايتىپ چىقتى. ئاشۇ چۈشتىن ئۇنىڭ ھالى پەرىشان بولۇپ، تاكى ئاخشامغىچە بىتاقەت بولدى. ھەرۋاقىت ئۇ نالە-زارە ۋە پەرياد-پىغاندىن ئۆزگە ھېچ ئىش قىلمايتتى. سەئىدنىڭ كۆڭلىگە ئىزتىراپ ۋە تاقەتسىزلىك ئوتلىرى تۇتاشتى. خىزمەتكارلار ئارىسىغمۇ بۇ ئىشتىن ئوت چۈشتى. ئۇلار ھېلىقى يېشىل تونلۇق ئىككى مۇساپىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى:

— سىزلەرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭىزلەردىكىدەك ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن، سەئىد ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ساراڭ بولدى. ئەمدى بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىنىلار.

ئۇ يېشىل تونلۇق مۇساپىرلار ئىچىدىن ئىككىنچى ئەپسانىنى سۆزلىگەن كىشى سەئىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇنداق ئىلتىماس قىلدى:

— بۇ ئىشقا مەن سۆزلىگەن ئاشۇ مويسىپىت پىر ئامال قىلىدۇ.



قويۇقىن، شۇنىڭ ئالدىغا بارايلى. بۇ ئارقىلىق چوقۇم دەردىڭگە داۋا تاپىمىز.

سەئىد ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. ئۇ ئىككىسى يول باشلاپ تاغ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ تاغ ئىچىدە بىر قاراڭغۇ غار كۆرۈندى. ئۇلار ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا غار ئىچىگە كىردى، غار ئىچىدە بىر ئايۋان نامايان بولدى. بۇ ئايۋان تاغ قازغۇچى پەرھاتنىڭ مىتىن ۋە كەكىسى بىلەن قېزىلغانىدى. مەزكۇر مويسىپىت كىشى خالايىقتىن قېچىپ ئاشۇ غاردىكى ئايۋان ئىچىدە مەخسۇس تائەت-ئىبادەتكە ئولتۇرغانىدى. گويا ياقۇت كان ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك ئۇ پىر ئۇستازنىڭ جىسمى جەۋھەرلىرى ئاشۇ قاراڭغۇ غار ئىچىگە پىنھان بولغانىدى. خۇددى تۈن قاراڭغۇسىدا پۈتكۈل جاھان پىنھان بولغاندەك ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى پۈتۈن بەدەنلىرىنى ياپقانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بەئەينى كاندا يوشۇرۇنۇپ ياتقان جاۋاھىرلاردەك تالايلىغان ئىلىملەر ھەقىقەتلىرى ۋە سىر-ئەسرارلىرى بار ئىدى. ئۇ يەتتە يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، بارلىق سىر-ھېكمەتلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئايان ئىدى. جاھاندىنمۇ ئۈمىد كۈتمەيتتى ۋە ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. خالايىق ئۇنىڭ ئېتىنى «پەيلاسوپ ھېكىم» دەپ ئاتىشاتتى. سەئىد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇ كىشىنى كۆرۈش بىلەنلا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇردى. ئۇ كۆڭلى يورۇق ھېكىم بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ يۈزلىرىدىن چاچلىرىنى ئېچىپ، جامالىنىڭ نۇرلىرى بىلەن بۇ ئايۋان ئىچىنى يورۇتتى، گويا قۇياش نۇرىدىن بۇ ئالەم نۇرلانغاندەك بولدى. ھېكىم مېھماندارچىلىق قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق بۇلارغا ئىلتىپات كۆرسەتتى. بۇلارمۇ ئۇنىڭ سۆلەت ۋە ھەيۋىتىنى كۆرۈپ، تەزىم بىلەن تۇپراق ئۈستىگە باش قويۇشتى.

— ھەي سائادەتمەن يىگىت، — دېدى ھېكىم سەئىدكە، — بۇ زاماندىن كۆڭلۈڭگە پەرىشانلىق يەتمىسۇن. چۈنكى جامالىڭنى

كۆرۈش بىلەنلا ھەممە ئەھۋالىڭنى ئويلاپ يەتتىم. ساڭا دۇچ كەلگەن ئىشلارنى ئۆزۈڭ بايان قىلامسەن ياكى ئۇنى مەن سۆزلەپ بېرەيمۇ؟

ھېكمەت ئېيتىشقا، ئەلۋەتتە، ھېكمى لوقماق ياخشىراق ئەمەسمۇ؟! — دېدى سەئىد يەر سۈيگەن ھالدا جاۋاب بېرىپ.

ئۇ دانىشمەن ھېكىم تەبەسسۇم قىلغان ھالدا باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان ئېسىل گەپلەرنى باشلىدى. ئۇ سەئىدنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى بايان قىلدى؛ ئۇنىڭ يۇرتىنى، ئاتا-ئانىسىنى، ئۇنىڭ خەير-ساخاۋەتلىرى ۋە مېھمانخانا-سارايلىرىنى بىر-بىرلەپ تولۇق سۆزلەپ بەردى. سەئىدنىڭ ئىلىم-ھۈنەر ئۆگەنگەنلىكلىرىنى، ئەلنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغانلىقلىرىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ مۇساپىرلارغا مال-مۈلۈك بەرگەنلىكلىرىدىن باشلاپ تاكى ئۇ ئىككى يېشىل تونلۇقلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، بۇ تەرەپكە كېلىپ غۇربەتچىلىك ۋە مۇساپىرلىقنى ئىختىيار قىلغانلىرى، تەزىم بىلەن بۇتخانىغا كىرىپ ئۇ يەردە چۈش كۆرگەنلىكلىرى ۋە چۈشىدە ئىككى قۇشنىڭ بايان قىلغان ھېكمەتلىرىگىچە بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدىن ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ھېكىمنىڭ سۆزلىرىگە ھەم قايىل، ھەم ھەيران بولدى. ئۇلارنىڭ ئەقىل-ھوشلىرى بۇنىڭغا ھەم مايىل، ھەم سەرگەردان بولدى. ئۇ دانىشمەن ئۇستاز سەئىدكە ناھايىتى كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، يەنە ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى باشلىدى:

يۈزۈڭنى كۆرمەك مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى. مەن سېنىڭ چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن ھەم ئۇنىڭ تەدبىرىنىمۇ قىلىمەن. بىراق بۇ ئىشتا بىر زۆرۈرىيەت بار، بۇنى ساڭا ئېيتمىسام بولمايدۇ. بۇنى ساڭا ئېيتىشىم نېمىشقا زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ چۈنكى مېنىڭمۇ سەندىن ئۆز مەقسىتىمنى ھاسىل قىلىشىم زۆرۈر بولماقتا. ئىلگىرى مەن ئاشۇ قەدىمىي بۇتخانىغا ھېكمەت ئەھلىگە پېشۋا ھەم يولباشچى ئىدىم. ماڭىمۇ بىر ھەۋەس پەيدا بولۇپ، مەنمۇ



ئاشۇ سەن ئۇخلىغان يەردە ئۇخلاپ، چۈش كۆرگەنىدىم. شۇ ئاخشىمى مېنى بۇ ئىشتىن ئىلىم-ھېكمەتلىرىم ۋە ئەقىل-ئىدراكلىرىم قانچە توسقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھەۋىسىم غالىب كېلىپ، بېشىمدا ئەقىل-ھوشۇمنى قويماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بىتاقەت ۋە بىئىختىيار ھالدا ئۇ يەرگە كىردىم-دە، بىر بۇلۇڭدا ئورۇن تۇتۇپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئۆزۈم زورىغا ئۇخلىدىم. چۈشۈمدە ئۇ بۇتخانىنى كۆردۈم، ئۇ يەردە يۈز مىڭلىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، مېڭەمدىن ھوش ۋە ئىدراكنى ئېلىپ قاچقاندەك بولدى. ئۇ ئىككى سۈرەت ماڭىمۇ خۇددى ساڭا كەلگەندەك قۇش سۈرىتىدە كېلىپ، خۇشناۋالار قىلغان ھالدا ھەر ئىككىلىسى تىلغا كىردى. بىر قۇش:

— ئەي ھەۋەس قىلغۇچى كىشى، راھەت-پاراغىتىڭنىڭ شېمى ئۆچۈپ، ئىككى ئايىغىڭغا ئىشكەل چۈشۈپ، ئورنۇڭ قاراڭغۇ گۆر بولغۇسىدۇر! — دېدى.

ئاندىن كېيىن يەنە بىر قۇش:

— غەم قىلمىغىن، ساڭا بەخت-سائادەت يۇلتۇزى تۇغۇپ، ئىككى قانات ھاسىل بولىدۇ، نىجاتلىق يولىنى تاپىسەن. ئاخىر خۇشال ۋە شادىمان بولىسەن، — دېدى.

ئۇ ئىككى قۇشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچتى. كۆڭلۈمگە ھېسابسىز ئىزتىراپلار چۈشۈپ مېنى ۋەيران قىلدى. خىياللىرىمدا ۋەھىمە غالىب بولدى. ئەمدى بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىر ئۇچۇرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بىر تەبىرچىگە ھاجەتمەن بولدۇم. تەبىر بىلىدىغان كىشىنى ھەرقانچە ئىزدىگەن بولساممۇ تاپالمىدىم. بۇ ئەندىشىلەر تۈپەيلىدىن تېنىم زەئىپلەشتى، جېنىمغا جاپا، كۆڭلۈمگە خاپىلىق يەتتى. بۇ ۋەھىمە ئوتلىرى جىسمىمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. «بالا-قازا ۋەھىمىسى ئىچىدە بولغاندىن كۆرە، بالا-قازانىڭ ئىچىدە بولغان ياخشىراق» دەيدىغان ئاجايىپ ياخشى بىر تەمسىل بار. مەنمۇ ئاشۇ تەمسىل بويىچە ئىش كۆرۈپ، جېنىمنى جەۋر-جاپاغا تاپشۇرۇپ، ئۆلمەكتىن ئۆزگە چارە تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاخىر

جاندىن قولۇمنى يۇدۇم. ئەنە شۇ چاغدا قېشىمدا خىزىردەك بىر كىشى پەيدا بولدى، ئۇ كىشىنىڭ كىيىم-كېچەكمۇ يېشىل، سەللىسمۇ يېشىل بولۇپ، ئۇ بەئەينى ھەزرىتى خىزىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئىدى.

— ھەي ۋەھىمە ئىچىدە قالغان كىشى، — دېدى ئۇ ئادەم ماڭا، — غەم قىلىپ مۇشەققەت تارتمىغىن، ئۆز جېنىڭغا قورقۇنچ ئۇقلىرىنى ئاتمىغىن. چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىمەن، بىراق مەن نېمىنى بۇيرۇسام سەن ئۆزرە ئېيتماستىن ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ۋەدە بەرگىن، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزۈڭنى خاراب قىلىسەن.

مەن ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا يەر سۆيگەن ھالدا:

— مېنىڭ بۇ مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلغىن. مەن قانداق بۇيرۇقۇڭ بولسا، جان ۋە دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىپ، سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش تۇتاي، — دېدىم.

ئۇ دانىشمەن كىشى بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— جاماس ھېكىمنىڭ كىتابىغا قاراپ، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈملەرنى تولۇق ئوقۇپ چىققىن، چۈشۈڭگە كىرگەن بۇ ۋەقەنىڭ تەبىرى شۇ كىتاب ئىچىدە بىرمۇ بىر يېزىقلىق بار. ساڭا شۇ شەرتنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بۇنىڭغا ئوبدان قۇلاق سالغىن. بۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىلىملەرگە كۆز سالماي، مەخسۇس تەبىر ئىلمىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆزلەشتۈرگىن. ئۇ ئىلىمگە كىرىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش سەندىن، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ساڭا بەخش ئېتىش بىزدىن بولسۇن. ھەرقانداق كىشى بۇتخانا ئىچىدە چۈش كۆرۈپ، زار ۋە بىقارار بولسا، سەن ئۇنىڭ غېمىگە ئىلاج، دەردىگە داۋا قىلغايسەن.

ئۇ كىشى شۇ سۆزلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن غايىب بولدى. مەن ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرىغا كۆزلىرىمنى قويۇپ، ئۇ يەرگە كۆز ياش گۆھەرلىرىنى چاچتىم. ئاندىن كېيىن جاماس ھېكىمنىڭ كىتابىنى تېپىپ، ئۇنى ئاچقاندىم، شۇ ھامان مېنىڭ ئەھۋالىمنى



يېزىپ قويغان جۈملىلەرگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: « پالان زاماندا پالان كىشى ئىلمي ھېكمەت بىلىشكە تەلەپكار بولسا ۋە بۇتخانا ئىچىدە ئۇخلاپ، چۈش كۆرۈپ دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا بولسا، ئۇنىڭ چارىسى شۇكى، بۇ تاغ ئىچىگە كىرىپ، قاراڭغۇ غار ئىچىدە ۋەتەن تۇتسۇن. يۈز يىل مۆھلەت توشمىغۇچە ئۇ يەردىن ھەرگىز تاشقىرىغا ئاياغ باسقۇچى بولمىسۇن. چۈنكى ئۇ كىشى چۈشىدە كۆرگەن قۇشنىڭ ‹ نۇرنۇڭ قاراڭغۇ گۆر ئىچىدە بولغاي › دېگەن ئىشارىتىگە مۇشۇنداق تەبىر توغرا كېلىدۇ. يۈز يىل مۆھلەت توشقاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۆز جېنىغا ھاياتلىق خۇش خەۋىرىنى تېپىپ نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى تارتىدىغان دىشۋارچىلىقلىرى تامام بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى بىر سائادەت يۇلتۇزى كېلىپ يورۇتىدۇ. ئۇ سائادەت يۇلتۇزى دېگىنىمىز بىر سائادەتمەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىغىمۇ ئاشۇ بۇتخانا ئىچىدە كۆرگەن چۈشتىن غەم پەيدا بولغان بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى سەئىددۇر. ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىغىمۇ سائادەت يۇلتۇزى باغلانغاندۇر. ئۇ يىگىت قاراڭغۇ غارغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى مەزكۇر ھېكىمگە بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تەبىرىنى سورايدۇ. ئۇ ھېكىممۇ ئۇنىڭ تەبىرىنى ئاشكارىلاپ، جاۋابىنى بەرگەي، سەئىد ئۇ ھېكىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يولغا كىرىپ، تىرىشىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆز مۇددىئاسىنى ھاسىل قىلغاي. تەبىر ئېيتقۇچى ھېكىممۇ مۇرادىغا يېتىپ، قىيىن ئىشلىرىغا ئاسايىشلىق تاپقاي. يەنى تولا ئىشلارغا دانا بولۇپ، پەلەكىيات (ئاسترونومىيە) ئىلمىنىڭ مۈشكۈللىرىنى ئاسان قىلغاي. ئۇ ئۆز پىكىرلىرى بىلەن كۆكنى سەيلە قىلغاي. پەلەك بوستانى ئۇنىڭغا جىلۋىگەر بولۇپ، ئاسمان ئىشلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا قۇدرەت تاپقاي؛ پەلەكلەر ئۇنىڭ ئالدىدا يەردەك پەس بولغاي. چۈنكى ئۇ كىشى قاراڭغۇ غار ئىچىدە رىيازەت چېكىپ، ئۆز نەپسىنى خار تۇتتى. شۇڭا ئۇ كىشى جىسمانىي چەكلىمىلەردىن ئازاد بولۇپ،

ئۇنىڭ زاتمۇ روھانىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولغۇسىدۇر. ئالەم ھادىسىلىرى توپە يىلدىن چەكلىنىپ قالماي، ئىلىم-ھېكمەتتىن مۇراد-مەقسەتلىرىنى تاپقۇسى ۋە ھەممە شەيئىنىڭ ئىلمىلىرى ئۇنىڭغا نېسىپ بولغۇسىدۇر. بارلىق پەنلەر ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ، ئەل ئىچىدە 〈دانا پەيلاسوپ ھېكىم〉 دەپ ئاتالغۇسىدۇر.» ئۇ كىتابتا مەن كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى يۇقىرىقىدەك يېزىلغاندىن سىرت، ئۇ تەبىرنىڭ داۋامى يەنە مۇنداق شەرھلەنگەنىدى: «ئۇ ھېكىمنىڭ چۈشىدە قاناتلارغا ئىگە بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلىشى ئۇنىڭ ئىلىم-پەندىن كەشپىياتلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاسمانلارنى سەيلە قىلىدىغانلىقى، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ، بۇ ئايلانغۇچ چەرخنىڭ سىرلىرىغا ئالىم بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.» كىتابتىن جاماس ھېكىمنىڭ سۆزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، خىزىر پەيغەمبەر ئېيتقان سۆزلەر يادىمغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەبىر ئىلمىگە كىرىشىپ كۆپ مۇشەققەتلەرنى چەكتىم. تەڭرىم ئاخىر ماڭا ئۇ ئىلىمنى ئاتا قىلدى. بۇ غار ئىچىدە يۈز يىلدىن بېرى ئىبتىكاپتا ئولتۇردۇم. ھەرقانداق كىشى ئۇ بۇتخانىغا كىرىپ، چۈش بالاسىغا گىرىپتار بولۇپ قالسا ۋە قېشىمغا كېلىپ ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلسا، ئۇنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، سېنىڭ ۋىسالىڭغا قاچان يېتەرمەنكىن، دەپ كۆزلىرىم ئۈمىد بىلەن يولۇڭغا تەلمۈرمەكتە، جانلىرىم ئىنتىزارلىق بىلەن سېنى كۈتمەكتە ئىدى. تەڭرىمگە كۆپتىن-كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمەنكى، بىر نەرسىنى يۈز يىل تىلىگەنىدىم، سېنىڭ قەدىمىڭنىڭ بەرىكىتىدىن ئۇنىڭغا ئېرىشتىم.

ئۇ دانىشمەن ئۇستاز ئۆز كەچمىشلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە سۆز باشلىدى:

— ئەمدى سېنىڭ ئىشلىرىڭغا كېلەيلى، چۈشۈڭدە بىر قۇش سايراپ: «ساڭا بىر پەرى نېسىپ بولىدۇ» دەپ بېشارەت بەردى. ئۇ قىز يېشىل تونلۇق پادىشاھنىڭ قىزىدۇر. ئۇنىڭ ئاياغلىرىنىڭ



ئىزى قۇياشنىڭ كۆزلىرىنى روشەن قىلغۇچى سۈرمىدۇر. ئۇنىڭ پايتەختى سەبىز شەھىرى بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ خانى گوياكى سەبزىزاردەك گۈللەپ ياشنىغان پادىشاھتۇر. ئۇنىڭ بۇ پەرى سۈپەت قىزىنىڭ ھۆسن-جامالىدىن پەرىلەرنىڭ كۆڭلى پەرىشان، ئەقىل-ئىدراكلىرى بىسەرەمجاندۇر. ئۇ پەرىنىڭ گۈزەل رۇخسارىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشقا تىل ئاجىزدۇر. جەننەت ھۆرلىرى ئۇنىڭ ئاددىي كېنىزىكى، بۇ پەلەك كەمپىرى ئۇنىڭ ياساپ-تارىغۇچى كەمپىرىدۇر. ئۇنىڭ ھۆسن-جامال ئەينىكى قۇياشنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ چېھرىلىرى قۇياش ئەينىكىنى كۆزگە ئىلمايدۇ ۋە ھېچبىر ئەينەككە موھتاج بولمايدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلىيەلمەي تىل ھەيران ۋە سەرساندۇر. چىرايلىرىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ بولالماي ناتىقلارنىڭ دېمى سىقىلىپ كېتىدۇ. ياقۇت لەۋلىرىنىڭ سۈزۈك سۇلىرى گوياكى تىرىكلىك سۈيىدەك يېشىل رەڭدە بولۇپ، خۇددى خىزىردەك نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېشىل لىباسلار ئۈستىدىكى جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۈزلىرى گويا كۆكلەمزار ئۈستىدە ئېچىلغان بېھىش گۈلىگە ئوخشايدۇ. شاھنىڭ كۆز قارىچۇقى، شادلىق ۋە پاراغىتىنىڭ ئاساسى ئاشۇ قىزى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ بىر بۈيۈك قەلئەسى بار. ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى بۇ ئايلىنىۋاتقان پەلەكتەك ئېگىز. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر قورغان بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ پەرى شۇ قورغان ئىچىگە ئورۇنلاشقان. ئۇ قورغاندىكى قەسىرنىڭ ئەتراپى ئۈچ قات سېپىل بىلەن قورشالغان. بۇ سېپىلنىڭ ھەربىر مەنزىللىرى كۆككە تاقاشقان. ھەربىر سېپىلغا بىردىن كاتتا دەرۋازا بېكىتىلگەن. بۇ دەرۋازىلارنىڭ ئېگىزلىكى گويا ئاسمان گۈمبىزىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن ئۇ دەرۋازىلار زادىلا ئېچىلمايدۇ. ئۇ يەرگە بارىدىغان يولدا سان-ساناقسىز خەۋپ-خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلار باردۇر. بىرىنچى سېپىلنىڭ دەرۋازىسىدا دېۋىدەك بىر زەڭگى بار. ئۇ زەڭگىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئالدىدا مەستلىكتىن قۇترىغان پىلمۇ بىر چۈمۈلىچىلىك ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ئۇ زەڭگىنىڭ

ھەربىر تال تۈكىدە بىر پىلنىڭ كۈچى بار. جەڭ ۋاقتىدا ئۇ زەڭگى بىر قارا بالا بولسا، ئۇنىڭ ھەربىر تال تومۇرى بىردىن ئەجدىھا بولىدۇ. ئۇ زەڭگى قەلئە دەرۋازىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىسمى قەتران زەڭگىدۇر. ئىككىنچى سېپىلنىڭ دەرۋازىسىدا بىر دانىشمەن ھېكىم بار. ئۇ ھەمىشە ئۇ يەردە كىتابنى ئېچىپ مۇلاھىزە قىلغان ھالدا ئولتۇرىدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، تەقۋادارلىقتىمۇ ئالىي كامالەت ھاسىل قىلغان كىشىدۇر. ئۇنىڭ جامالىدىنمۇ زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاشۇ قورغاننىڭ كۆزەتكۈچىسىدۇر. ئۇ يەردىن ئۆتسە ئۈچىنچى قورغان سېپىلنىڭ دەرۋازىسىغا بارىدۇ. ئۇ يەردە بىر سېھىرگەر قېرى كەمپىر بار. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە ھىيلە-مىكىرنى ئۆزىگە بىردىنبىر ھۈنەر قىلىپ كەلگەن. بۇ جەھەتتە بۇ ھىيلىگەر پەلەكمۇ ئۇنىڭغا شاگىرتتۇر. ئۇ موماي قەسىرنى شۇ قەدەر ھوشيارلىق بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ ساقلايدۇكى، ئۇنىڭ ئىچىگە ھەتتاكى مەيىن شامالمۇ كىرەلمەيدۇ. قۇشلارنىڭ قانىتىمۇ ئۇ يەردىن ئۆتەر چاغدا كۆيۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ يەردىن ئۆتكەن چىۋىنلارمۇ ساق قالمايدۇ. ئۇ كەمپىر ئۆز سېھىرلىرى بىلەن سېپىل ئىچىگە ئوت ياقىدىغان بولسا، ئۇ ئوتتا تاشلارمۇ ئېرىپ خۇددى بۇلاق سۇلىرىدەك ئاقىدۇ. ئەسلىدە ئۇ پەرى سۈپەتلىك قىزنىڭ ياتلىق بولۇشقا پەقەت خۇشى بولمىغانلىقتىن، شاھتىن بۇ مۇستەھكەم قورغاننى تەلەپ قىلغان ۋە خالايىقتىن قېچىپ، شۇ قورغان ئىچىگە ئورۇنلاشقان. لېكىن ئۇنىڭ ھۆسن-جامالى پۈتكۈل شەھەرلەرگە شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ، ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭدىن يۈزلەرچە سەۋدايىلىق يۈزلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئارزۇ قىلىشىپ، تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ بۇ ھەقتە سۆز ئېچىپ بېقىشتى. مەيلى شاھ ياكى مەيلى شاھزادە بۇ ئىشتىن ئاھ-ۋاھ چېكىپ، ئۇ پەرى چېھرە قىزنى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە غەيرەت-جاسارىتى ئارقىلىق بۇ ئۈچ قورغاننى قولغا ئېلىشى



كېرەك. قورغانلارنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: بىرىنچى دەرۋازىغا كەلگەندە قەتران زەڭگىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى باغلاش كېرەك. ئاندىن دەرۋازا ئېچىلىدۇ. يەنە بىر قورغاننىڭ دەرۋازىسىغا بارغاندا، ئۇ ھېكىمنىڭ بارلىق سوئاللىرىغا ئوچۇق جاۋاب بېرىش كېرەك. ئۇ ھەرقانداق ئىلىمدىن سوئال سورىسا، ئىلىم-ھېكمەت ۋە ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئۇنىڭ بارلىق نەيرەڭلىرىنى بىكار قىلىش كېرەك. ئاندىن ئۈچىنچى قورغان ئۈستىگە توغ تارتقاندا ئىلىم ۋە ئەقىل ئارقىلىق ئۇ جادۇگەر مومىينىڭ بارلىق سېھىر-جادۇلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇ قورغاننىمۇ قولغا ئېلىش كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇ پەرى چېھرە سەنەمنى قولغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا قايسى قورغاندا ئەسىر بولۇپ قالسا، شۇ ھامان ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قانخور قىلىچ قىنىدىن چىقىدۇ. ئۇ كىشى شۇ يەردىلا ھالاك بولىدۇ. ئۇلار ئۇنداق ئادەمنىڭ جەسىتىنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىپ، كاللىسىنى قورغاننىڭ كۈنگۈرىلىرىگە ئېسىپ قويىدۇ. ھالاك بولغۇچىنىڭ بىللە كەلگەن قوۋم-قېرىنداشلىرى ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ھەممە مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇ مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. نەچچە زاماندىن بېرى ئۇ يەرگە بارغان بىچارىلەر ئىچىدە جېنىدىن ئايرىلماي سالامەت قايتىپ كەلگىنىدىن بىرەرىمۇ يوق، ئۇ يەردىكى سېپىل كۈنگۈرىلىرىنىڭ ئاستىدا سانىسىزلىغان بەختسىز بىچارىلەرنىڭ باشلىرى سايىنىڭ تېشىدەك دۆۋىلىنىپ ياتماقتا. بىراق سەن ھەرگىز غەم-ئەندىشىدە بولما، تەڭرى ساڭا ئۇ گۈزەل پەرىنى نېسىپ قىلىپ، سېنى ئۇنىڭ ۋىسالىدىن بەھرىمەن قىلىشقا ئاز قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن قانداق تەلىم بەرسەم، قورقماستىن شۇنداق قىلغىن، — ئۇ دانىشمەن ھېكىم شۇ سۆزلەردىن كېيىن بىرنەچچە كەلىمە ئايەتنى يېزىپ، سەئىدنىڭ قولىغا بەردى، يانچۇقىدىن بىر ئاجايىپ شەكىل ئويۇلغان مۆھۈرنى چىقىرىپ، ئۇنىمۇ سەئىدنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن يەنە سۆزنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى بۇ كەلىمىلەرنى

يادقا ئالغاچ، سەبز شەھىرى تەرەپكە يول ئالغىن. يولدا توختىماستىن ئۇ شەھەرگە يېتىپ بارغىن. شەھەر ئىچىگە يېقىنلاشقاندا، يېشىل تونلۇق ئىككى ھەمراھىڭنى سېنىڭ ھال-ئەھۋالىڭ ۋە مەقسەت--مۇرادىڭنى بايان قىلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكىن. پادىشاھ سېنىڭ خىياللىرىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سېنى ئاشۇ قەتران زەڭگى بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. سەن قەتراننىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، مەن بەرگەن كەلىمىلەرنى دەم ئالماستىن بىر نەپەس ئىچىدە قىرىق بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئاندىن ھېلىقى شەكىل ئويۇلغان مۆھۈرنى ئېغىزىڭغا سېلىپ، ئۇ زەڭگى تەرەپكە قاراپ تۈكۈرگىن. خۇدا خالىسا، ئۇ كەلىمىلەرنىڭ بەرىكىتىدىن شان-شەۋكەت تاپقايسەن. ئۇ ئايەت سېنىڭ دۈشمىنىڭنى كۈچسىز ۋە ماغدۇرسىز قىلغاي، ئۇ مۆھۈرنىڭ بەرىكىتىدىن تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكۈڭ قەتران زەڭگىنىڭ كۆزلىرىگە ئويقۇ كەلتۈرگەي. سەن ئۇنى باغلاپ، ئۇ قورغاننى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، يەنە مەشۇقۇڭ تەرەپكە يول ئالغىن. ئىككىنچى قورغانغا قەدەم قويۇپ، ئۇ مۇبارەك خىسلەتلىك ھۆكۈمانىڭ قېشىغا بارغىنىڭدا، ئۇ سەندىن ھەرخىل مەسىلىلەرنى سورايدۇ. سەنمۇ ئۇنىڭغا مەن يېزىپ بەرگەن خەتنى بەرگىن. ئۇ مېنىڭ خېتىمنى كۆرسە، ساڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ ۋە ئىشلىرىڭغا ماڭا ئوخشاش چارە-ئامال قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھۆكۈما مېنىڭ شاگىرتىم ۋە پەرزەنتىمدۇر. ئۇ ساڭا شەپقەتچى بولىدۇ ۋە غەمخورلۇق قىلىدۇ. ئۇ سېنىڭ سېھرگەر موماينىڭ ئەپسۇنلىرىنى ۋە سېھر-جادۇلىرىنى بىكار قىلىپ، بارچە مۇراد-مەقسەتلىرىڭگە يېتىشىڭگە يار-يۆلەك بولىدۇ. ئەمدى قوپقىن، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھېچ يەردە توختىماستىن مەقسەت تەرەپكە قاراپ ماڭغىن.

ئۇ دانىشمەن ھېكىم شۇ سۆزلەردىن كېيىن، سەئىدنىڭ ماڭلىيىغا مېھرىبانلىق بىلەن سۆيۈپ قويدى. سەئىدنىمۇ خۇشال قىلىپ، ئۆزىمۇ خۇشال-خۇرام ھالدا، خوشلىشىپ ئۇنى ئۇزىتىپ



قويدى.

ئەلقىسسە، سەئىد يېشىل تونلۇق ئىككى ھەمراھى بىلەن كېچە-كۈندۈزلەپ يول يۈردى. ئاخىر ئۇلار سەبز شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. سەئىد ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى شاھقا بايان قىلىش ئۈچۈن ئىككى ھەمراھىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى بىر كۆكلەمزار ئۈستىدە مەپىلەرنى چۈشۈرۈپ ئورۇنلاشتى.

ئۇ يېشىل تونلۇق ھەمراھلار شاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ يېقىملىق ھېكايىنى سۆزلەپ، سەئىدنىڭ ئەھۋالىدىن پادىشاھنى خەۋەردار قىلدى. ئۇلار شاھ ئالدىدا سەئىدنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرى ۋە پەزىلەتلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. شاھ بۇ ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەر تاپتى. بۇ ئىككى يېشىل تونلۇق كىشىنى پادىشاھ تونۇيتتى. بەلكى ئۇلار شاھنىڭ يېقىن خادىملىرىدىن ئىدى. شاھ ئۇلارنى راستچىل كىشىلەردىن دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، سەئىدكە نىسبەتەن غايىبانە قايىللىق ۋە مېھرىبانلىق ھېسسىياتىدا بولدى. ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

— ئەتە ئۇ يىگىتنى باشلاپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى شاھ ئىككىيلەنگە.

ئۇلار ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا بېرىپ، سەئىدنى باشلاپ كەلدى ۋە بۇ ئارقىلىق شاھنى شادىمان قىلدى. شاھ سەئىدنىڭ كېلىشكەن چىراي-تۇرقىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلىدە مۇھەببەت پەيدا بولۇپ دەرھال كۆرۈشتى. سەئىدمۇ ھاجەتمەنلەرچە يەر سۆيۈپ، سالام بەجا كەلتۈرۈپ تۇردى. شاھ ئۇنىڭغا مەرھەمەت كۆرسىتىپ، تەخت يېنىدا بىر ئورۇن تەييار قىلدى. سەئىد ئۇ يەردىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن شاھانە تائاملار كەلتۈرۈلدى. بارلىق دوست ۋە بىگانە كىشىلەر بىللە غىزالاندى. غىزادىن كېيىن ھېلىقى يېشىل تونلۇق ھەمراھلار شاھنىڭ ئالدىدا سەئىدنىڭ ئارزۇسىنى قايتا ئارىغا سالدى. شاھ

سەئىدكە قاراپ:

— بۈگۈن تىنچلىقنى غەنىمەت بىلىپ قايتىپ كەت. ئەتە قورغان تەرەپلەرگە بېرىپ باققىن، — دېدى.

سەئىد يەر سۆيگەن ھالدا پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بەزمە-مەشرەپنى باشلىۋەتتى. سەئىد شۇ ئاخشىمى ئۆز كۆڭلىنىڭ مۇرادى، مەشۇقىنىڭ يادى بىلەن مەي ئىچىپ، مەست بولدى. بەزمە تاكى تەڭ كېچىگىچە داۋام قىلدى. سەئىدنىڭ بارلىق ھەمراھ ۋە خىزمەتكارلىرى بۇ قاراڭغۇ تۈندە مەستلىكتىن ھوشىنى يوقاتتى. سەئىد بارلىق بەزمە ئەھلىنىڭ مەستلىك ۋە غەپلەت ئىچىگە غەرق بولۇپ، ئۇخلاپ قېلىشقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ بەزمىدىن چىقىپ دىلدارى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر خىل مەستانىلەرچە كەيپىيات بىلەن قورغان تەرەپكە يۈزلەندى. چۈنكى ئىشق بىلەن مەينىڭ قۇۋۋىتى سەئىدنى قورقماس، بىپەرۋا قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدا شارابنىڭ كەيپى ھۆكۈم سۈرسە، كۆڭلىدە مەھبۇبىنىڭ ئىشقى زوراۋانلىق قىلاتتى. سەئىد ئۇ قورغاننىڭ ئەتراپىدا گاھى يىقىلىپ، گاھى قوپۇپ، ئارام ئالماستىن ئاشىقانە مۇقاملارنى توۋلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىشق ئوتلىرى توختىماستىن يالقۇنجىماقتا ئىدى. بۇ چاغدا قەتران زەڭگى قەلئەنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئەلپاز بىلەن مۇھاپىزەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. زەڭگىنىڭ قۇلىقىغا تۇساتتىن بىر ئاۋاز كىرىپ قالدى. ئۇ ئىنتايىن غەزەپكە تولغان ھالدا قولىغا قان تۆككۈچى قىلىچىنى ئېلىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ قارا بوراندەك يۈگۈردى. قارىسا ئۇ يەردە خۇدىنى يوقاتقان بىر مەست ئادەم تۇرۇپتۇ. قەترانغمۇ ئەتە سەئىد بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى. بىراق بۇ مەستانە نالە-پىغاندىن ئۆزگە ھېچقانداق جەڭ ئەسۋابى كۆرۈنمەيتتى. قەتران ئۇنى تونۇۋالدى-دە، ئۇنىڭ سەئىد ئىكەنلىكىنى بىلمەي، پۇت-قولىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆلتۈرۈشكە



نىيەت قىلدى. لېكىن ئۇ كۆڭلىدە يەنە: «بۇ كېچە بۇنى چىڭ ساقلاي، ئەتە تاڭ ئاتقاندا، مەرىكە تۈزۈپ، سەئىد بىلەن ئېلىشىدىغان چاغدا، ئالدى بىلەن بۇنىڭغا ئامان بەرمەستىن ئۆلتۈرۈپ، بارچە خالايىق ئالدىدا تاماشا قىلاي. بۇ ئىشىمدىن ماڭا روبىرو بولۇشقا جۈرئەت قىلغان ئۇ دۈشمىنىمنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالاي» دېگەنلەرنى ئويلىدى. قەتران زەڭگى ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن مەمنۇن بولۇپ، سەئىدنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سالدى. بۇ قەلئەنىڭ سىرتىدا خۇددى قاراڭغۇ گۆرگە ئوخشايدىغان بىر غار بار ئىدى. قەتران سەئىدنى ئاشۇ غارغا ئاپىرىپ قامىدى. غارنىڭ ئاغزىغا بىر چوڭ تاشنى قويۇپ، مەھكەم ئېتىۋەتتى. قەتران سەئىدنى قامىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز ئەقلىگە بارىكاللا ئوقۇغان ھالدا قەلئە تەرەپكە قايتىپ كەتتى.

سەئىد ئۆزىنىڭ غار ئىچىدە ھوشسىز ياتقانلىقىنى ھېچ سەزمەيتتى. ئۇ تاڭ ئاتاي دېگەندە ھوشىغا كېلىپ ئويغاندى. ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ ھەر تەرەپكە تولغاندى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئويلاپ كەتتى. ئاخىر كېچىدىن بولغان ئەھۋاللار خىرە-شىرە يادىغا يەتكەندەك بولدى. سەئىد بۇ ئەھۋالدىن ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن ۋە قۇش سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋاللارنىڭ تېگىگە يەتتى. ئاندىن سەئىد ھېلىقى پەيلاسوپ ھېكىم بەرگەن خەتنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى يادقا ئالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ مەزكۇر كەلىمىنى ئوقۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنىگە شۇنداق بىر كۈچ-قۇۋۋەت پەيدا بولدىكى، بەدىنىدىكى ھەممە باغلاقلارنى ئۈزۈپ، ئىشكەللەرنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى. غارنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان ئېغىر تاشنىمۇ ئىرغىتىپ تاشلاپ، ھەمراھلىرى تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ شۇنداق تېز ماڭدىكى، تاكى ئۆزى چۈشكەن جايغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن توختىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەئىدنى تاپالماي ئىنتايىن پەرىشان ۋە بىسەرەمجان بولۇپ كەتكەنىدى. سەئىد كېلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارغا

تەسكىن بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋەدىلەشكەن مەيدانغا قاراپ ماڭدى.

مەيدانغا پۈتۈن خالايىقلار يىغىلىشقانىدى. شاھمۇ مەيدانغا ھازىر بولغان بولۇپ، قەتران زەڭگى ئۇ يەردە ھەرخىل ماھارەتلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئاي يۈزلۈك سەنەممۇ سېپىل ئۈستىدىكى بىر مەنزىلدە قاراپ تۇراتتى. يۈز تۈمەنلىگەن خالايىق سەئىد ئۈچۈن قايغۇرۇشماقتا ئىدى. قەتران زەڭگى سەئىد يېتىپ كېلىش بىلەنلا، كېچىدىن تۇتقان ئادەمنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ، سەئىدنى ۋەھىمىگە سالماقچىدى. ئۇ ئاشۇ خام خىيال بىلەن قاراڭغۇ غارغا بارغان بولسىمۇ، غار ئىچىگە قامىغان ئادەمنى تاپالماي قايتىپ كەلدى. بۇ ئىشتىن قەترانىنىڭ قەھرى-غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت چۈشكەندەك بولدى. ئۇ ئاشۇ قەھرى-غەزىپى بىلەن سەئىدكە قاراپ ئېتىلدى. سەئىدمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ ھازىرلاندى. ئۇ پەيلاسوپ ھېكىمدىن ئۆگەنگەن كەلىمىنى ئوقۇش بىلەنلا شۇنداق شان-شەۋكەت ۋە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولدىكى، دۈشمىنىنىڭ كۈچى ئالدىدا ھېچ ئاجىز بولمىدى. بىرقانچە قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن ھېلىقى مۆھۈرنى ئاغزىغا سېلىپ، ئۇنىڭ سۆيىنى دۈشمەن تەرەپكە تۈكۈردى. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن زەڭگىنى ئۇيقۇ باستى، زەڭگىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بېرىش بىلەنلا، سەئىد ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ جىسمى يەرگە پېتىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن خالايىقنىڭ قىقاس-چۇقان، ئاللا-باركاللىسى پەلەككە يەتتى.

ئاندىن سەئىد شاھقا ئىلتىجا قىلىپ، يەنە نېمە تاپشۇرۇقى بارلىقىنى سورىدى. شاھ ئۇنى پەرمان بىلەن ھۆكۈما تەرەپكە يولغا سالدى. سەئىد سۇسلۇق قىلماستىن دەرھال ئىككىنچى قورغانغا يۈرۈپ كەتتى. سەئىدنىڭ ئاتلىق يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھۆكۈما ھەيران قالدى. سەئىد ئۇ ھۆكۈمانى كۆرۈش بىلەنلا ئېتىدىن چۈشۈپ سالام قىلدى ۋە پەيلاسوپ ھېكىم يېزىپ



بەرگەن خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇستازىنىڭ يازغان بۇ خېتىنى كۆرگەن ھۆكۈما دەرھال خەتنى سۆيۈپ، يۈز-كۆزلىرىگە سۈرتتى. ھۆكۈما خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇستازىنىڭ سەئىدنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىشى لازىملىقىنى بىلدى. ھۆكۈما سەئىدكە ئىلتىپات كۆرسەتتى. بۇنى كۆرگەن سەئىد ھۆكۈمانىڭ ئاياغلىرىنى سۆيمەكچى بولغانىدى، ھۆكۈما دەرھال ئۇنى توسۇۋالدى-دە:

— ئالدىڭدا ئۇلۇغلۇق قىلىشقا مېنىڭ ھەددىم ئەمەس، — دېدى.

ھۆكۈما سەئىد بىلەن نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە پاراڭلاشتى. خالايىقلار يىراقتا ئۇلارنى كۆزىتىپ، تاماشا قىلىپ تۇردى.

— ئۇستازىم خېتىدە ماڭا قېرى كەمپىرنىڭ سېھىر-جادۇلىرىنى بىكار قىلىشىمنى بۇيرۇپتۇ، — دېدى ھۆكۈما سەئىدكە، — ئۇ موماينى مەن سېھىر بىلەن پارچە-پۇرات لاتىلاردىن ياساپ چىققان. ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەيكىلى بولغان بىلەن ئۆزى ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىلەردۇر. ئۇ يەرگە بارغىنىڭدا دەرۋازىدىن كىرىش بىلەنلا مومايىنىڭ كۆكسىگە پەشۋا ئۇرغىن.

ئۇ ئىككىيلەن بىر-بىرى بىلەن كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن سەئىد شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەن ھالدا:

— يەنە ئىش بولسا بۇيرۇغايلا، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

شاھ ئۇنى موماي قېشىغا بۇيرۇدى. سەئىد پەرۋا قىلماستىنلا ئۈچىنچى قەسىرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ مومايىنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۈتكۈل شەھەر خەلقى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن سورەن سالغىنىچە ئەگىشىپ كىرىشتى. سەئىد ئۇ مومايىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن خەۋپ-خەتەر ۋە ئاپەتلەر تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەردىكى ئەجدىھالارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئوتلار شولا چېچىپ تۇراتتى. سەئىد قورقماستىن چاققانلىق بىلەن بېرىپ مومايىنىڭ كۆكسىگە شۇنداق تەپتىكى، بۇ

موماي سۇرەتلىك ھەيكەل تۇرغان ئورنىدىن تەۋرەپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرى پارە-پارە بولۇپ، بىر-بىرلەپ يەرگە تۆكۈلدى. بۇ قېرى موماي ئەسلىدە كونا لاتىلاردىن چىگىپ سېھرگەرلىك بىلەن سۇرەتكە ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەنىدى. ئەجدىھالارنىڭ سۇرەتلىرى يىپلاردىن ياسالغان بولۇپ، ئەپسۇن ئارقىلىق راستتەكلا كۆرۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان ئوت شولىلىرى قىزىل لاتىلاردىن ياسالغانىدى.

سەئىد بۇ سېھىر-جادۇلارنى بىكار قىلغاندىن كېيىن شاھنىڭ يېنىغا كەلدى. شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، سەئىدنى قۇچاقلاپ يۈزلىرىگە سۆيدى ۋە «پەرزەنتىم» دېدى. سەئىدمۇ شاھنى «ئاتا» دېدى.

ئەلقىسسە، بۇ پادىشاھنىڭ جاھانغا زىننەت بەرگۈچى بىر گۈلشىنى بار ئىدى. بۇ گۈلشەننىڭ ئىسمىنى «رەۋزەئى خۇزرا» (يېشىل باغ) دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە گۈزەل ۋە ئالىي بىر قەسىر بار بولۇپ، ئۇنى «قەسرى ئەخزەر» (يېشىل قەسىر) دەپ ئاتايتتى. شاھ ئاشۇ گۈلشەن ۋە قەسىر ئىچىدە مەرىكە تۈزۈپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىگە توي بەردى. خالايىقلار شادىمان بولدى. بۇ گوياكى پەرىشتە بىلەن پەرى ۋىسال تاپقاندەك، قۇياش بىلەن چولپان بىر يەردە جەم بولغاندەك ئىش بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سەبز شەھرىنىڭ پادىشاھى بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. ئۇ شاھنىڭ ئورنىدا سەئىد بىلەن شاھنىڭ قىزى قېپقالدى. سەئىد سەبز شەھرىگە پادىشاھ بولدى. ئۇ تاج-تەختنى قايتىدىن زىننەتلەپ، بارلىق زىننەت ئەسلىھەلىرىنى يېشىل قىلدى. ئۇ يېشىل تونلۇق ئىككى دوستىنى ئۆز يېنىدا يېقىن ۋەزىر قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك قىزمۇ بوستاندا ئۆسكەن سەرۋىدەك بويلىرىغا تازا رەيھان رەڭگىدىكى يېشىل لىباسلارنى كىيىپ، ياپراقلار ئارىسىدىكى گۈلدەك جىلۋىگەر بولدى. سەئىد شەھەرنى ئەسلىدىكى پادىشاھتەك ئادىل ئىدارە قىلىپ، ئاۋاتلاشتۇردى. خەلقلەر شا-خۇراملىققا چۆمدى.



سەبز شەھرىنىڭ خەلقى ۋە پادىشاھنىڭ يېشىل كىيىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، باھارنىڭ رەڭگى ۋە كۆكلەمزارلارنىڭ رەڭگىمۇ يېشىلدۇر. ئەگەر غەم-ئەندىشە يىلىنى بىزاۋغا ھۇجۇم قىلسا، ئۇ يىلاننى زۇمرەت رەڭگىدىكى جامنىڭ شارابى ئارقىلىق قارىغۇ قىلىپ تاشلاش كېرەك. مەشۇقلارمۇ سەرۋىدەك ئۆسۈپ بوي تارتقاندا، ئۇنىڭ يېشىل مىيىقلىرى خالايىقنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، ھالاك قىلىدۇ. ھەزرىتى خىزىر پەيغەمبەرمۇ ئاشۇ يېشىل رەڭگە ئىرىشكەنلىكى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغان بولسا، ئەجەب ئەمەس.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ مۇساپىر بۇ ھېكايىسىنى تاماملىدى. شاھ بەھرام ئۇنىڭ ئەسلى ۋە نەسلىنى سورىغانىدى. ئۇ كىشى:

— ھەي بەخت-تەلىيى ئۈستۈن پادىشاھ، مەن سەبز شەھرىنىڭ ئادەملىرىدىن بولىمەن، سەئىدنىڭ ئەۋلادلىرىدىنمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

شاھ بەھرامغا ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇ مۇساپىرنى سەبز شەھرىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى ۋە بارلىق غەم-قايغۇلاردىن ئازاد قىلدى. ئۆزىمۇ غەملىرىنى ئۇنتۇپ، مۆگدىگەن پېتى ئۇيقۇغا كەتتى.

**سەيشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ گۈل رەڭلىك تون-پېرىجلەرنى كىيىپ،**
**گۈلنارسىمان قەسىر تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكى، ئۇ يەردە شەپەق**
**ياقۇت قەدەھلەر ئىچىگە ياقۇت رەڭلىك مەيلەرنى تولدۇرۇپ**
**ئىچكەنلىكى، شاز بەھرامنىڭ ئۇ لەئەل ۋە ياقۇتلار بىلەن**
**سۆيۈنۈپ، مەي كەيپىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى يۇمغانلىقى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر، مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، سەيشەنبە كۈنى بۇ ھەرىكەتچى چاقچان پەلەك يۇلتۇزلار شولىسىدىن جاھانغا گۈللەرنى چاچتى. ئاسمان كەمپىرى

ئۆزىگە زىننەت بېرىپ، قىزىل رەڭلىك بۇلۇتلىرى بىلەن خىنە ياقتى. شاھ بەھرام گۇل رەڭلىك تون-سەرۇپايلارنى كيدى. ئۇ گۇل رەڭلىك قەسىر ئىچىگە كىرىپ، گۇلسمان ئۆي ئىچىدە، گۇل رەڭلىك تەخت ئۇستىدە ئولتۇرماقچى بولدى. ئۇ يەردە گۇلدەك قىپقىزىل شاراب ئىچىشنى خالاپ قالدى. ئۇ يەردىكى گۇل يۈزلۈك سەرۋىمۇ پۈتۈنلەي گۇل سىياقىدىكى لىباسلارنى كىيىپ، شاھنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئىستىقبالىغا چىقتى. ئۇ ئىككىيلەن قەسىرگە كىرگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي گۇل رەڭ شارابلارنى ئىچىشتى. شاراب بۇ ئىككىسىنىڭ گۇل يۈزلىرىنى تېخىمۇ قىزارتىۋەتتى. شاھنىڭ كۆزلىرى شاراب كەيپىچىلىكىدە قىزاردى، لېكىن ئۇ قىزارغان كۆزلەردىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. خادىملار شاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن قەسىر ئالدىغا چىقىپ، بىر ئەپسانىۋاز مۇساپىرنى تاپتى. ئۇ يولۇچى ھېكايە ئېيتىشقا تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ كىشى شاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزى كەزگەن تاغۇ-دەشتلەر، ئايۋان-سارايلار ۋە كۆرگەن-ئاڭلىغان ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرىش پەرمانى چۈشۈرۈلدى. ئۇ ئەپسانىۋاز ھېكىم شاھقا مەدھىيە ۋە تەشەككۇر ئادا قىلىپ، سۆزىنى مۇنداق باشلىدى:

— شاھنىڭ بەخت-تەلىيى ئۈستۈن بولسۇن، جام ۋە شارابتىن ئۇنىڭ بەخت-ئامەت چېھرىلىرى گۇل-گۇل بولسۇن. ئۇنىڭ قولىدىن دائىم گۇل رەڭلىك شارابلار چۈشمىسۇن، مەستلىك ۋە خۇش كەيپىلىكتىن ئۇنىڭ كۆڭلى گۇلدەك ئېچىلسۇن. شاھنىڭ ئىتلىرى ئالدىدا، دۈشمەنلىرىنىڭ قېنى كەم بولمىسۇن.

يولۇچى بۇ دۇئا ۋە تەشەككۇرلاردىن كېيىن پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ، ھېكايىسىنى باشلىدى.

## تۆتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزمەنلىكى

ئۇ مۇساپىر ھېكايە ئۇنچىلىرىنى مۇنداق تەشتى:

بۇرۇنقى زاماندا دېھلى شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى.



ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ھەممە پادىشاھلاردىن يۈكسەك ئىدى. ھېچقايسى دۆلەتتە ئۇنىڭ تەختىگە تەڭ كەلگۈدەك تەخت يوق ئىدى. ئۇنىڭ مال-مۈلۈك ۋە خەزىنىلىرىنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. لەشكەرلىرىنىڭ سانىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكىگە بۇ پەلەكمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇنىڭ پىللىرىنىڭ سانى باشقا پۈتكۈل پادىشاھلارنىڭ ئات-يىلقىلىرىنىڭ سانىغا تەڭ كېلەتتى. خالىسلىق، ئىنساب، ئادالەتمۇ ئۇنىڭ مۇھىم خىسلەتلىرىدىن بىرى ئىدى. بارلىق پادىشاھلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى شاھ جۇنە دەپ ئاتىشاتتى. بۇ پادىشاھ پۈتكۈل جاھان خەلقى ئىچىدە لۇتپۇ مەرھەمەت ۋە خەير-ساخاۋەت جەھەتتە مەشھۇر ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆز ئېلىدىن قوغلانغان بىر ھاجەتمەن كىشى بىر سېۋەت ئامۇتنى ئېلىپ كېلىپ سوۋغات قىلدى. شاھ جۇنە ئامۇتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىنئام بېرىشكە ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى ۋە ئۇ كىشىدىن:

— نېمە ھاجىتىڭ بولسا بايان قىلغىن، — دەپ سورىدى.

— ماڭا بىر ھەرە بىلەن بىر كەكە بېرىلسە ھاجىتىم راۋا بولىدۇ، — دېدى ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ.

شاھ ئۇنىڭغا ھەرە بىلەن كەكىنى ئاچقتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بۇنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

— قەيەردە بۇ خىل مېۋىنىڭ دەرىخىنى ئۇچرىتىپ قالسام، مۇشۇ ھەرە ۋە كەكە بىلەن كېسىپ تاشلايمەن، — دېدى.

شاھ ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دەرھال مال-مۈلۈك ئىنئام قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇيرۇلغان مال-دۇنيانىڭ سانى ئون لەك ئىدى، ھەر بىر لەك ئىچىدە ئون تۈمەن تىزىق ئالتۇن بار ئىدى. ۋەزىرلەر مۇنچىۋالا مال-مۈلۈكنى بىر ئادەمگە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، پادىشاھنى بىر باھانە بىلەن مال-دۇنيا تەرەپكە باشلاپ باردى، ئۇلار شاھ مۇنچىۋالا مال-مۈلۈكنى ئۆز كۆزى بىلەن

كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر ئادەمگە بېرىشتىن يالتىيىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بىراق شاھ يۇقىرىقى خەزىنە-دەپىنىلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن:

— بۇ ئاز بولۇپ قاپتۇ، يەنە ئىككى ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىلسۇن، — دەپ پەرمان چۈشۈردى.

چۈنكى ئۇ پادىشاھ يۈكسەك ھىممەتكە ۋە چەكسىز مەردلىك ھەم ساخاۋەتكە ئىگە ئىدى. بۇنچىلىك مال-دۇنيا ئەمەس، ئۇنىڭدىن يۈزمىڭ ھەسسە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى ئۇ پادىشاھ ھىممەت ۋە ساخاۋىتىنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ، بىر بەزمە تۈزدى. شاھ بۇ بەزمىدە گوياكى ساخاۋەت بۇلۇتىدەك گۆھەر چاچماقتا ئىدى. بەزمە ئەھلى ئىچىدە بىر غېرىب مېھمان بار ئىدى. ئۇ كىشى پادىشاھقا ئاجايىب بىر ئەينەكنى سوۋغات قىلدى. بۇ ئەينەككە ھەرقانداق ئادەم قارىسا، ئەگەر ئۇ ئادەم راست سۆزلىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسى پاكىز ۋە ئاق كۆرۈنەتتى، ئەگەر يالغان سۆزلىسە يۈزى قارا بولۇپ كۆرۈنەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ سىناپ بېقىۋىدى ئېيتقانىدەك كۆرۈندى.

شاھ ئۇ كىشىگە شۇ قەدەر ھەددى-ھېسابسىز خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى بەردىكى، كىشىنىڭ ئەقىل ۋە خىيالى ئۇنىڭ ئۇندىن بىرىنىمۇ پەزەر قىلالمايتتى. شاھ بۇ مال-دۇنيانى ئۇ كىشىگە بەخش ئەتكەندىن كېيىن، سۆز ئارىسىدا مۇنداق بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالدى:

— بۇ ئالەمدە كېزىپ يۈرۈپ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى كۆرۈپسەن، ئۇلار ئىچىدە مېنىڭدەك ساخاۋەتلىك كىشىدىن بىرەرىنى كۆردۈڭمۇ؟ ياكى شۇنداق كىشىنىڭ خىزمىتىگە ئېرىشىپ باقتىڭمۇ؟

ئۇ كىشى شاھنىڭ بۇ سوئالىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. ئەگەر «ھەئە» دېسە، بۇ پادىشاھقا



نۇقسان بولاتتى. «ياق» دېسە، ئۇ ئەلۋەتتە يالغان بولاتتى. ئۇ كىشى قورقۇنچ سەۋەبىدىن، راست سۆزلىمەي يالغان ئېيتتى:

— جاھاندا مەن كۆرمىگەن يەر قالمىدى. لېكىن سەندەك ساخاۋەتلىك كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟ — دېدى پادىشاھ.

ئۇ كىشى:

— راست، — دېدى.

پادىشاھ ئۇ كىشىنى دەرھال ھېلىقى ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ كىشى ئەينەككە قاراپ ئۆز ئەكسىنىڭ قاپقارا تۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. شاھمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن خىجىل بولدى.

— ھەي مېھمان، — دېدى پادىشاھ ئۇنىڭغا، — بىز سېنى خىجىل قىلىپ قويدۇق، يۈزۈڭنىڭ قارا كۆرۈنۈشىدىكى سەۋەب ساڭىمۇ ئايان، بۇ ئەلۋەتتە يالغان ئېيتقانلىقىڭ ئۈچۈن شۇنداق بولدى. ئەمدى راست گەپ قىلغىن، بۇنىڭدىن ئەنسىرىمە.

ئۇ مېھمان:

— كۆردۈم، — دېدى-دە، شۇ ھامان ئەينەككە قارىغانىدى يۈزى ئاق كۆرۈندى.

— بۇ قەدەر ساخاۋەتلىك قانداق ئادەم ئۇ؟ — دېدى پادىشاھ.

ئۇ كىشى:

— ئەي پادىشاھ، بۇنى ئېيتماقتىن ئۆزگە چارەم يوق. بىراق بۇ ھېكايە ئاجايىب ۋەقە بولغاچقا، خالىي ئورۇندا سۆزلەشكىنىمىز تۈزۈك، — دېدى.

پادىشاھ دەرھال بەزمە ئەھلىنى چىقىرىۋەتتى. مېھمان بىلەن شاھ يالغۇز قالدى.

— ھىندى مەملىكىتىدە بىر شەھەر بار، — دېدى ئۇ كىشى سۆز باشلاپ، — ئۇنى بۇ ئالەمنىڭ جەننىتى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇ شەھەرمۇ سىنىڭ دۆلىتىڭگە تەۋە، ھەر يىلى ئۇنىڭ باج-خىراجەتلىرى خەزىنىلىرىڭگە قوشۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ سۈپەتلىرى شۇ قەدەر گۈزەلكى، ئۇنى توغرا بايان قىلىپ بېرىش قىيىن. ئۇنىڭ ئىسمى تىراز شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان چەكسىز گۈزەل شەھەر. بەلكىم ئۇ يەرگە سىنىڭمۇ قەدىمىڭ يەتكەندۇ ياكى ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولغىيتىڭ.

— ئۇ يەرلەرنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئەمما داڭقى ۋە تۆھپىسىنى ئاڭلىغان، — دېدى پادىشاھ، — ئەمدى ھېكايەڭنى باشلا، كۆرگەنلىرىڭنى تولۇق بايان قىلغىن.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۇ مېھمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ شەھەر بېھىشتىن نەمۇنەدۇر. ئۇنىڭ دەرەخلىرى گويا جەننەتتىكى تۇبى دەرىخىدەك كۆككە تاقاشقان. ئۇنىڭ ئېقىۋاتقان تازا، تىنىق ۋە لەززەتلىك سۇلىرى جەننەتتىكى كەۋسەر سۈيىنىڭ ئۆزىدۇر. باغلىرىنىڭ ھاۋاسى كىشىگە خۇددى بېھىشتەك راھەت بېغىشلاپ، جاننى ياشنىتىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ خەلقى باغ بىنا قىلىش، ئۇنى پەرۋىش قىلىش ۋە زىننەتلەشكە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بەرگەنكى، ئۇ يەردە باغلىرى ۋە باغ ئىچىدە بوستان، گۈلىستانلىرى بولمىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇ يەردە ھەركىم باغلىرىنى ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا، ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە زىننەتلەپ، ياساپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز پادىشاھىنىڭ ئادالىتى تۈپەيلىدىن ناھايىتى بېيىپ كېتىپتۇ. شەھەرنىڭ كوچىلىرى بېھىشتەك ئاۋات ھەم مەمۇرچىلىق، ئۇ يەرنىڭ ئۆيلىرى قەسىردەك، خەلقى ھۆردەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار پۇل ۋە ماللىرىنى قويۇشقا ھېچبىر ۋەيرانە جاينى تاپالماي ھەيراندۇر.

ئاشۇ شەھەردە بىر ياش يىگىت بار. ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشتا مىڭلىغان دانالارمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ يىگىت گۈزەللىكتە كۆكتىكى ئايدەك، خۇش خۇيلۇقتا ئابىھايات كەبىدۇر. ئۇنىڭ يېشى كىچىك، ئەمما ئەقىل-پاراسىتى چوڭدۇر.



ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئەقىل-ئىدراك بىلەن پۈتكەن. زېھنى ئەينەكتەك روشەندۇر. ئۇنىڭ كۆكلەمزار ئۈستىدە ئاققان سۈزۈك سۇدەك پەم-پاراسىتى ئالدىدا ھېچ نەرسە يوشۇرۇنۇپ قالالمايدۇ. ھەر بىر ھېكمەت ئىچىدىن يەنە قانچىلىگەن ھېكمەتلەرنى پەملىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ تالانتى ھەر قانداق ئىلىمگە شۇ قەدەر ماس كېلىدۇ. پۈتۈن ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. جاھاندا ھېچ كىشى ئۇنىڭچىلىك بەختلىك ئەمەس. ئۇنىڭ تەلىيى سائادەتلىك بولغاچقا، ئىسمىنىمۇ مەسئۇد دەپ ئاتىشىدۇ. ساخاۋەتلىك تەڭرى ئۇ يىگىتتىن ھېچ نەرسىنى ئايىماي، ھەممە ئىشتا كامالەت بېرىپتۇ. خۇسۇسەن مال-دۇنيا ئاتا قىلىشتىن ئايانماپتۇ.

ئۇ يىگىت ھەمىشە گۈلزار ئىچىدە مەجلىس تۈزۈپ، گۈل رەڭ شارابلارنى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. گۈل مەۋسۇملا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇ ھامان گۈلشەندە بەزمە تۈزۈپ، گۈللەر بىلەن ئۈلپەت بولىدۇ. بەزمە ئىچىدە گۈللەرنى چېچىپ، باشتىن-ئايىغىچە گۈل ئىچىگە غەرق بولىدۇ. ئۇ يىگىتنىڭمۇ ھازىر گۈل پەسلىدۇر. شۇڭا ئۇ نەپىس گۈل رەڭ لىباسلارنى كىيىدۇ. گۈل بەرگىدىن ئەتىرلەرنى ئېلىپ، لىباسلىرىغا سېپىدۇ. گۈل رەڭلىك ئورۇن ۋە مەنزىللەردە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە گۈل يۈزلۈك خىزمەتكارلار گۈل سېپىشكە دائىم تەييار تۇرىدۇ. ئۇ يىگىت قاچانكى بەزمە تۈزۈش ئۈچۈن گۈل رەڭلىك قەسىرگە كەلسە، چاكارلار ئۇنىڭ بېشىدىن گۈللەرنى چېچىشىدۇ. ھەركىم ئۇنىڭ ئەيش-ئىشرەت ۋە شادلىق بەزمىسىگە داخىل بولسا، پىردەۋس بېغىنىڭ بەزمىسىدىنمۇ كېچىدۇ. بىراق مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئىشلىرىنى سۇندۇرۇپ، يۈزدىن بىرىنىلا بايان قىلدىم. ئۇنىڭ ساخاۋىتى ھەققىدە سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. بۇ ھەقتە يۈزلىگەن ھاتەم تىرىلىپ كەلسىمۇ سۆزلەپ بولالماس.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھ جۇنەنىڭ سەۋر-تاقىتى قالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇنى كۆرۈش ھەۋىسى تۇغۇلدى. كۆڭلىدە:

« بۇنداق نادىر كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەي» دەپ ئويلىدى. ئاندىن پەرمان چۈشۈرۈپ:

— مەن بىر ھەپتىگىچە ھەرەم ئىچىدە ئارام ئېلىپ، مەي-شاراب ئىچىش بىلەن بولىمەن. بارلىق خىزمەتكارلار بىر ھەپتىگىچە ئۆيۈڭلاردا دەم ئېلىڭلار، — دېدى.

ئۇلار ھەممىسى پەرمان بويىچە ئۆيىگە قايتىشتى. پادىشاھ، تەختى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىشەنچلىك بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ، ئۇ كىشىگە پەند-نەسىھەتلىك تاپشۇرۇقلارنى جېكىلىدى.

ئەلقىسسە، شاھ جۇنەنىڭ بىر تېز يۈرۈشلۈك ئېتى بار ئىدى. تېزلىكتە چاقماقمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ ئاتنىڭ ئىسمى سەرىئۇس-سەيىر (تېز يۈرگۈچى) ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈشىنىڭ ئىتتىكلىكى ئالدىدا ھاۋادىكى قۇشمۇ توختاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر ھەپتىلىك يولنى بىر كۈندە بېسىپ شۇ كېچىسى قايتىپ كېلەلەيتتى. پادىشاھ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تېزدىن ئاتلاندى-دە، قاتتىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىككى كۈن يول يۈردى، شاھ بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە يۈز ياغاچلىق① مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇ شەھەرگە يەتتى.

پادىشاھ كۆردىكى، بۇ جەننەت بېغىدەك بىر شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ تۇپراقلىرى ئىپار، ئەنبەر ۋە ئەتىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك ئىدى. ئۇ سۆزمەن مېھماننىڭ بايان قىلغىنىدىنمۇ يۈز ھەسسە ئارتۇق گۈزەل ئىدى. شاھ جۇنە مەسئۇدنىڭ ئۆيىنى سوراپ تاپتى ۋە بەزمە تۈزگەن ئورۇننىمۇ كىشىلەردىن ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ جايغا يېتىپ باردى. پادىشاھ ئۇ يەردە بىر ئۇلۇغ بارگاھنى كۆردى. ئۇنىڭ ئايۋىنى ئاسمان گۈمبىزىگە تاقاشقانىدى. ئايۋان

① ياغاچ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ھەربىر ياغاچ مۇساپە 12مىڭ قېرىغا تەڭ (ھەر بىر قېرى تەخمىنەن بىر مېتىر)



ئىچىدىكى خالايىقلارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى يەتتە قات ئاسماندىن ھالقىغانىدى. كىشىلەر ئۇ بارگاھ ئىچىگە كىرىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. دەرۋازا ئالدىدا بىر قانچە كىشى مەخسۇس غېرىب-مۇساپىرلار ئىشىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۇلار شاھ جۇنەنى كۆرۈپ، بىر غېرىب بىچارە ئوخشايدۇ دەپ بىلدى-دە، دەرھال ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سوراپ، مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار شاھنىڭ ئېتىنى ئاتخانىغا باغلاپ، يەم-بوغۇز بېرىۋەتكەندىن كېيىن، شاھنى قەسىر ئىچىگە باشلاپ كىردى. بۇ قەسىر مېھمان ئۈچۈن ئالاھىدە بىساتلار سېلىنغان كۆركەم ۋە ئازادە بىر ئايۋان ئىدى. شاھنى ئۇ يەرگە باشلاپ داستىخان سالدى ۋە ئالدىغا خىلمۇخىل تائاملارنى كەلتۈرۈپ تىزدى. مەسئۇدمۇ ئۇ يەرگە دەرھال يېتىپ كېلىپ، خۇش خۇيلۇق بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئادەمگەرچىلىكنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزدى. شاھ جۇنە بۇنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولدى. غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن مەسئۇد مېھماننىڭ كۆڭلى شارابنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام بىلەن سورىدى. مەسئۇد مېھماننىڭ كۆڭلىنىڭ شارابقا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن بارلىق شادلىق ئەسلىھەلىرىگە زىننەت بېرىپ بىر ئالىي بەزمە تۈزمەكچى بولدى.

مەسئۇدنىڭ بىر ھاممامى بار ئىدى. ئۇنىڭ تېگى مەرمەر تاشلاردىن، سۇ چاچقۇلىرى كۈمۈشتىن، كۆلچەكلىرى شېشىنىڭ ئورنىدىكى نازۇك ئالماسلاردىن ياسالغان. كۆلچەكلەر گۈل سۈيى بىلەن توشقۇزۇلغانىدى. مەسئۇد پادىشاھقا:

— ئەزىز مېھمان، ئالدى بىلەن ھاممامغا كىرىپ، يولنىڭ چاڭ-توزانلىرىدىن بەدەنلىرىنى خالىي قىلىپ، شاد-خۇرام بولغايلا، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

جۇنەنىڭ شۇنداق ئارزۇسى بار ئىدى. ئۇ ھاممامغا كىرىپ، بۇ يەرنىڭ شۇ قەدەر زىننەتلەنگەن ۋە ھەممە ئەسلىھەلىرىنىڭ

تەق قىلىنغانلىقىنى كۆردى. بۇنداق ئالىي ھاممام شاھ جۇنەنىڭ شەھىرىدە يوق ئىدى. پادىشاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ تاماشا قىلىپ كۆردى ۋە مەسئۇدقا ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولدى. ئۇ ھاممامنىڭ ئالتۇندا زىننەتلەنگەن ئاپتۇۋۇلىرى گويا ھىلال ئايدەك كۈمۈش تۇتقۇلىرى بىلەن تەرەت ئۈچۈن تەييار ئىدى. بەدەن سۈرتۈش ئۈچۈن تەييار قىلىنغان پوتىلارغا ئىپار، ئەنبەرلەر سېپىلگەن. بۇلار يىپ ئورنىغا ئالتۇن رىشتىلەرنى، يەنى كالاۋتۇن يىپلىرىنى بىرىكتۈرۈپ توقۇلغان بولۇپ، سۈبھىنىڭ مەيىن شامىلىدەك پاك ۋە مامۇقتەك يۇمشاق ئىدى. ھاممام ئىچىدە غۇسلى تەرەت قىلغۇچىلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قانچىلىگەن گۈل بەدەنلىك پەرىدەك خىزمەتكارلار تەييارلانغان — ئۇلار چېچەنلىك ۋە زېرەكلىكتە بىر-بىرىدىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشنى ئىنچىكىلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. شاھ ئۇ يەردە راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپ، جىسمىنى سەپەرنىڭ كىر-غۇبارلىرىدىن خالاس قىلدى.

شاھ ھاممامدىن چىققاندىن كېيىن خىزمەتكارلار ئۇنىڭغا گۈل رەڭ لىباسلارنى كىيگۈزدى. ئۇنىڭ لىباسلىرى مەسئۇدنىڭ لىباسلىرى بىلەن بىر خىل رەڭدە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بەزمىگاھ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە شۇ دەرىجىدە ئالىي بىر جەننەت بەزمىسى تۈزۈلگەنىدىكى، بۇنداق كاتتا بەزمىنى بۇ ياشقىچە كونا قېرى پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ بەزمىنىڭ ساقىيسى ھۆر، شارابى كەۋسەر سۈيى ئىدى. مەسئۇد شاھنى بەزمىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۆزى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. بۇ گۈل يۈزلۈك بەزمە ئەھلىنىڭ ھەممىسى گۈلنار رەڭلىك لىباسلارنى كىيىشىپ، گوياكى بېھىش گۈلىدەك ياسانغانىدى. مەسئۇد بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر خۇش قامەتلىك گۈزەل ساقىينى چاقىرىپ، ئۇنى مېھمانغا شاراب تۇتۇشقا بۇيرۇدى. سورۇندا شاراب قەدەھلىرى ئارقىمۇ ئارقا نەچچە قېتىم ئايلاندى. شاراب بارا-بارا بەزمە



ئەھلىنىڭ باشلىرىغا چىقىپ، ئۇلارنى مەست قىلدى. بۇ مېھمان زاماننىڭ كەم تېپىلىدىغان بۈيۈك پادىشاھى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە دەۋراننىڭ تەڭداشسىز ھېكمەت ئىگىلىرى ۋە دانىشمەنلەردىن ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇننى كۆرگىنىدە بەزمىنىڭ زوق-شوقى تۈپەيلىدىن ئۆز ئىختىيارىنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. شارابنىڭ ھارارىتى شاھنىڭ نېرۋىلىرىنى قىزىتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەقىل ۋە دانىشمەنلىك قائىدىسىگە تەسىر يەتتى. شاھ ئۆزىنى بېھىش ئىچىدە سەزمەكتە، قاياققا قارىسا كۆزلىرىگە ھۆر-غىلمانلار كۆرۈنمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن سەۋر-تاقىتى قېچىپ، ئىختىيارسىز ھالدا مۇبارەك ئېغىزلىرىنىڭ قۇتىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى چېچىپ، ئۇ چېچىلغان سۆز ئۈنچىلىرىنى مەقسەت يىپلىرىغا تىزىشقا باشلىدى. مېھماننىڭ بۇنداق گەپدانلىقىنى كۆرگەن مەسئۇد ھەيران قالدى.

ئەلقىسسە، شاھ جۇنە مەسئۇدتىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— ھەي ئىسمى جىسمىغا لايىق بەختىيار يىگىت، مەن بۇ جاھاندا مۇساپىر كىشىمەن. پۈتكۈل ھىندى مەملىكىتى ئىچىدە مەندەك كۆپ ساياھەتتە بولغان ھېچكىم يوق. تەڭرى ساڭا مۇشۇنچىۋالا بايلىق، دانىشمەنلىك ۋە ئىقتىدارنى بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغىن، ئىلاھىم، مەن جاھان ئىچىدە ھېچكىمنىڭ بۇنچىۋالا بايلىقى ۋە ھەشەمىتى بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. شۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ سىرىنى سەندىن سوراپ بېقىشنى ئويلاپ قالدىم. راست ئېيتقىن، قايسى ئىش تۈپەيلى مۇنچىۋالا سەرمايىگە ئىگە بولدۇڭ؟

— ئەي مۇبارەك خىسلەتكە ئىگە كىشى، — دېدى مەسئۇد جاۋابەن، — سەن بۇنداق سورىغانىكەنسەن، بۇنىڭ سىرىدىن ئەلۋەتتە سېنى خەۋەردار قىلىشىم زۆرۈر. شۇنى بىلگىنكى، بۇ ئالدى بىلەن تەڭرىنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتىدىن بولدى. لېكىن

بۇنىڭ يەنە باشقا سەۋەبمۇ بار. بىزنىڭ پادىشاھىمىز شۇنداق ئادىل پادىشاھتۇركى، ئۇ گويا تەڭرىنىڭ خەلق ئۈستىگە چۈشكەن سايىسىدۇر. تەڭرى ئۇنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، سەلتەنىتىگە ئەبەدىيلىك ۋە زىننەت بەخش ئەتسۇن. ئۇنىڭ ئادالىتى ۋە ياخشىلىقىنىڭ بەرىكىتى ھەممە ئادەمگە، بەلكى پۈتكۈل ئالەمگە ئورتاقتۇر. ئۇ ئۆز ئېلىدە زۇلۇم تارىنى ئۈزۈپ، ئادالەت سازىنى تۈزگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تىنچلىق ۋە بەختىيارلىقتىن ئۆزگە ھېچ ئىش قالمىدى. پادىشاھلىقنىڭ ئىشى شۇنداق تۈرسا، يۇرت ئىچىگە تىنچ-ئامانلىق، يۇرت خەلقىگە باي-باياشادلىق يۈزلەنمەي قالامتى. بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىلىم-ھۈنەردە ماھىر، پەزىلەتلەردە كامىل بولۇشىمۇ ئاشۇ پادىشاھىمىزنىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە كۆيۈنۈشى تۈپەيلىدىندۇر. چۈنكى ئۈستىمىزدە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئادىل ۋە ھەققانىي سىياسىتىنىڭ سايىسى كەم بولمايدۇ. مېنىڭ بەخت-دۆلىتىمنىڭ باشقىلاردىن زىيادە بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، تەڭرىنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە ۋاقتىدا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ تۇردۇم، ئىككىنچىدىن، پادىشاھىمىزنىڭ ئۆمرى ۋە سەلتەنىتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇمىدىم. مانا مۇشۇ ئىككى ئىش مېنىڭ دۆلەتمەن بولۇشۇمنىڭ سەۋەبىدۇر. خالايىق بولسا بۇ ئىككى ئىشتىن غالىبتۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچ مۇرادى ھاسىل بولمايدۇ. تەڭرى مېنى بۇ ئىشتىن ئاگاھ قىلدى. مەن بۇ ئىككى ئىشنى دائىم ئادا قىلىپ تۇرغانلىقتىن، مۇشۇنداق دائىمىي سائادەت، ئەبەدىي بەختكە ئىگە بولدۇم.

شاھ جونە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق شادلاندىكى، ۋارقىراپ تاشلاشقا ئازلا قالدى. شاھنىڭ كۆڭلىدە سەئىدنىڭ مېھرى باشقىلاردىنمۇ ئۈستۈنرەك ئورۇنغا ئۆتتى. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن شۇنداق قىزىق ھېكايە، لەتىپىلەرنى سۆزلەپ كەتتىكى، ئۇنىڭ



پاساھەت ۋە بالاغىتىدىن تامامى خالايىق ھەيرانۇ ھەس قالدى. مەسئۇد بۇنداق پەزىلەتلىك مېھماننى، ياق بەلكى نادىرى زاماننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا جان پىدا قىلغۇسى كەلدى، ئۇنىڭ كەلگەن ھەربىر قەدىمىگە يۈزلىگەن تەشەككۇرلارنى ئادا قىلدى.

ئەلقىسسە، تەرەپ-تەرەپلەرگە ئەۋەتىلگەن سودىگەرلەر ئىچىدىن بىرسى ھەددىدىن ئارتۇق پايدا-مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىپ، شۇ كۈنى خۇشال-خۇرام ھالدا قايتىپ كەلدى. مەسئۇد بۇ ھەددى ھېسابسىز پايدىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ شۈكرى--سانالارنى ئېيتقان ھالدا:

— ئۇلۇغ تەڭرىم ماڭا بۇ قېتىم بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ كەلگۇدەك مەنپەئەتنى ئاتا قىپتۇ، — دېدى. ئاندىن شاھ جونەگىمۇ ناھايىتى كۆپ مال-دۇنيا سوۋغا قىلىپ ئادەمگەرچىلىك قىلدى. شاھ دېھلى شەھىرىدە ئۆزىگە ئەينەك سوۋغا قىلغان مۇساپىرنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا چەكسىز ئاپىرىنلار ئېيتتى.

مەسئۇد يەنە بەزمە تۈزمەكچى بولۇپ:

— ئون نەپەر ھۆر سۈپەت قىز شادلىق قوزغاش ئۈچۈن گۈلخانىلارنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، خالايىقنىڭ باشلىرىغا گۈللەرنى چاچسۇن، — دېدى.

بۇ ۋاقىت گەرچە كۈز پەسلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان ئەنبەر يۇپراقلىق گۈللەرنى چېچىشقا باشلىدى، ئۇلار پۈتكۈل جاھاننى خۇش پۇراققا تولدۇرۇپ، بەزمە سورۇنىنى جەننەت گۈلىستانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھەممە ياقتا گۈل يۈزلۈك مەشۇقلار گۈل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ، گۈل رەڭ شارابلارنى ئىچىشكە باشلىدى. شادلىقتىن ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گۈل-گۈل ئېچىلىپ كەتتى. شاھ جونەنىڭ كۆڭلىمۇ يايراپ كېتىۋاتاتتى. مەسئۇدنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىر گۈل يۈزلۈك مەشۇق ھەرىكەتكە كەلدى-دە، قۇياش كەبى بىر جامغا ئۈزۈم كەبى شارابنى تولدۇرۇپ، شاھ جونەگە سۇندى. بۇنداق جام ۋە شارابنى شاھ جەمشىدمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— بۇ جامنىڭ خاسىيىتى شۇكى، — دېدى ئۇ مەشۇق جامنى شاھ جۇنەگە ئۇزاتقان ھالدا، — بۇنىڭغا شارابنى بىرلا تولدۇرۇپ، ئوڭ تەرەپتىن سورۇندىكى ھەممە ئادەمگە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تۇتسا، كىشىلەر ئۇنى ھەرقانچە ئىچكەن تەقدىردىمۇ، جامدىكى شاراب ئازايمايدۇ. ئەگەر جامدىكى شارابنى سورۇندا سول تەرەپكە قاراپ ئايلاندۇرۇپ تۇتسا قانچە توشقۇزغان بىلەنمۇ، ئازراقلا ئىچسە ئۇنىڭدىكى شاراب تۈگەپ قالىدۇ. ھېكمەت ئالىملىرى بۇ جامنى ياسىغان چاغدا، ئۇنىڭغا ئاشۇنداق تىلسىماتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ياساپ چىقىپتىكەن.

شاھ جۇنەنىڭ ئۇ جامنى سىناپ باققۇسى كەلدى. سىناق قىلغاندى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق خاسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇ جامنىڭ شارابى ئەمەس، ئىشتىياقى مەست قىلدى. مەسئۇد بۇنى سەزدى-دە، جامنى شاراب بىلەن قوشۇپ پادىشاھقا سوۋغا قىلدى. شاھ ئۇ جامدىكى مەينى ئىچىپ شادىمان بولدى ۋە خۇددىنى يوقاتقانغا قەدەر ئىچىپ بەزمىنى قىزىتتى. ئۇلار شۇ كۈنى تاكى ئاخشامغىچە ئاشۇ يوسۇندا بەزمە تۈزۈپ، كەچ بولغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزمىدىن چارچىغان جىسمى ئۇيقۇدىن ئارام تاپتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتتى. قۇياش شارابى سۇبھى ھاراقكەشنىڭ مەستلىكىنى پاخمىل قىلىپ، ئۇنىڭ روھلىرىنى تازىلىدى. شاھ جۇنە باشلىق مەيخورلار يەنە شاراب ئىچىشكە باشلىدى. بارا-بارا سورۇندىكىلەرنىڭ كاللىسىدا ئەقىل-ھوشى قالمىدى. تۈنۈگۈندىكىدىنمۇ گۈزەلرەك گۈل يۈزلۈكلەر گۈلگۈن شارابلارنى تۇتۇشقا تەكلىپ قىلىندى. گۈل رەڭلىك قەسىردىكى بۇ بەزمە ئەھلىنىڭ باشلىرىدىن قىپقىزىل گۈللەر چېچىلدى.

شۇ ئەسنادا مەسئۇدنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىر كىشى بېرىپ، رۇخسارىغا چۈمپەردە ياپقان بىر نازىنىن گۈزەلنى باشلاپ كەلدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك قىز ساز چېلىشقا تەڭداشسىز ئىدى، سازنى ئۇنداق



چالىدىغان يەنە بىرى تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى. مەسئۇد ئۇنىڭغا يۈزىدىن پەردىنى ئېلىۋېتىپ، چاڭنى قولىغا ئېلىپ نەغمە باشلاشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇ ھۆر سۈپەت قىز ئولتۇرۇپ يۈزىدىن پەردىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈش بىلەنلا، بىر نەچچە كىشى ھوشىدىن كەتتى، يەنە بىرنەچچىسى ھەتتا جان تەسلىم قىلىشتى. ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپ، ھېچكىمدە نورمال ھالەت قالمىدى. ئۇ زىبا سەنەم قولىغا چاڭنى ئېلىپ، سازلاپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى تەڭكەش قىلىپ، شۇنداق بىر نەغمە-ناۋا تۈزدىكى، باياتىن جېنىدىن جۇدا بولغانلارمۇ ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ناۋاسىنى ئاڭلاپ، قايتىدىن يېڭى جانغا، ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتى. شاھ جۇنەمۇ ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كۆرۈپ، خۇش سازى ۋە خۇشناۋاسىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ جان رىشتىلىرىنى ئۇنىڭ چاڭلىرىغا تار قىلىپ باغلاپ، ئاشىق بىقارار بولدى. شاھنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئۇ سەنەم ئەسىر قىلىۋالدى. مەسئۇد بۇنى سېزىپ، يېقىملىق تەكەللۇپلارنى بايان قىلدى ۋە ئۇ ئاي يۈزلۈك كېنىزەكنى يەنە تۈنۈگۈن سوۋغا قىلغان مال-دۇنياچىلىك پۇل-مال بىلەن قوشۇپ شاھقا تارتۇق قىلدى.

ئەتىسى يەنە ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ قىزىقراق بەزمە تۈزۈلدى. مەي ئىچىش، گۈل چېچىش، پەرىلەر نەغمىسىنى ئاڭلاپ كۆڭۈل ئېچىشلار ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ زىيادىرەك قىزغىنلىق بىلەن داۋام قىلدى. ئەيش-ئىشرەت سورۇنى ئىچىدىكىلەردىن بىرى مەسئۇدنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بېرىپ، چاقماقتەك تېز يۈرىدىغان بىر ئارغىماق ئاتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئارغىماقنىڭ يۈرۈشلىرى بۇ پەلەك ئارغىمىقىنىڭ ھەرىكىتىدىنمۇ چاققان ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ رەڭگى گۈل رەڭگىدەك قىپقىزىل بولغاچقا، ئۇنى «گۈلگۈن» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئات ئەسلىدە دېۋە بىلەن پەرى ئارىسىدىن تۆرەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى دېۋە، ئانىسى پەرى ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن تۇرقى ئەقىللەرنى ھەيران، سەزگۈلەرنى سەرگەردان قىلاتتى. ئۇنىڭغا

سۇ ئورنىدا شاراب، ئوت-چۆپ ئورنىدا شېكەر قومۇشى بېرىپ بېقىلاتتى. بۇ ئاتنىڭ ھەربىر قەدىمىگە باشقا ئاتلارنىڭ ئون قەدىمى تەڭ كېلەتتى. شۇڭا ئۇ بىر كېچە-كۈندۈز ئىچىدە يۈز ياغاچلىق يولنى ئارقىدا قالدۇراتتى. شاھ جۇنە بۇ ئاتنى كۆرگەندىن كېيىن ئەقلىدىن بىگانە، بەلكى ئۇ ئاتنىڭ ئىشتىياقىدا دىۋانە بولدى. مەسئۇد بۇنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئاتنى ئالدىنقى ئىككى كۈندىكىنىڭ بارابىرىدە مال-مۈلۈك بىلەن قوشۇپ پادىشاھقا تۆھپە قىلدى. شاھ مەسئۇدنىڭ ھەممە تۆھپىلىرىدىن مىننەتدار بولغانىدى. بىراق بۇ ئات پادىشاھنى ھەممىدىن بەكرەك خۇشال قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى تاكى ئاخشامغىچە مەي ئىچىشىپ، ھەممىسى مەست بولغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى.

ۋاقتىكى، تاڭ ئاتتى، قۇياش شاھى يۈزلىرىدىن نىقابىنى ئاچتى. تۈن شاھىنىڭ لەشكەرلىرىگە شىكەستە يەتتى. شاھ جۇنەمۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى گوياكى سائادەت يۇلتۇزىدەك ئاچتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ گۈل ۋە شاراب سۆھبىتىنى يىغىشتۇردى.

— ھەي دوستۇم، — دېدى شاھ مەسئۇدقا، — كۆڭلىمىز بېغىنىڭ مېھر-مۇھەببەت گۈزەللىرى ناھايىتى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتاتتى. مېھماندارچىلىق بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس. سېنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن. گەرچە سېنىڭدىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن قىيىن بولسىمۇ، بىراق رۇخسىتىڭ بىلەن يانمىسام بولمايدۇ. گەرچە مېنىڭ كەلمىكىم ئىرادەتتىن بولسىمۇ، قايتىشىم ئىجازەتتىندۇر. شۇڭا ماڭا قايتىشقا ئىجازەت بەرسەڭ.

بۇ خىل جۇدالىق سۆزلىرى ئارىغا چۈشكەندىن كېيىن مەسئۇدنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە مۇنداق ئۆزرىلەرنى ئېيتتى:

— ھەي مۇساپىر كىشى، نېمە دېگىنىڭ بۇ، سېنىڭ سۆھبىتىڭنىڭ شاراپىتىدىن شاد-خۇرام بولغانىدۇق، ئەمدى پۇرقىتىڭنىڭ ئازابىدىن بىئارام بولىمىزمۇ؟! بىز سېنىڭ قۇياشتەك يۈزۈڭدىن، شېرىن سۆزۈڭدىن شادىمان بولغانىدۇق. ئەمدى ھىجران ئوتۇڭدىن



پەرىشان بولىمىزمۇ؟! گەرچە خىزمىتىڭنى ياخشى قىلالماي بىزدە چولتىلىقلار سادىر بولغان بولسىمۇ، بىزنى كەڭچىلىك بىلەن ئەپۇ قىلىپ، يەنە بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ بەرگىن، بىز خۇرسەن بولۇپ قالايلى. ئەگەر بۇنىڭغا زادى مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە نۇقسانلىرىمىزنى كەچۈرۈپ، بىزنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسەن.

شاھ جۇنەمۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئۆزرىخالىقلارنى ئېيتىپ خۇشلاشتى. شاھ مەسئۇد سوۋغا قىلغان گۈلگۈن ئاتنى مىنىپ يولغا راۋان بولدى. مەسئۇد سوۋغا قىلغان مال-مۈلۈك ۋە كېنىزەكنى بىر ئىشەنچلىك خەزىنىدارغا تاپشۇردى. شاھ گۈلگۈن ئاتقا شۇنداقلا ئىشارەت قىلىۋىدى، شۇ كۈنى ئۆزىنى دېھلى شەھىرىدە كۆردى. ئاندىن سەلتەنەت تەختىدىن ئورۇن ئالدى. خەزىنىدار بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن ئۇ ئاي يۈزلۈك سەنەمنى ۋە بارلىق مال-مۈلۈكلەرنى شاھ ھۇزۇرىغا ئەكىلىپ بەردى. شاھ جۇنە مەسئۇدنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ، ئەقلى ھەيران، كۆڭلى پەرىشان بولدى. مەسئۇدنى ئەسلەپ، دائىم گۈل رەڭ كىيىملەرنى كىيىپ، گۈلگۈن قەدەھلەردە ياقۇت رەڭلىك مەيلەرنى ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، شاھ جۇنەنىڭ تاۋابىئاتلىرىدىن جىپۇر ئاتلىق بىر كىشى تىراز شەھىرىگە ھاكىم ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى جەنبۇر شەھىرى ئىدى. ئۇنىڭ مەنسىپى ناھايىتى ئالىي بولسىمۇ، لېكىن ھىممىتى پەس ئىدى. ئۇنىڭ خەلققە سالغان جەبىر-زۇلۇملىرى ھىندى مەملىكىتىدە مەشھۇر بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇقرالىرى شاھ جۇنەگە ئەرز-دادلارنى ئېيتىپ كەلگىلى تۇردى. ئۇنىڭ گەدىنىدىكى نەچچە تۈرلۈك گۇناھلىرى بارغانسېرى ئېغىرلاشقا باشلىدى. بىر كۈنى شاھ جۇنە:

— جىپۇرنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلىڭلار، ئۇ شەھەرنىڭ ھاكىملىق ئالىي مەنسىپىگە مەسئۇدنى تەيىنلەيمىز، — دەپ ھۆكۈم قىلدى.

شاھنىڭ بۇ ھۆكمى يارلىق قىلىپ يېزىلدى. لېكىن بۇ خەتنى تېخى ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى، جىپۇرغا: «سەلتەنەتنىڭ قولۇڭدىن چىقىپ كېتەي دەۋاتىدۇ. قىلغان ئىشلىرىڭ شاھنىڭ ئالدىدا ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئەمدى سەن قانداق جازاغا لايىق بولساڭ، شۇنداق جازاغا تارتىلىسەن» دېگەن خەۋەر يەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جىپۇر ھەددىدىن زىيادە ئىزتىراپقا، ئىنتايىن پەرىشان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەم-قايغۇ ئەسىر قىلىۋالدى. جىپۇرنىڭ بەللۇر ئاتلىق بىر نايىپى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى زالىم ۋە ئاداۋەتخور ئادەم ئىدى. جىپۇر ئۇنى چاقىرىپ:

— بۇ ئىشقا قانداق چارە قىلىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىگە مەسئۇد سەۋەبچى بولدى، — دېدى ئۇ جاپاكار نايىپ، — چۈنكى ئۇ شاھ جۇنەنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا شۆھرەت تېپىۋالدى. ئۇنىڭ خەير-ساخاۋىتىنىڭ داستىخىنى چەك-چېگرىسىز، ياخشى سۈپەتلىرى ۋە ياخشى ئىشلىرى ئېيتقاندىن زىيادىرەكتۇر. ئالەم خەلقى ئىچىدە ئۇنىڭدىن ياخشىراق كىشى يوق. شۇڭا پادىشاھ ئۇنى سەندىن ئەۋزەل دەپ قاراپ، سېنىڭ ھاكىملىقىڭنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. ئاشۇ مەسئۇد دېگىنى قاچانكى بۇ ئارىدىن يوقالسا، ئاندىن پەلەك ساڭا يار بولۇپ، تىنچلىققا ئېرىشىسەن. ئۇنىڭ يوقالغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھمۇ بىئارام بولۇپ تۈگىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت ئىشلىرىمۇ سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتىدۇ.

جىپۇر ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئىشنىڭ چارىسىنىمۇ سۆزلەپ باققىن، بىز مەسئۇدنى قانداق ئاساس بىلەن ئارىدىن يوقىتىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دېدى بەللۇر جاۋاب بېرىپ، — ئالدى بىلەن ئۇنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن مېھىر-مۇھەببەت ئالامەتلىرىنى نامايان قىلغىن، ئۇنى ئۆيۈڭگە چاقىرىپ مېھمان قىلغىن ۋە سۆھبەتداش بولغىن. ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ



بارغىن. ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىلىپ بولغاندىن كېيىن،قالغان ئىشنى ئۆزۈم جايلايمەن.

بۇنى ئاڭلاپ جىپۇرنىڭ كۆڭلى ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە مەسئۇد بىلەن دوست بولۇشنىڭ پىلان-لايىھىلىرىنى تۈزدى.

جىپۇر يۈزلىگەن ئالدامچىلىق ۋە ھىيلە-مىكىر ئەپسۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مەسئۇدقا يېقىنلىشىپ، سىرداش بولدى. جىپۇر ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلدى. مەسئۇدنىڭ ئۆيىگىمۇ باردى. شۇنداق قىلىپ، بېرىش-كېلىش كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەر كۈنى ئۆزئارا سۆھبەتلىشەتتى. جىپۇر ئۆزىنى مەسئۇدقا جان دوست دەپ، ئۇنى ئۆزىدىن خاتىرجەم قىلاتتى.

بىر كۈنى جىپۇر مەسئۇدنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. ئۇلار خۇشال-خۇراملىق بىلەن تاكى ئاخشامغىچە شاراب ئىچىشتى. نەتىجىدە جىپۇر مەسئۇدنى خۇدىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست قىلىپ قويدى. ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا جور بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر دەممۇ ئايرىلمىدى. مەي-شارابنىڭ كۈچى بىلەن مەسئۇدنىڭ ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇنى گۈلشەن ئىچىدە يىقىتتى. مەسئۇدنىڭ ئادەملىرىمۇ پۈتۈنلەي مەست بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسى باستى. باغدا مەخپىي پايلاپ ئولتۇرغان بۇ بەللۇر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈش بىلەنلا، بىر نەچچە ئاداۋەتخور ھەمشىرىكلىرىنى باشلاپ كېلىپ، مەسئۇدنىڭ قول-ئاياغلىرىنى باغلىدى. ئاندىن ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، مەخپىي بىر يولغا كىردى. بەللۇر ئۇنى قاراڭغۇ كېچىدە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ باردى-دە، بىر قاراڭغۇ زىندانغا تاشلىدى. ئۇ يەردە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق ئىدى. بۇ ھوشسىز بىچارە زىنداندا قالدى.

تاڭ ئېتىپ، خوزازلار چىللاشقا باشلىغاندا مەسئۇدنىڭ خادىملىرى ئۇيقۇدىن كۆز ئاچتى. ئۇلار ئادىتى بويىچە ئەتىگەندە مەسئۇدنىڭ خىزمىتىگە بېرىشتى. ھەممە يەلەن ئىزدىلىپ بولدى، ئەمما مەسئۇد كۆرۈنمىدى. ئۇلار غەم-قايغۇغا پېتىپ ياقىلىرىنى يىرتىشقا باشلىدى.

جىپۇر باشقىلاردىنمۇ بەكرەك دادۇ-پەرياد كۆتۈرۈپ، توختىماستىن ئەزۋەيلەپ، بارغانسېرى ئىزتىراپقا چۈشكەن ھالدا، مەسئۇدنىڭ خادىملىرى بىلەن تەڭلا نالە-پىغان قىلاتتى؛ ئۇلار نەچچە كۈنگىچە قايغۇ-ھەسرەت بىلەن كۆزلىرىنىمۇ يۇمماستىن ۋە بىردەممۇ ئارام ئالماستىن ئىزدىدى. بىراق مەسئۇدتىن ھېچبىر دېرەك بولمىدى. ئۇلار ئاخىر نائىلاج مەسئۇدنىڭ ماتىمىنى تۇتۇشتى. جىپۇرمۇ ھازىدار بولۇپ، مەسئۇدنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە خادىملىرىغا نەسىھەت قىلىپ تەسەللى بەردى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى مەسئۇدنىڭ يوقالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى.

يەتتىنچى كۈنى ناھايىتى كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، مەسئۇدنىڭ نەزىرىنى بەردى. نەزىر-چىراغ مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن پەرىشان ھالدا ئۆيلىرىگە قايتىشتى. بەللۇرمۇ كەچ بولغاندا مەسئۇدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ناھايىتى كۆپ ئۆزرە-تەسەللىلەرنى ئېيتىپ، خالايىق ئارىسىدا زار-زار يىغلىغان پېتى ئۆيىگە ياندى.

مەسئۇد ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنى زىندان ئىچىدە بۇ قەدەر غېرىب ھالدا كۆردى. ئۇنىڭ قول-پۇتلىرى مەھكەم باغلانغان بولۇپ، بۇ قاراڭغۇ گۆردەك زىنداندا جىسمىنىڭ يېرىمى پاتقاق سۇدا، يېرىمى زەيكەش يەردە ياتاتتى. مەسئۇد ئۆزىنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ: «ئەي تەڭرىم، بۇ نىمە ئالامەت، چۈشۈممۇ ياكى خىيالىممىدۇ، بۇ» دەپ ئىڭرىدى. ئۇ قانچە ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشقا ھەيرانلىقتىن ئۆزگە ھېچ جاۋاب تاپالمىدى. شۇ ھالەتتە ياتقىنىدا بىر كىشى زىندان ئىشىكىنى ئېچىپ، شام يورۇتۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشتى. ئۇ ئادەم مەسئۇدنى ئازاب-كۈلپەتلەر بىلەن باغلاپ، زىنداندىن تارتىپ چىقاردى-دە، بىر ئۆيگە دۈشكەلەپ ئېلىپ كىردى. ئاندىن ئۇ ئۆيگە بەللۇر كىردى. ئۇ ناھايىتى زەردە بىلەن ئاغزىغا كەلگەنلىكى سۆز بىلەن ھاقارەت ياغدۇرۇپ، مەسئۇدنى تىللىدى. ئاندىن بىر كىشى ئۇ ئۆيگە بىر



قوچاق تاياقنى ئېلىپ كىرىپ تاشلىدى. بەللۇرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىككىلەن كېلىپ، مەسئۇدنى باغلىغان ئارغامچىنى يەشتى. ئۇلار ئاندىن مەسئۇدنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ، يالىڭاچلىدى. بەللۇر يەنە ئىككى كىشىنى چاقىرىپ، مەسئۇدنىڭ بېشى ۋە پۇتىغا مىنىپ ئولتۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئىككىلەن قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئۇنى ئۇرۇپ، ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇلار شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، ئۇ بىچارە نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كەلدى.

— ھەي، مەقسىتىڭلار نىمە، زادى؟! — دېدى مەسئۇد يالۋۇرۇپ، — ئېنىق ئېيتىڭلار، ئەگەر غەرىزىڭلار پۇل-مالدا بولسا، ئۇمۇ كەم ئەمەس، ئەگەر جان كېرەك بولسا، ئۇنىمۇ ئېلىڭلار، بىراق مېنى ئۇرماڭلار! ...

ئۇ پەس تەبىئەتلىك زالىم بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالماستىن:

— تاياق ئۇرۇشنى توختاتماڭلار، توختاتماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار توختىماستىن ساۋاشقا باشلىدى. مەسئۇدنىڭ گۈل بەرگىدەك بەدەنلىرىگە تاياق-توقماقلار يېغىپ كەتتى. ئۇ ھەر قانچە پەرياد قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نالە-پەريادىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. تاكى تاياقلار سۇنۇپ تۈگىدى، تاياق ئۇرغۇچى زالىملارمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى.

— ئەمدى توختاڭلار، — دېدى بەللۇر زالىم ئۇلارغا، — بۈگۈن بۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويماڭلار. ئۇنى بىز بىتاقەت قىلىپ، قىيناپ ئۆلتۈرىمىز.

ئۇ ئىككى شەرمەندە تاياق ئۇرۇشتىن توختىدى. مەسئۇدنىڭ باش ۋە ئاياغلىرىنى بېسىپ ئولتۇرغان پەسكەشلەرمۇ شەرمەندىلەرچە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر ياندا ئولتۇردى. ناتىۋان مەسئۇد ناھايىتى تەستە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ نالە-زار قىلغان ھالدا:

— ھەي مۇسۇلمانلار، مېنىڭ نىمە گۇناھىم بار؟ مۇنداق جەبىر-زۇلۇم قىلىشتىن يېنىڭلار. قىلغان گۇناھىمنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئادەمزات دېگەن خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. ھەممىمىز خاتالىقىمىزنى بىلىۋالساق بولمامدىمۇ؟! سىلەر مەندىن مال-مۈلۈك ياكى جان تەلەپ قىلساڭلارمۇ مەن ئۇنى سىلەردىن ئايىمايمەن، — دەپ يېلىندى.

مەسئۇدنىڭ نالە-پەريادلىرى ئۇ تاش يۈرەك ناكەسلەرگە قىلچە تەسىر قىلمىدى.

— بۇنىڭ سۆزلىگەن ئەپسانىلىرىگە قۇلاق سالماڭلار، سۆزلىگىلى قويماستىن ئاپىرىپ سولىۋېتىڭلار! — دېدى بەللۇر گۇماشتىلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ.

ئۇلار بۇيرۇققا بىنائەن مەسئۇدنى باغلاپ، يەنە زىنداننىڭ قەرىگە تاشلىدى. گويا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام زىندانغا تاشلانغاندەك بولدى. مەسئۇدنى ئۇلار نەچچە كۈنگىچە ئەنە شۇنداق قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىشتى. ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھالىغا رەھىم قىلمىدى. ئۇ بىچارە ئاخىر جاندىن ئىلكىنى يۇيۇپ، زار-زار يىغلاپ ھالىدىن كەتتى.

— ماڭا رەھىم قىلىڭلار، — دەيتتى ئۇ ناتىۋانلارچە يالۋۇرۇپ، — مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، مەندەك يامان ئادەمدىن بىراقلا قۇتۇلۇڭلار. مېنى بۇنداق قىينىماڭلار!

ئۇلارمۇ مەسئۇدتىن تويۇپ، زېرىكىشتى. ئۇنى ئەتە ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىشىپ، يەنە زىندانغا تاشلىدى. زىندان بېشىدا بىر ئادەمنى كۆزەتچى قىلىپ تەيىنلىدى.

بەللۇر زالىم ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن شادىمان بولۇپ، جىپۇرنىڭ قېشىغا باردى.

— سېنىڭ بۇزۇلغان كۆڭلۈڭ ئەمدى ئاۋات بولسۇن، چۈنكى سېنىڭ دۈشمىنىڭ قەھرى-غەزەپكە دۇچار بولۇپ، بۇ قەدەر خار-زار بولدى. ئەمدى سەندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت تىلەيمەن، — دېدى ئۇ جىپۇرغا.

بەللۇر رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ،



شادلىق بەزمىسى تۈزدى-دە، خۇشال-خۇرام ھالدا شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى.

بەللۇرنىڭ گۈل يۈزلۈك ۋە شېرىن سۆزلۈك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسن-جامالى تەرىپلىگەندىنمۇ زىيادە ئىدى. ئاشۇ ئەسىردە گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا يېتىشەلىگۈدەك ھېچبىر ئىنسان ۋۇجۇدقا كەلمىگەندى. لېكىن مەسئۇدنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى ۋە گۈزەل چېھرى لاتاپىتىنىڭ ئىشقى ئۇنىڭ قەلبىگە ئوت سېلىپ، دىماغلىرىدىن دۇد چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇ قىز مەسئۇدنىڭ ھۆسن-جامالىنىڭ تەرىپىنى دائىم ئاڭلايتتى ۋە ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ، يوشۇرۇن ھالدا كۆيۈپ-پىشىپ يۈرەتتى. بىراق بۇ كۆڭۈل سىرلىرىنى كىشىگە ئېيتالمايتتى. ئۇنىڭ قەلبىگە سۆيگۈ ئوتلىرى تۇتاشقان بولغاچقا، ئۆيىدە ھېچ ئارام تاپالمايتتى. خىلمۇ خىل خىياللارنى قىلىپ باقاتتى. ئۇ قىز بىر بىچارىنىڭ زىنداندا قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «زىندانغا كىرىپ ئاشۇ بىچارىنى يوقلىسام، ئۇنىڭ تارتقان مېھنەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ قەلبىدىكى دەرد-ئەلىمىمنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنۇتسام ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئوي كەلدى. بىراق ئاتىسىدىن قورقۇپ، ئۇنى سوراشقا پېتىنالمايتتى. قىز بۈگۈن ئاتىسىنىڭ كەچكىچە بەزمە تۈزۈپ شاراب ئىچىپ، پۈتۈن قوۋم خادىملىرى بىلەن بىللە مەستۇ-بىھوش بولغانلىقىنى، زىندان قاراۋۇلىنىڭمۇ مەستلىكتىن ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز دەرھال بېرىپ زىندان ئاغزىنى ئاچتى-دە، مېھرىبانلىق بىلەن چاقىرىپ:

— ھەي غەمكىن كىشى، سەن قايسى بىچارە بولىسەن؟ ئىسمىڭ نېمە؟ شۇ تاپتا سېنى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى.

زىندان ئىچىدىكى ئۇ مەجرۇھ بىچارە بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ جىسمىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان روھى يەنە قايتىدىن قۇۋۋەتكە ئىگە بولغاندەك بولدى. ئۇ نالە-پىغان قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ ئېتىم مەسئۇدتۇر، بۇ ناتىۋان جېنىم ۋە جىسمىمدا يۈز تۈمەن بالا-قازالار مەۋجۇتتۇر. ھەي ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولغۇچى، سەن ئادەممۇ ياكى پەرىشتىمۇ؟ سېنىڭ ئۈنۈڭنىڭ ئىلھامىدىن بۇ زار جىسمىمغا جان پەيدا بولدى. ئەگەر قىلالىساڭ، بۇ ئىشىمغا بىر ئىلاج قىلغىن. بولمىسا، مەن بىر ئۆلۈكتىنلا ئىبارەت، خالاس.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئۇ زىبا سەنەمنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈ ئوتلىرى تېخىمۇ يالقۇنجاپ ياندى. ئۇ قىز مەسئۇدنىڭ غايىب بولغانلىقى ئۈچۈن نەچچە كۈنلەردىن بېرى قان يۇتۇپ، ئۇنىڭ ماتەمىنى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. قىز ئاتىسىنىڭ ئۆزگىرىپ بۆلەكچىلا بولۇپ قالغان خۇي-پەيلىدىنمۇ بىر نېمىلەرنى سەزگەندەك بولاتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ نازىنىن قىزنىڭ كۆڭلىگە: «بۇ ئاشۇ مەسئۇد بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دېگەن گۇمان چۈشتى. قىز دىققەت بىلەن سوراپ ئېنىقلاپ، ھەقىقەتەن ئاشۇ مەسئۇد ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپ:

— ھەي، جاراھەتلىك جىسمىڭغا بۇ جېنىم پىدا بولسۇن، ناتىۋان جېنىڭغا بۇ جىسمىم سەدىقە بولسۇن. سېنى بۇنداق ھالەتتە كۆرگۈچە ئۆلسەمچۇ كاشكى! — دەپ پەرياد چەكتى.

قىز بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىن پايدا يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئورنىدىن تۇردى. قىزنىڭ ئىككى نەپەر ناھايىتى يېقىن كېنىزىكى بار ئىدى. قىز ئۇلارنى جېنىدىنمۇ ئەزىزرەك كۆرەتتى. ئۇلار بۇ نازىنىن قىزنىڭ قەلبىدىكى ئىشق جاراھەتلىرىدىن خەۋەردار بولغاچقا، چاقىرغان ھامان يېتىپ كېلىپ، قىزغا ياردەملەشتى. ئۇلار بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، مەخپىي جايادا مەسئۇدقا قارىسا، بۇ بىر سۈرەت ئىدىكى، ئۇنىڭ جىسمىدا جان ۋە روھتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. قىز دەرھال مەسئۇدنىڭ قول-پۇتلىرىنى يېشىپ، زار-زار يىغلىغان



ھالدا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. لېكىن ئۇنىڭدا ئەھۋال بايان قىلغۇدەكمۇ ماجال يوق ئىدى. بۇ يەردە تۇرىۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. ئىككى كېنىزەك بىلەن قىز مەسئۇدنى كۆتۈرۈپ بىر يوشۇرۇن يول بىلەن ئۆز ئۆيىگە ئەكەلدى. ئۇ قىز ئۆز كارىۋىتىغا يۇمشاق تۆشەكلەرنى سېلىپ، بۇ خەستە بولغان بىچارىنى ياتقۇزدى. ئۇ مەسئۇدقا گاھ تائام ۋە شەربەت ئىچۈرسە، گاھى يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ زار-زار يىغلايتتى.

قىزنىڭ ئاتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا مەستلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، مەسئۇدنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن زىندان بېشىغا كەلدى. قارىسا، زىنداننىڭ ئېغىزى ئوچۇق تۇرۇپتۇ. زىندان قاراۋۇلى مەستلىك ئۇيقۇسىغا غەرق بولغىنىچە ياتاتتى. زىندانغا قامالغان كىشى ئاللىقاچان قېچىپ بولغانىدى. قەھرى-غەزەپكە تولغان بەللۇر زىندان قاراۋۇلىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇ جان ۋەھىمىسىدە يۈگۈرۈپ، جىپۇرنىڭ ئالدىغا باردى-دە، بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي بايان قىلدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، جىپۇرنى غەم-ئەندىشە باستى. بۇ ئىككىسى ماتەمدار كىشىلەردەك ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا بۇ ئىشقا چارە ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار مەسئۇدنى تېپىپ ھالاك قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شەھەر ئىچىنى ئىزدىدى. شەھەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن تاغۇ-دەشتلەردىن ياكى سەھرالاردىن تاپىمىز، دەپ پۈتۈن سىپاھلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئىنتايىن جىددىي ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن يوقالغان كىشىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدى. ئاڭغىچە مەسئۇدنىڭ سالامەتلىكى بەللۇرنىڭ قىزىنىڭ ھۇجرىسىدا يېتىپ خېلى ئەسلىگە كەلدى. مەسئۇد ئۇ مېھرىبان قىز بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەسلىھەتى بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ، باشقا بىر تەرەپكە كېتىشكە قارار تاپتى.

قىز ئۇچقۇر شامالدەك تېز چاپىدىغان ئىككى ئاتنى تەييار قىلىپ قويغانىدى. شۇ ئاخشىمى ئىككىلىسى ئاتلىنىپ قاچتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بەللۇر ئۆز قىزىنىڭمۇ مەسئۇد بىلەن بىللە قاچقانلىقىنى بىلىپ، بارلىق سىپاھلارنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە تىرىشىپ كۆردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بارا-بارا بىر ياغاچتىن ئازراق مۇساپە قېپقالدى. مەسئۇد بىلەن قىز بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن ۋەھىمىگە چۈشۈشتى. بۇ ئىككى يارۇدوست جان قايغۇسىدا توختىماستىن قاچتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بارلىق سەۋەبلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولغان بۈيۈك تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر ئۇلۇغ دەريا كۆرۈندى. ئۇلار دەريا لېۋىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە پىنھان ساقلانغان بىر كېمە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كېمىچىنى چاقىردى. بۇ ئىككىيلەن كېمىچىنىڭ ئىش ھەققىنى دەرھال تۆلەپ، ئات-ئۇلاغلىرى بىلەن كېمىگە چۈشتى. ئۇلار كېمىنى ئىزتىراپ بىلەن ئالغا ھەيدەپ شامالدەك تېز ھەيدىدى. ھايال ئۆتمەستىن قوغلىغۇچىلار ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. قارىسا بۇ ئىككى ھەمراھ كېمىگە چۈشۈپ، دەريادا كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي دەريا ياقىلاپ تەرەپ-تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. لېكىن ئاخىر ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدى. كەچكە يېقىنلاشقاندا ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئەلقىسسە، ئۇ ئىككىسى كېمە بىلەن ئون كېچە-كۈندۈز سۇ ئۈزدى. ئاندىن كېيىن خۇشال-خۇرام ھالدا قىرغاققا چىقىشتى. ئۇلار دەرھال ئاتلىنىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ شەھەر پايتەخت ئىدى. ئۇلار تاڭغا يېقىن بىر كونا قورغانغا يېتىپ كەلدى. بۇ قورغاندا بىر نەچچە ھارامزادىلەر ماكانلاشقانىدى. بۇ ئىككىيلەن يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ئۇلار ھال-ئەھۋال سوراپ، بۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ھەر بىرىگە ئۇ ھارام تاماقلاردىن ئوندىن كىشى يامىشىپ، ئىككى ئاتنى ۋە پۈتۈن ئۇزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ



كېتىشتى. ئۇلار بۇ غەم-قايغۇ قورغىنىدا ئاندىن تۇغما ھالدا قىپيالىڭاچ قېپقالدى. تاڭ قاراڭغۇسىدا يېقىن ئەتراپتىن بىر توپ جامائەت ئۆتكەندەك بولدى. مەسئۇد ئۇ جامائەت تەرەپكە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ھەمراھىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر كۈلپەتنى بايان قىلىپ، زار-زار يىغلىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئىچ ئاغرىتقان ئۇ جامائەت ئىككى تال كونا كىيىمنى تاشلاپ بېرىپ، شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئىككى بىچارە بۇ كىيىم بىلەن ھەرھالدا ئەۋرەتلىرىنى يېپىپ، بىر ۋەيرانە خارابە ئىچىگە مۆكۈندى.

تاڭ ئاتتى. ئۇلار بۇ خارابە ئىچىدىن سىرتقا چىقىشقا ئۇيات قىلىپ، تاكى چۈش بولغۇچە ئولتۇردى. لېكىن قورساق ئاچلىقى بۇلارنى قىيناشقا باشلىدى. ئاچلىق ئازابىدىن ئۇ قىزنىڭ نازۇك جىسمىدا ھېچ ماجال-قۇۋۋەت، ۋۇجۇدىدا ھېچ چىدام-تاقەت قالمىدى. مەسئۇد قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئازراق رىزىق تېپىپ كېلىپ بۇ قىزنى غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن شەھەر تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. مەسئۇد بازار ئىچىگە كىردى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بەزمە-مەشرىپى ئۈچۈن بىر كىشى نەچچە تاۋاقتا ھەر خىل زىبۇ-زىننەتلىك نان-توقاچلارنى يېقىپ تەييار قىلغاندىن تاشقىرى،يەنە بىر نەچچە داستىخان ئاش، بىر نەچچە سېۋەت يېمىش تەييارلىغانىدى. ئۇ كىشى كوچىدا جار سېلىپ:

— ھەرقانداق ئادەم بىر پەتنۇس يېمەكلىكنى كۆتۈرۈپ، شاھنىڭ ئوردىسىغىچە يەتكۈزۈپ بەرسە، ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر دەرەم پۇل بېرىمەن، — دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

مەسئۇد بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى-دە، بىر خون نانىنىڭ كىراسىنى ئېلىپ، ناننى بېشىدا كۆتۈرگىنىچە كىراچىلار بىلەن بىللە يولغا كىردى. لېكىن ئاچلىق ئازابىدىن ئۇنىڭ جىسمىدا قۇۋۋەت قالمىغاچقا، ئەھۋالى ئىنتايىن خاراب ئىدى، قەدەملىرىنى مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران-ئاران يۆتكەيتتى. مەسئۇد بۇ يوسۇندا يول يۈرۈپ بىر كەمدە شاھنىڭ چاھار بېغىغا يېتىپ كەلدى.

شاھ جۇنە بەزمە تۈزۈپ، ئۇد، بەربەتنىڭ نەغمە ئاۋازلىرىنى ئىشىتىپ، پەيزىنى سۈرگەن ھالدا مەي ئىچىپ ئولتۇراتتى. شاھ بەزمىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، گاھ مەسئۇدنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ، چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇنى سېغىناتتى. گاھى ئۇنىڭ غايىب بولغانلىقىدىن قايغۇ-ھەسرەتكە چۆكۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلاتتى.

مەسئۇد چاھار باغقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مىراخورنىڭ قولىدا بىر گۈلگۈن ئات تۇرغانلىقىنى كۆردى. مەسئۇد ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئۆز تامغىسىنى تونۇدى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا مەسئۇدنىڭ مېھمانغا سوۋغا قىلغان ئېتى ئىدى. مەسئۇد كۆڭلىدە: «ئۇ مېھمان مەن سوۋغا قىلغان ئاتنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ-دە» دەپ ئويلاپ، كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا مېھمانغا سوۋغا قىلغان گۈل يۈزلۈك كېنىزەكنىڭ چالغان چاڭ ئاۋازى ۋە بېيىت-غەزەل ئوقۇۋاتقان يېقىملىق ئاۋازىنى ئىشىتتى. بۇ يېقىملىق سادانى ئاڭلاپ مەسئۇدنىڭ جىسمىغا ئوت چۈشتى. كۆڭلى ئىنتايىن بىئاقەت بولدى. «ۋادەرىخ، ئۇ مېھمان مەن سوۋغا قىلغان مۇشۇ كېنىزەكنىمۇ بۇ يەرگە ئەكىلىپ، پادىشاھقا سېتىپتۇ-دە» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە. مەسئۇد يەنە ئازراق مېڭىپ شاھنىڭ زىياپەت مەيدانىغا يېقىنلاشقانىدى، بەزمە مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ساقىينىڭ قولىدا ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ مېھمانغا سوۋغا قىلغان جامنى كۆردى. «ئۇ مېھمان ھەتتا مەن سوۋغا قىلغان مۇشۇ جامنىمۇ بۇ يەرگە ئەكىلىپ، بۇ پادىشاھقا سېتىپتۇ ياكى سوۋغا قىپتۇ» دەپ ئويلاپ، كۆڭلى چەكسىز پەرىشان بولدى. مەسئۇد زىياپەتنىڭ تۆرىگە نەزەر سالدى. ئۇ يەردە ئولتۇرغان پادىشاھنى كۆرۈپلا تونۇدى. بۇ پادىشاھ ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇدنى زىيارەت قىلىپ بارغان مېھماننىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بىراق مەسئۇد ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تونۇشلۇق بېرىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ: «مۇشۇنداق



ئەھۋال ئاستىدا ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەرسەم، ئۇنىڭدىن قىلغان ياخشىلىقىمغا ھەق تەلەپ قىلغان بولۇپ قالىمەن ياكى قىلغان مېھماندارچىلىقىم ۋە ئادەمگەرچىلىكىمگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىستىگەن بولۇپ قالىمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەكىرگەن ناننى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قويدى. ئۇنىڭ جىسمى بىر بۇردا نانغا شۇ قەدەر زار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، كۆز يېشى قىلغان پېتى باغدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەسئۇد سىرتقا چىققاندا تىرازىدىن ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھقا سوۋغا قىلىنغان مال-مۈلۈكلەرنى ئەكىلىپ بېرىش ئۈچۈن كېلىپ، بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان خادىملار ئۇنى تونۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار مەسئۇدنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يىغا-زار قىلىشتى. مەسئۇدمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلدى. تاشقىرىدا يۈز بەرگەن بۇ شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىچكىرىدە شاھقىمۇ خەۋەر يەتتى. شاھ بۇنى ئاڭلاپ تاقەتسىزلىك بىلەن تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. مەسئۇدنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن شاھنىڭ كۆزلىرىگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ مەسئۇدنىڭ بوينىنى قۇچاقلىغان ھالدا كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكتى. مەسئۇدمۇ شاھنىڭ ئايىغىغا بېشىنى قويۇپ زار-زار يىغلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ نازىنىن كېنىزەك كۆزلىرىدىن قان-ياشلارنى تۆكۈپ، گۈلدەك يۈزلىرىنى تىرمىلاپ قانىتىپ، مەسئۇدنىڭ باشلىرىدىن ئۆرۈلمەكتە ئىدى. يىغا-زار بىر پەستىن كېيىن توختىدى، پادىشاھ خادىملارغا بۇيرۇق قىلىپ:

— بۇ يىگىتنى ھاممامغا ئېلىپ بېرىپ يۇيۇندۇرۇپ، يولنىڭ چاڭ-توزانلىرىدىن خالاس قىلىڭلار! — دېدى.

بىراق مەسئۇدنىڭ يۈرىكى ھەمراھىنىڭ يولدا تارتقان رەنجۇ-مۇشەققەتلىرىدىن كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ پادىشاھقا بۇ ئەھۋاللارنىمۇ بىر پەس بايان قىلىپ، ئۆز غەمگۇزارىنىڭ خارابىدە

ئاچ-يالىڭاچ ھالدا قېپقالغانلىقىنى ئېيتتى. پادىشاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كېنىزەكلەرنى بۇ ئىشقا تەيىنلەپ، نەچچە تۈرلۈك گۈلگۈن لىباسلارنى ۋە گۈل رەڭلىك مەپىلەرنى تەييارلاتقۇزدى. ئاندىن بىرقانچە ئابرويلۇق خوجىلار بىلەن گۈل يۈزلۈك پەرىلەرنى خارابىگە ئەۋەتتى. ئۇلار قىزنى تېپىپ گۈل رەڭلىك نەپىس لىباسلارنى كىيگۈزدى-دە، مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ دەرھال ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەپىنى باغ ئىچىدە توختىتىپ، بەھرامنىڭ ئۇ گۈل يۈزلۈك غەمگۇزارىنى، بەلكى جاندىن ئەزىز ھەمراھىنى گۈل رەڭلىك قەسىر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. قەسىر ئىچىدە بىرقانچە گۈل يۈزلۈك كېنىزەك بۇ قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تەيىنلەندى. قىزنى شاھانە قەسىر ئىچىدە كۈتۈشكە باشلىدى.

مەسئۇد ھاممامدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن گۈل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ جابدۇدى. ئاندىن شاھ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، يەنە ئوغلىنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ مۇبارەكلىدى. شاھ ئۇنىڭدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سورىدى. مەسئۇدمۇ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى تولۇق بايان قىلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. شاھ مەسئۇدنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى قىلىپ تاللىدى. كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭدىن ئايرىلماي سۆھبەتلىشىدىغان بولدى. مەسئۇدقا يەنە ھەددى-ھېسابسىز مال-دۇنيا ۋە خەزىنىلەرنى بېرىپ، بىللە قېچىپ كەلگەن گۈل يۈزلۈك قىزنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ توينى قىلدى. ئاندىن كېيىن تىراز شەھىرىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە شەھەر بىلەن قوشۇپ مەسئۇدقا بېرىپ ئۇنى بۇ يەرلەرگە ھاكىم قىلىپ بېكىتتى، ئاندىن مەسئۇدنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە گۈل رەڭلىك قەسىردە ئولتۇرۇپ گۈل چېچىشنى ۋە گۈلگۈن شارابلارنى ئىچىپ، ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. شاھ جۇنەنىڭ ھۆكمى بىلەن جىبىر ۋە بەللۇردىن ئىبارەت بۇ ئىككى زالىم تۇتۇپ كېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن يەر گۈل رەڭ تۈسكە كىردى. شاھ بىلەن مەسئۇد ئۇچۇن



باھار پەسلى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ شادلىق گۈلشىنى ئېچىلدى. دوستلار خۇشاللىق گۈلشىنىدە گۈل ئارىسىغا غەرق بولدى. دۈشمەنلەر خارۇ-زارلىق لايلىرىغا پاتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ جاھان گۈلشىنىدىكى بارلىق گۈللەر ئىچىدە تىرىكلىك گۈلشىنى ئەڭ ياخشىدۇر.

ئۇ مۇساپىر يۇقىرىقى سۆزلەردىن كېيىن ھېكايىسىنى تۈگەتتى. ئاندىن بەھرامغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مەن تىراز شەھىرىدىن، ئاشۇ مەسئۇدنىڭ نەسلىدىنمەن، — دېدى.

شاھ بەھرام ئۇ مۇساپىرنى تىراز شەھىرىگە ھاكىم قىلدى ۋە ئۆزىگە يېقىن سۆھبەتداش قىلىپ بېكىتتى، بۇ ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بەھرامنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى مەسئۇدقا كەلگەن تەلەيگە ئوخشاش بىر ئۇلۇغ ئۇيقۇ سېلى كەلدى.

## چارشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ كۆك كىيىملەرنى كىيىپ، نىلۇپەرسىمان كۆك قەسىرگە كەلگەنلىكى، ئۇ يەردە ئاسمان رەڭلىك لىباسلارغا پۈركىنىپ، پىرۇزا رەڭ جامغا كۆك رەڭلىك شارابلارنى قۇيۇپ ئىچكەنلىكى ۋە «ئىچ-ئىچ!» سادالىرىنى بۇ نىلۇپەر رەڭلىك گۈمبەزدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى

*سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:*

ۋاقتىكى، چارشەنبە كۈنى بۇ پەلەك نىلۇپەرى تۈن كارىۋىنىنى سەپەرگە ئۈزىتىپ قويدى. قۇياشمۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇن لىباسلىرىنى زاھىر قىلىپ تۇغدى-دە، بارغانسېرى يۈكسەك ئاسمانغا قاراپ ئۆرلەپ، پۈتكۈل جاھاننى نىلۇپەر رەڭگىگە كىرگۈزدى. شاھ

بەھرامۇ نىلۇپەر رەڭلىك لىباسلارنى كىيىپ نىلۇپەرسىمان قەسىردىن ئورۇن ئالدى. شاھ بەھرامغا ھەمراھ بولغۇچى ئاي يۈزلۈك پەرىمۇ نىلۇپەر رەڭگىدىكى نەپىس كىيىملەرنى كىيىپ، گوياكى نىلۇپەر رەڭلىك ئاسماندا تۇغقان قۇياشتەك ئالەمنى روشەن قىلىپ جىلۋىلەندى. خۇددى نۇرلۇق قۇياش پەلەك ئەتلىسىنى كىيىپ، ئالەمنى يورۇتقاندەك بولدى. شاھ بەھرام پىروزا رەڭلىك جامنى قولىغا ئېلىپ نىلۇپەر رەڭلىك شارابلارنى ئىچىشنى باشلىدى. ئىچە-ئىچ بىلەن كۈن كەچ بولدى. بۇ پەلەك گۈمبىزى لاجۇۋەرد ① تۈسىگە كىردى. بۇ لاۋجۇۋەرد رەڭلىك گۈمبەزنى كېچە رەڭگى ئىگىلىدى. پەلەك سەھنىسىدە يۈزلىگەن يۇلتۇز سەدەپلىرى نامايان بولدى. بۇ نۇرلۇق قۇياش تۈن دەرياسىغا گوياكى ئالتۇن قېيىقتەك چۆكۈپ كەتتى. شاھ بەھرام ئۇيقۇ ئارقىلىق ئۆزىگە تەسكىن بېرىپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن بەزمىنى توختىتىپ، مەجلىس ئەسۋابلىرىنى يىغىشتۇردى. ئۇ پەرىمۇ گوياكى كەچكى قۇياشتەك پەردە ئىچىگە يوشۇرۇندى.

شاھ بەھرامنىڭ خادىملىرى ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە سىرتقا چىقىپ بىر جاھانگەشتى مۇساپىرنى باشلاپ كىردى. ئۇلار مۇساپىرنى پەردە ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. پەردە ئىچىدىن:

— مۇساپىر ئەپسانە سۆزلەپ بەرسۇن، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇ مۇساپىر ئالدى بىلەن شاھقا دۇئا ۋە تىلەكلەرنى ئادا قىلدى:

— بۇ يەتتە قات ئاسمان سېنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىر-ئايۋانلىرىڭنىڭ يەتتە پەردىسى بولسۇن. جىمى پادىشاھلار سېنىڭ ھەيۋەتلىك بارگاھىڭنىڭ دەرۋازىۋەنى بولسۇن. بۇ پارلاق قۇياش سېنىڭ تاجىڭنىڭ ئۈستىدىكى نۇرلۇق گۆھەر بولسۇن. بۇ ئايلانغۇچى پەلەكمۇ بېغىڭدىكى نىلۇپەر گۈللىرىڭ ئورنىدا پورەكلەپ ئېچىلسۇن.

① لاجۇۋەرد — توق كۆك رەڭلىك بىر خىل تاش.



# بەشىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزلىگەن داستانى

ئۇ مۇساپىر ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

ئەدەن شەھىرىدە بىر رەھىمسىز زالىم كىشى بار ئىدى. جەبىر-زۇلۇم قىلىشتا ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى. ئۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا ئورۇنلاشقانىدى، جاسارەت ۋە شىجائەتتە گويا جەزىرىدىكى شىر، يولۋاستەك ئىدى. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ھارامدىن مال-دۇنيا يىغىشتىن ئىبارەت ئىدى. قاپ يۈرەكلىكىدىن ئۆزىگە ھېچكىمنى ھەمراھ قىلماي يالغۇز يۈرۈپ، خالايىقلارنى بۇلاپ-تالايتتى. كارۋانلاردىن ئەگەر يۈزلىگەن كىشى بىراقلا كەلسىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يەككە-يېگانە ھالدا روبىرو بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھۈنىرىنى شور دەرياسى ئىچىدىمۇ داۋام ئەتكۈزەتتى. دەريا قىرغىقىدا ئۇ بىر نەچچە قېيىقنى تەييارلاپ يوشۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە مۇلازىمى قېيىقلاردىن خەۋەر ئالغاچ دەريانى كۆزىتەتتى. ئۇلار ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە دىققەت قىلاتتى. دەريادا ھەر قانداق كېمە كۆرۈنسە ئاشۇ زالىمغا خەۋەر قىلاتتى. ئۇ زالىم قېيىققا چىقاتتى-دە، سۇ ئۈستىدە گوياكى قۇشتەك چاققانلىق بىلەن ئۈزۈپ، ھايت دېگۈچە كېمە ئەھلىنىڭ يېنىغا يېتىپ باراتتى. ئۇ قانخور كېمىگە چىقىپ، كۆڭلى نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلاتتى. بارلىق مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ-تالاپ، مال-مۈلۈك ئىگىلىرىنى ھالاك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ دەريا ئىچىدە لەھەڭدەك، جاڭگاللاردا بولسا قارا بوراندەك يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى جابىر ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ دەريا ۋە دەشتلەرنى كەزگۈچى كارۋان-سودىگەرلەر ئىچىدە ئۇ «قاراقچى جابىر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. شور دەرياسى ئىچىدە بىر ئارال بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ كەڭلىكى بىر ياغاچ

چامسدا كېلەتتى. لېكىن ئۇ ئارالغا ھېچكىم بېرىپ باقمىغان، ئۇنىڭ قىرغاقلىرىنىمۇ ھېچ كىشى كۆرۈپ باقمىغانىدى. يىراقتىن قارىغاندا ئۇ قورۇقلۇق گويا كى سۇدە كىلا كۆرۈنەتتى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇ يەردە سۇدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئارالدا سان-ساناقسىز دەل-دەرەخلەر قىشمۇ-ياز كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ئوت-چۆپ ئورنىدا پۈتۈنلەي نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇ ئارال قاراقچى جابىرنىڭ مەنزىلگاھى ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى تاپقان بارلىق مال-مۈلۈكلىرىنى شۇ يەرگە يەتكۈزۈشۈپ بېرەتتى. ئۇ ئارالدىكى ئورمان ئىچىدە سۈيى ناھايىتى لەززەتلىك بىر بۇلاق بار ئىدى. جابىر ئۇنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ئورۇندا جەننەتتەك بىر گۈلىستاننى بىنا قىلغانىدى. ئۇ قاراقچىنىڭ تۇرىدىغان ئورنى خۇددى جەننەت سارىيىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئەلقىسسە، ئۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىدى، ناھايىتى دانىشمەن ۋە ساخاۋەتلىك ئىدى. شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتى شۇنىڭ قولىدا ئىدى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتاتتى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئېتى نەۋدەر بولۇپ، ئۆزىمۇ زامانىسىنىڭ نادىر كىشىسى ئىدى، ئۇنىڭ زېھنى ساغلام ئىدى. ھەممە ئىشقا قۇدرىتى يېتەتتى، ئۇ پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ھېچ ئادەمزات ئۇنىڭدەك گۈزەل قىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى گۈزەللىك بېغىدىكى نازۇك سەرۋى دەرىخىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى كۆرگەن سۇمبۇل تاقەت قىلالماستىن تولغىنىپ چىگىشلىشىپ كەتكەن، باغدا غۇنچىلار ئۇنىڭ ئاغزىنى كۆرگەندىن كېيىن گەپ قىلالماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چېھرى گويا مەشئەلدەك جاھاننى يورۇتاتتى، ئۇ مەشئەل ئۆز شولىلىرىنىڭ ھارارىتى بىلەن جانلارنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆرۈم-ئۆرۈم چاچلىرى قۇياش بويىنىغا سىرتماق سالاتتى، ئۇنىڭ جامالىغا پەلەك مېھرى (قۇياش) شەيدا ئىدى، ئۇ قىزنىڭ ئېتىمۇ مېھرى ئىدى.

ئۇ قىز بىر كۈنى دەريا لېۋىگە كېلىپ، سۇغا ناز بىلەن كۆز



تىكتى. ئۇ دەريا دولقۇنلىرىنى كۆرۈپ، سەيلە-تاماشا قىلىش ئۈچۈن، گويا كى ھىلال ئاي ئىچىگە ئورۇنلاشقان سائادەت يۇلتۇزىدەك كېمە ئىچىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ كېمە ئۈستىدە قىرغاققا يېقىن ئەتراپلارنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇساتتىن بىر تەتۈر شامال كەلدى-دە، كېمىدىكىلەر بۇنى سېزىپ ئۈزلىرىنى ئوڭشاپ بولغۇچە شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ، شىددەتلىك تۈس ئالدى. شامال ھايت-ھۇيت دېگۈچە بورانغا ئايلىنىپ، كېمىنى خۇددى شامالدەك تېز سۈرئەت بىلەن دەريا ئىچىگە سۈرۈشكە باشلىدى. كېمىچىلەر داد-پەرياد سېلىشىپ ياقىلىرىنى يىرتىشقان ھالدا:

— بۇ ئىشتا بىزگە قادىر ئىگىمىز ئۆزى رەھىم قىلمىسا، جاندىن ئىلكىمىزنى يۇماقتىن باشقا چارە يوق، — دەپ نالە-زار قىلىشتى.

بوران كېمىلەرنى شۇ يوسۇندا نەچچە كېچە-كۈندۈز سۈرۈپ بىر يەرگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن توختىدى. شۇ ئەسنادا جابىرنىڭ پايلاقچىلىرى بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ئەھۋالنى جابىرغا يەتكۈزدى. كېمىدىكىلەر ئەمدىلا دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلۇپ تۇرۇشىغا، قانخور جابىر قېيىققا ئولتۇرۇپ، بۇلار تەرەپكە يېتىپ كەلدى. ئىككى ئارىدا جەڭ باشلاندى. كېمىدىكىلەرمۇ جابىر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى، لېكىن جابىرنىڭ بۇلار تەرەپكە قارىتىپ ئاتقان ئوقلىرى ھېچ زايا بولماستىن دەل تېگىپ، كېمىدىكىلەرنى قانغا بويىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قانلىرى دەرياغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ تولىسى ھالاك بولۇپ، قالغانلىرى نالە-پەرياد قىلغان ھالدا ئۇنىڭدىن ئامانلىق تىلىدى. جابىر بۇلارنى كېمىسى بىلەن ئالدىغا سېلىپ، ھەممىسىنى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئارالغا ئېلىپ باردى. ئاندىن كېمىلەرنى قىرغاققا باغلاپ، ئۇنىڭدىكى ماللارنى ئارال ساھىلىغا چىقاردى. لېكىن جابىر تېخىچە مېھرىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ تۇساتتىن كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان مېھرىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئەقىل-ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلدى. ئۇ بىردەم

ئۆلۈكتەك بىھوش ياتقاندىن كېيىن يەنە ھوشىغا كېلىپ، مىھرىگە نەزەر سالغانىدى، شۇ ھامان يەنە ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئەھۋال نەچچە قېتىم تەكرار يۈز بەرگەندىن كېيىن جابىرنىڭ ھېچ ماجالى قالمىدى. مىھرى تەرەپكە يەنە قاراشقا پېتىنالمىدى، جابىرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن بۇ زۆھرە يۈزلۈك قىز باغ ئىچىگە ئېلىپ كېلىنىپ، قەسىر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ ۋە سىرداش بولۇش ئۈچۈن كېمە ئەھلى ئىچىدىن بىر-ئىككى گۈل يۈزلۈك قىزنى ئېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا قالدۇردى. قالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جانلىرىغا ئامانلىق بېرىپ مەخسۇس كېمە تەييارلەپ ئۇلارنى چىقاردى-دە:

— ئەگەر سىلەرگە جان كېرەك بولسا، ئۆز مەملىكىتىڭلارغا يېنىڭلار! — دېدى.

ئۇلارمۇ قورققانلىرىدىن كېمىسىنى ھاپىلا-شاپىلا دەرياغا سۈرۈپ، جابىرنىڭ كۆزىدىن يىراقلاشتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك مىھرى بۇ ئارالدا خۇددى زۇلمەت ئىچىگە غەرق بولغان يۇلتۇزدەك قېپقالدى. جابىر ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى خۇشال بولاتتى. كۆڭلىدە ۋىسال ئۈمىدىنى كۆزلەيتتى. مىھرىنىڭ كۆزلىرىگە كۈندۈزمۇ قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى گويا قۇياشتەك ئۆرتەنمەكتە ئىدى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر چوڭ ئارالدا گوياكى پىردەۋس جەننىتىدەك گۈزەل بىر شەھەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېقىنلىرى كەۋسەر سۈيىدەك ئىدى، ھاۋاسى بېھىش ھاۋاسىدىن نەمۇنە ئىدى. گۈلشەنلىرى شەپەقتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شەھەردە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ھۆكۈمەت ئىشىدا ناھايىتى ئادىل تەدبىرلىك ئىدى، شاھنىڭ ھىممىتىنىڭ ئالىيلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مەملىكىتى چەكسىز مەمۇرچىلىققا ئېرىشكەنىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئېتى نۇئمان ئىدى. يۇرتىنىڭ ئىسمى يەمەن ئىدى. شاھنىڭ تالانتى ۋە ئادالىتى بىلەن ئۇ يۇرت گويا جەننەت گۈلىستانىدەك گۈزەل تۈسكە



كىرگەنىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل بىر ئوغلى بار ئىدى. ئىنسانىيەت ئىچىدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن گۈللەر خىجالەتتە، كېلىشكەن بويلىرىدىن سەرۋىلەر ھەيرانلىق ۋە داغۇ ھەسرەتتە ئىدى. بارچە ھۈنەر ۋە پەزىلەتتە ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى سۇھەيل بولۇپ، بۇ سۇھەيل① نىڭ كۆڭلى ئۇ مىھرى (قۇياش)نىڭ چاچلىرىغا باغلانغانىدى.

مىھرىمۇ ئۆزىنى ئۇنىڭ جۈپلۈكىگە ئاتىغانىدى. ئۇ ھەمىشە سۇھەيل تەرەپكە ئىنتىلەتتى. سۆيگۈ ئوتلىرى بارغانچە ئۇلغىيىپ، ئۇ يىگىتنىڭ ۋىسالىغا جان بېرىپ خېرىدار بولۇشقا يەتكەنىدى. پىراق ھىجران ئازابى ئۇنىڭ قەلبىنى يارا قىلىپ جابىرنىڭ بېغى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر زىندان بولدى. ئۇ يەردە خىلمۇ خىل دەرەخلەر بىلەن نىلۇپەر گۈلىدىن باشقا ھېچ نەرسە، ھېچ گۈل يوق ئىدى. قىز ئۇ يەردە نىلۇپەر گۈلىدەك ماتەمدار بولدى. ئۇ كۆز ياشلىرى بىلەن نىلۇپەرزارنى سۇغىراتتى، ئاھ ئوتلىرى بىلەن نىلۇپەرلەرنى قۇرۇتۇپ، غەمگە سالاتتى. مىھرى ئاشۇ غەمكىن نىلۇپەر گۈللىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۆزىمۇ نىلۇپەر رەڭلىك لىباسلارنى كىيىپ، يارىنىڭ ھىجرانىدا يىغلايتتى.

بۇ نەيرەڭۋاز پەلەكنىڭ بۇلارنى ھىجران ۋە پىراق ئازابىغا دۇچار قىلىشىدىكى سەۋەب سۇھەيلنىڭ ئاتىسى ئۇلارنىڭ نىكاھىنى كېيىنگە سۈرگەنلىكتىن ئىدى. سۇھەيلنىڭ ئاتىسى: «ئەمدى بۇلارنىڭ نىكاھ بەزمىسىنى تۈزىدىغان ۋاقىت كەلدى» دەپ ئويلاپ، قانچىلىگەن كېمىلەرگە توي جابدۇقلىرىنى ئالدى. بۇ جابدۇقلار ئىچىدە كىشى خىيالىغا كەلتۈرىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلار نەۋدەر شاھنىڭ مەملىكىتىگە بېرىش ئۈچۈن

---

① سۇھەيل — بىريارقىن يۇلتۇزنىڭ نامى، بۇ يۇلتۇز يەمەندە ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، «يەمەن سۇھەيلىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە ئادەم ئىسمى بىلەن يۇلتۇز ئىسمىنى ئوخشاش ئېلىپ سۆز ئويۇنى قىلغان.

قۇرۇقلۇق بىلەن ماڭسا يول يىراق دەپ ئويلاپ، سۇ يولى بىلەن سەپەرگە چىقتى. سۇھەيلىمۇ مېھرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە نىكاھ ئىشلىرى ئۈچۈن جابدۇنۇپ، گويا كى ھىلال ئايدەك گۈزەل بىر كېمىگە كىردى.

مېھرى دەرياغا سەيلە ئۈچۈن كىرىپ بوران ئۇنىڭ كېمىسىنى ئېلىپ قاچقان كۈنى سۇھەيلىنىڭ ئادەملىرىنىڭ كېمىسىگىمۇ بوران كېلىپ ئۇرۇلغىلى تۇردى، بارا-بارا كېمە بوراندا خۇددى دەريادىكى خەس-خەشەكتەك بىر تەرەپكە قاراپ سۈرۈلدى. گاھىدا خەتەرلىك دولقۇنلار كېلىپ كېمىگە ئۇرۇلاتتى. كېمە قايىنام ئىچىدە گاھ يۇقىرى، گاھ تۆۋەنگە قاراپ سۈرۈلەتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە نەچچە كۈنگىچە سۇ ئىچىدە سەرسان-سەرگەدان، ۋەھىمە ئىچىدە ئەقىللىرى ھەيران ۋە چىرايلىرى سامان، ياق، بەلكى زەپىران بولغان ھالدا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈشتى. كېمە ئاخىر بىر جايغا يېتىپ بارغاندا، جابىرنىڭ پايلاقچىلىرى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. جابىر دەرھال بىر قېيىققا ئولتۇرۇپ بۇ مۇساپىرلارنى ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. توساتتىن يېتىپ كەلگەن جابىر سۇھەيلىنىڭ كېمىسىگە قاراپ ھۇجۇم قىلدى. سۇھەيلىمۇ چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى. ئۇلار جەڭ باشلىغىنىدا سۇ ئىچىدە ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر ھاسىل بولدى. جابىر قانچە ۋەھشىيلىك بىلەن ھۇجۇم قىلسىمۇ، لېكىن سۇھەيل ئۇنىڭ ھەربىر زەربىلىرىنى رەت-قىلىپ تۇراتتى. سۇھەيلىمۇ قانچە دەھشەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتسە جابىر ئۇنى رەت قىلاتتى. بۇ ئىككىيلەن چاققانلىق ۋە كۈچ-قۇدرەتتە بىر-بىرىنى بېسىپ چۈشەلمەس ئىدى. جابىر بارا-بارا بۇ ئىشنىڭ ئانچە ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى. ئۇ گەرچە تېخى يېڭىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يېڭەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ھېچقاچان بىرىۋىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بۇنداق ئاجىز ھېس قىلىپ باقمىغانىدى، جابىر ئاخىر بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن ھىيلە-نەيرەڭ ئەسۋابىنى قولىغا ئالدى-دە، يالىڭاچلىنىپ سۇغا



سەكرىدى. ئۇ سۇ ئاستى بىلەن كېلىپ سۇھەيلىنىڭ كېمىسىنىڭ تېگىگە كىردى، ئاندىن كېمىنىڭ ئاستىنى تىغ بىلەن يېرىپ تاختىلىرىنى سۇندۇرۇپ پارە-پارە قىلىۋەتتى، كېمىنىڭ ئاستىنى نودەك ئېچىۋەتتى. سۇھەيلىنىڭ كېمىسىگە سۇ كىرىپ كەتتى. سۇھەيل ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ جابىرنىڭ خۇددى ئەزرائىلدەك شىددەت بىلەن بېسىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى قانچە ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن چارە قىلالمىدى. سۇھەيلىنىڭ كېمىسىگە سۇ توشۇپ كەتتى، كېمە ۋە كېمە ئەھلى بىراقلا سۇغا غەرق بولدى. سۇھەيل قايىنام ئىچىدە جاندىن ئۈمىدىنى يۈيۈپ ھالاكەتكە تەن بەردى، بىراق جابىر ئۇنىڭ ئۈستىگە گويا لەھەڭ بېلىقنى يۇتۇش ئۈچۈن قەست قىلغاندەك شىددەت بىلەن بېسىپ كەلدى. ئۇ سۇھەيلىنىڭ قولىنى تارتىپ ئۆزىنىڭ قېيىقىغا سېلىپلا قول-پۇتلىرىنى سىرتماق بىلەن مەھكەم باغلىۋالدى. جابىر يېنىشقا تەرەددۇت قىلغاندا، سۇھەيل ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى قەددى-قامىتى پۈكۈلۈپ، قول-پۇتلىرى باغلانغان، جابىرنى ئۈستىدە ئۆتكۈر قىلىچنى تەڭلەپ تۇرغان ھالدا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ ناتىۋانلىقىغا يۈزمىڭ ھەسرەت، تۈمەنمىڭ نادامەتلەر چەكتى.

— ھەي تۇتقۇن، — دېدى جابىر ئۇنىڭغا، — جەڭ كەسپىدە ھېچ كەمچىلىكىڭ يوقكەن. مەن دەريادا مىڭلىغان كىشىلەرگە دۇچ كەلدىم، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا سېنىڭدىكىدەك جۇرئەتنى كۆرمىگەنمەن. شۇ سەۋەبتىن ساڭا ئىخلاس قىلدىم ۋە قايىنام ئىچىدە چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىڭدا قېشىڭغا كېلىپ، سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇم. گەرچە سېنى ئۆلتۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپمىغان بولسامۇ، لېكىن قويۇۋېتىشنىمۇ لايىق كۆرمەيمەن. چۈنكى سەن قولۇمدىن خالاس بولۇپ، بېرىپ بىرەر پادىشاھقا سىپاھ بولۇپ قالساڭ، ئادەم باشلاپ كېلىپ، مەندىن ئىنتىقامىڭنى ئالماي قويمايسەن. دائىم مېنىڭ ئەدىبىمنى بېرىشنىڭ كويىدا بولىسەن. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، سېنى باغلاقتىن بوشاتماي ساقلايمەن. ئەگەر ئۆلسەڭ ئۆلىسەن،

ئۆلمىسەڭلا باغلاق ئىچىدە بولسەن.

سۇھەيل ئۆزىنىڭ ئاجىز، ناتىۋانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، قانچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئاداۋەتخور زالىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى جاۋابسىز قالدۇردى. جابىر قېيىقنى ھەيدەپ، سۇھەيلنى ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان ئاشۇ ئارالغا ئېلىپ باردى، ئۇ يەردىكى ئۆينىڭ ئىچىدە بىر قۇدۇق بار ئىدى، جابىر كىمگە جەبىر-زۇلۇم سالماقچى بولسا، ئۇنى ئاشۇ قۇدۇق ئىچىگە تاشلايتتى. سۇھەيلنىمۇ ئاشۇ قۇدۇققا تاشلاپ، شۇنداق مۇستەھكەم بېكىتتىكى، ئۇ يەردىن چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر كۈنلۈكى ئىككى نان، بىر ئىۋرىقتا سۇ بېرىلەتتى. قۇدۇق ئىچىدە بىچارە سۇھەيل سولانغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە بولسا سۇھەيلنىڭ دىلبىرى مېھرى ئورۇنلاشقانىدى. لېكىن ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالى ئاشۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ تۇردى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەل-يۇرت، قېرىنداشلىرىغا كېلەيلى:

ئەلقىسسە، جابىر مېھرىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار جان قۇتقۇزغىنىنى غەنىيمەت بىلىشىپ، سۇ يۈزىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، شامالدەك تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ئېلىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھەممىسى نىلۇپەر رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشىپ، ماتەمدار بولۇشتى. مېھرىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ غەم-قايغۇسىدا نىلۇپەر رەسمان ماتەم لىباسلىرىنى كىيگەن، شاھنىڭ پۈتكۈل قوشۇنىمۇ نىلۇپەر تۇسلۇك ئىگىنلەرنى كىيىشىپ، ھازا ئېچىشقا باشلىغانىدى. مېھرى بىلەن بىللە كەتكەن كىشىلەر نىلۇپەر رەڭگىدىكى قارىلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ، غەم-قايغۇغا پاتقان ھالدا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېڭىباشتىن شۇنداق بىر ھازا باشلاندىكى، دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت دېگەننىڭ چەك-چېگرىسى قالمىدى. نەۋدەر شاھنىڭ باغرىغا ھىجران نەشتەرلىرى سانجىلدى. ئۇ قىزىنىڭ ئىز-دېرىكىنى سورىغىنىدا، قايتىپ كەلگەن كېمىچىلەر يۈز بەرگەن ۋەقەنى



تەپسىلىي بايان قىلىشتى. شاھ بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم ھەسرەتلىك نالە-پىغانلارنى چېكىپ، زار-زار يىغلىدى. پۈتكۈل جاھان ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭغۇ بولغاندەك سېزىلدى. شاھ نەۋدەر ئاخىر: «يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق، ھەر قانچە نالە-پەرياد چەكسەممۇ ئىش پۈتمەيدۇ. ئەمدى يا بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلمەن، ياكى بولمىسا قولۇمغا تىغنى ئېلىپ ئۆز باغرىمنى پارە-پارە قىلىپ تاشلايمەن» دېگەن قارارغا كەلدى. نەۋدەر شاھ قولىغا قەلەمنى ئېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن بۇ ھادىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، بىر پارچە خەت يازدى. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە ئىلاج يوق. ئەمما دەرد بەرگەن تەڭرى ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ بىرگە بېرىدۇ. مۇشكۈلچىلىكنى ياراتقان خۇدا ئۇنىڭ چارە-تەدبىرىنىمۇ بىللە يارىتىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ئىنتىقامدىن ئۆزگە ھېچبىر ئىلاجى يوق. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساق بىزگە تىرىكلىك ھارامدۇر. مېھرى مېنىڭ جىگەر پارەم بولسا، سېنىڭمۇ جانىجان پەرزەنتىڭ ئىدى. ئۇنىڭ دۈشمەن قولىدا مەھبۇس بولۇپ قالغانلىقى مەن ئۈچۈنمۇ، سەن ئۈچۈنمۇ بىر نومۇستۇر. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى شۇكى، ئىككىمىز لەشكەر يىغايلى. ئەزىز پەرزەنتىمىز سۇھەيلنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ئىش كېلىدۇ. مېھرى بولسا ئۇنىڭ ئۆز ھەققىدۇر. بۇ تەتۈر پەلەك بىزگە بۇ پاراكەندىچىلىكنى سالدى. ئەمدى بىز مۇنداق قىلايلى: سۇھەيل ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، سۇ ياقىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن يۈرۈپ، جابىر ئورۇنلاشقان ئارالغا يېتىپ بارسۇن. مەنمۇ قورال-ياراغ، لەشكەر--سىپاھلىرىمنى توپلاپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ، سۇ يولى بىلەن ئۇ يەرگە شامالدەك تېز يېتىپ بارىمەن. سۇھەيل قۇرۇقلۇق يولى بىلەن بارسا، بىزمۇ ۋەدىلەشكەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ تەرەپتىن قۇرۇقلۇققا چىقىمىز-دە، ئىككى قوشۇن بىلەن ئۇنى قاپساپ تۇرۇپ، ئاداۋەت جېڭى قىلىمىز. ئەگەر بىز ۋەدىلىشىۋالالىساق، بۇ ئىشىمىز تىرىشچانلىق

بىلەن ئەمەلگە ئاشقۇسى، مېھرىمۇ ئۇ زالىم جابىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغۇسى. ئەگەر بۇ مەسلىھىتىم ساڭا خوپ كەلمىسە، ماڭا خەت يېزىپ ئۇچۇرىنى بىرىۋەتكەيسەن. ئۇ ھالدا مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ يالغۇز بېشىمغا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، باشقىدىن پىلان تۈزگەيمەن.»

نەۋدەر شاھ بۇ مەكتۇپنى شاھ نۇئمانغا ئەۋەتتى.

شاھ نۇئمان بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن بۇ ئاجايىب ھادىسىدىن تولۇق خەۋەر تاپتى. ھەددىن تاشقىرى غەم-ئەلەمگە پاتتى. «بۇ پەلەكنىڭ زۇلمىنى كۆرمەمدىغان» دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپ. پادىشاھ نۇئمان بۇ خەتتىن يەنە ئۆز ئوغلىنىڭ بىرەر ھادىسە تۈپەيلىدىن نەۋدەر شاھ ئېلىگە بارالمىغانلىقى، ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمەي، مۇساپىرلىق ۋە غېرىبلىق قازاسىغا دۇچار بولغانلىقىنى سېزىۋالدى. بۇ ئىككى غەم شاھ نۇئماننى قىيناشنى باشلىدى، ئۇنىڭغا ماتەم ئۈستىگە ماتەم يۈزلەندى. شاھ كۆڭلىدە: «سۆھەيلدىن ھېچ ئىز-دېرەك بولمىدى. بىلمىدىم، ئۇ نېمە سەۋەبتىن ئەدەن شەھىرىگە يېتىپ بارالمىدىكىن، پەلەك زۇلمىدىن ئۇنىڭغا قانداق ھادىسىلەر يۈزلەندىكىن» دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ پىكىر-خىياللىرى تېخىمۇ كۆپەيمەكتە، تېخىمۇ ۋەھىملىك تۈس ئالماقتا ئىدى. پادىشاھ ئاخىر قولىغا قەلەم ئېلىپ، خەتنىڭ جاۋابىنى يېزىشقا كىرىشتى:

«سېنىڭ مېھرىگە يەتكەن خېيىم-خەتەرلەرنى بايان قىلىپ يازغان خېتىڭدىن بېشىمغا ئوت چۈشتى. چەكسىز قايغۇردۇم. ئەمدى قايغۇ ئوتلىرىدا كۆيۈپ ئۆرتەنگەن بىلەنمۇ پايدىسى يوق. مەسلىھەت شۇكى، سەنمۇ ئۆز پىلانىڭ بويىچە دەريا قىرغىقىنى بويلاپ، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن يۈرۈش قىلغىن. سۆھەيلدىن سۆز ئاچمىغىن. چۈنكى بۇ سۆزۈڭ بىلەن يۈرەكلەرنى جاراھەت ئۈستىگە جاراھەت قىلمىغىن. يارا ئۈستىگە تۇز سەپمىگىن. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈڭ كەلسە، سۆھەيل سېنىڭ تەرىپىڭگە قاراپ يولغا چىقىپ كەتكىنىگە ئالتە ئاي بولدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ھايال بولۇپ



قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ تۈگىشىپ كېتەيلا دېدۇق. سەن قۇرۇقلۇق يولى بىلەن قوشۇن تارتقىن، مەن كېملەرگە چۈشۈپ سۇ يولى بىلەن لەشكەر تارتاي. بەلكىم دەريا ئىچىدە ئۇ يوقالغان گۆھەرىمدىن بىرەر ئىز-دېرەك تاپارمەن. مەيلى ئۇنى تاپاي ياكى تاپماي، ھامان سېنىڭ تەرىپىڭگە قاراپ ئىلگىرىلەۋېرىمەن. بىزنىڭ باشلىغان بۇ ئىشىمىزغا تەگرى يار-يۆلەكتە بولۇپ، ئاندىن قالسا، ئىككى قوشۇن ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئۇ ھارامزادە جابىردىن چوقۇم ئۆچ ئالىمىز. ئۇنىڭ بوغىزىغا ئاداۋەت قىلىچىنى سۈرۈپ، تېگىشلىك جازاسىنى بېرىمىز. ۋەدە بويىچە پالان كۈنى پالان سائەتتە ئىككى تەرەپ تەڭلا يولغا چىقىمىز. سەنمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغايسەن.»

شاھ نۇئمان خەتنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بىر كىشىدىن شاھ نەۋدەرگە ئەۋەتتى. ئۇ كىشى خەتنى شاھ نەۋدەرگە يەتكۈزدى. شاھ نەۋدەر خەتنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ۋەدە قىلغان ۋاقىت ئىچىدە لەشكەر تارتىپ، نۇئمان شاھ يۈرگەن تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئىككى پادىشاھ بىرى دەريا بىلەن، يەنە بىرى قىرغاق بويلاپ چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش باشلىدى.

شاھ نەۋدەر نەچچە كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۈشمەنگە يېقىن جايدىكى بىر جاڭگالغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر پايانسىز كەتكەن ئورمانلىق ئىدى. دۈشمەن ئورۇنلاشقان جايغا بېرىش ئۈچۈن بىر مەنزىللا ئارىلىق قالغانىدى. ئۇ جاڭگالنىڭ يوللىرى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، مېڭىش مۈشكۈل ئىدى. ئۇلار دۈشمەن ئارقىمىزدىن كېلىپ قالمىغىيدى، دەپ ۋەھىمە قىلاتتى. ئورمان-چاتقاللار-نى كېسىپ، ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىش ئۈچۈن قوشۇن تەيىنلىنىپ، ئالدىدا ماڭدۇرۇلدى. بۇ جاڭگالدا ئوۋ ھايۋانلىرى، خۇسۇسەن كېيىك ۋە بۇغا-مارااللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. شاھ نەۋدەر ئوۋ ئىشلىرىغا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ئوۋ ئوۋلاش بىلەنلا ئۇنى

قولغا چۈشۈرۈپ بولاتتى. شاھ بۇ يەردە ئۆزىنى ياتلارنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ ئورمان ئىچىدە يالغۇز كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ ئالدىغا توساتتىن بىر گۈل رەڭلىك بۇغا ئۇچراپ قالدى. شاھ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىدى. بىراق ئوق ئېتىشقا ھېچبىر ئېپىنى تاپالمىدى. بۇغا جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قاچتى. بۇ جاڭگالنىڭ يوللىرى ئىنتايىن تار بولغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە يولدا چاتقال ۋە شاخ-شۇمبىلار چىرمىشىپ كەتكەنىدى. شاھ بۇغا ئارقىسىدىن قوغلاش ئۈچۈن بىر چىغىر يولنىمۇ تاپالماي تاقىتى تاق بولغان ھالدا بىر-ئىككى قېتىم ئوق ئۈزدى. بىراق ئوق خاتا كېتىپ، بۇغىغا تەگمىدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئوۋغا بېرىلىپ كەتكەن پادىشاھ بۇ يەردە دۈشمەنىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. نەتىجىدە بۇغىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىۋەردى.

بۇ ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدە بىر توپ قوراللىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارنى بۇ يەرگە جابىر ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ كىشىلەر ئۇرۇش پەيتىدە جابىرغا لەشكەر بولاتتى. باشقا ۋاقىتلاردا ئەتراپنى كۆزىتىپ، ئالدىغا ھەر قانداق ئادەم ئۇچرىسا، ئۇنى تۇتۇپ، جابىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتى. ئۇلار قېچىپ كېلىۋاتقان بىر بۇغىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاتلىق كىشىنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇلار دەرھال يۇپۇرۇلۇپ كېلىشىپ، ھايت-ھۇيت دېگۈچە شاھ نەۋدەر بۇ يەرگە بۇغىنى تۇتىمەن دەپ كېلىپ، ئۆزى تۇتۇلۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر پادىشاھ ئۆز شاھلىقىنى قولدىن بېرىپ قويماي دەيدىكەن، چوقۇم لەشكەر ۋە سىپاھىلىرىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك. پادىشاھ دېگەن لەشكەر بىلەن ئاندىن پادىشاھتۇر. ئەگەر لەشكىرى بولمىسا، ئۇنى پادىشاھ دېگىلى بولمايدۇ. شاھنىڭ قولىدا لەشكىرى بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلار ئاسان بولىدۇ. بىر ئادەم دېگەن رۇستەمدەك



كۈچتۈڭگۈر بولسىمۇ ئۇ يەنىلا بىر ئادەم. شاھلىق قائىدىسىنى ھەسەل ھەرىسىدىن ئۆگەنگىن. ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ پادىشاھى لەشكەرسىز ھالدا ھەرگىز بىر جايدا توختاپ قالمايدۇ ۋە ئۇچمايدۇ. ئەگەر ئۇ لەشكەرسىز ھالدا يالغۇز ئۇچسا، ئۇنىڭ باشقا ھەرىلەردىن ھېچبىر پەرقى بولمايدۇ. شاھمات تاختىسىدىكى شاھمۇ ئۆز جايىدىن سەۋەبسىز ھەرىكەت قىلىپ تولا ماڭمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ماڭىدۇ.

شاھ نەۋدەر دۈشمەن قولىدا ئەسىر بولغاندىن كېيىن جابىرنىڭ كىشىلىرى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ، ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ئىكەنلىكىنى پەملەشتى. ئۇلار شاھتىن سوئال سوراپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلى ۋە نەسلىنى تولۇق ئېنىقلىدى. بۇ گۇرۇھ ئىچىدىن بىرى بۇ خۇش خەۋەرنى جابىرغا يەتكۈزدى. بەخت-تەلەي ئۆزىدىن كېلىپ ئاجايىپ بىر ئولجىنى قولغا چۈشۈرۈشكەنلىكىنى بايان قىلدى. جابىر بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شادلىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قالدى. جابىر خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىگە:

— ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ كېمىگە سالغاندىن كېيىن، ھېچنېمىگە قارىماستىن دەرھال مېنىڭ قەسرىمگە ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى زىندانغا سېلىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىڭلار. بۇ ئىشنى ھېچ كىشى سەزمىسۇن، مۇتلەق مەخپىي تۇتۇڭلار. زىنداننىڭ ئىشىكىگە قارايدىغانغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا دەرھال بۇ ئىشنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى. ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جابىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئورۇندى. شاھ نەۋدەر ئەنە شۇنداق پالاكەتچىلىكلەرگە دۇچار بولدى.

ئەمدى شاھ نۇئىمانغا كېلەيلى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ۋەدە بويىچە كېمىلەرگە چۈشۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشكە ئىككى كۈنلۈك مۇساپە قالغاندا بوران چىقىپ ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىشقا باشلىدى. شاھ نۇئىماننىڭ ئىشلىرى ئەپلەشمىگىلى تۇردى. بوران كېمىلەرنى تەرەپ-تەرەپلەرگە

سۇرۇشكە باشلىدى. كىشلەر ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. كېمە ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى ھالاك بولدى. ساق قالغانلارنىڭمۇ كېمىلىرى تەرەپ-تەرەپلەرگە توزۇپ كېتىشتى. شاھ نۇئماننىڭ ۋۇجۇدىغا قاتتىق قورقۇنچ چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا ھېچقانداق خېيىم-خەتەر يەتمىدى. بوران ئۇنىڭ كېمىسىنى ئوغلى سۇھەيل تەرەپكە قاراپ سۈردى. شاھ كېمە بىلەن بىر جايغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنى جابىر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان پايلاقچىلار كۆرۈپ قالدى ۋە بۇ ئىشنى جابىرغا خەۋەر قىلدى. جابىر دەرھال يېتىپ كەلدى. شاھ نۇئماننىڭ كېمىسىدىكىلەرمۇ جابىرنىڭ جەبىر-جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىدى. جابىر ئۇلارنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن ھەممىسىنى سۈرۈپ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئارالغا ئېلىپ كەلدى. جابىر شاھ نۇئماننى كېمىدىن چىقىرىپ، كېمىدىكى بارلىق مال-مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرغاققا چۈشۈردى. شاھ نۇئماننىڭ جىسمى يول ئازابى بىلەن زەئىپلەشكەنىدى. ئۇ جابىرنىڭ نېمە ئادەملىكىنى بىلەر-بىلمەي تۇرۇپلا، جابىر ئۇنى زىندانغا يوللىدى. شاھ نۇئماننى ۋەھىمە باستى. ھېچ كىشى ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپالمىدى. جابىر شاھ نۇئماننىڭ ئادەملىرىگە:

— ئەگەر سىزلەرگە جان لازىم بولسا، كۆڭلىڭىزلار قاياققا تارتسا، شۇ ياققا كېتىڭىزلەر. ئەگەر سىزلەرنى بۇ ئەتراپتا ئۇچرىتىپ قالسام، بىرىڭىزلەرنىمۇ تىرىك قويمايمەن، — دېدى.

بۇ بىچارە كىشلەر كۆزلىرىدىن غەم-قايغۇ ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزغان ھالدا باشلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى.

شاھ نەۋەدەرنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلەلمەي كۆپ ئوي-خىياللارنى قىلىشتى. شاھتىن ھېچ ئۇچۇر ئالالمىدى. پادىشاھسىز لەشكەرلەرنىڭ ھېچ نەتىجىسى بولمىدى. ئۇلار ئاخىر يۈكلىرىنى راسلاپ ياناقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ سەپلىرى بۇزۇلدى. ھەر بىرلىرى ئۆزلىرى بىلگەن يول بىلەن قايتىپ كېتىشتى.



قاراقچى جابىر ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز گۈلشەن ئىچىدە بەزمە تۈزۈپ، مېھرىنىڭ خىيالى بىلەن شاراب ئىچمەكتە ئىدى. بىراق مېھرىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي، ئۇنىڭدىن مۇرادىنى ھاسىل قىلالماي، شاراب ئىچتىم دەپ، ئەمەلىيەتتە قان يۇتماقتا ئىدى.

مېھرى ئۆزىنىڭ ياقىلىرىنى گۈل كەبى يىرتىپ، نېلۇپەرزارغا كىرەتتى. ئۇ چەكسىز غەم-قايغۇغا چۆكەتتى، كۆز ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزاتتى. ئۇ كۆك لىباسلارنى كىيگەن ھالدا ئۆز يۈزىگە گويا نېلۇپەردەك كاچات ئۇراتتى. ئۇنىڭ كاچاتلىرىدىن يۈزلىرى زەخمىلىنىپ، خۇددى گۈلىستاندا نېلۇپەر ئېچىلغاندەك بولاتتى. مېھرى بۇ ھىجران بالاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېچىسى كىرپىك قاقماي تەپەككۇر قىلاتتى. بىراق ئىلاجىنى تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ بىر كۈنى زىنداندا كۈنلىرى ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدى. مېھرى ئۆز كۆڭلىدە: «شۇ كىشىنى زىنداندىن قۇتقۇزاي، ئاندىن ئۇنىڭغا زار-زار يىغلاپ، ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلاي. ئۇنىڭغا ھاجىتىمنى ئېيتىپ، سۇھەيل تەرەپكە ئەۋەتەي. ئەگەر سۇھەيل مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلسە، چوقۇم مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ» دەپ ئويلىدى. مېھرى ئىككى كېنىزەكنى ھەمراھ قىلىپ، سۇھەيلنى ئېلىپ كىرگەن قاراڭغۇ ئۆيگە كىردى. ئۇ زىندان بېشىغا كېلىپ:

— ئەي دەرد ۋە مۇشەققەتكە مۇپتىلا بولغان كىشى، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىر پېقىرمەن، ناتىۋانلىقىم بىلەن بۇ يەردە ئەسىر بولغان بىچارىمەن. مەن جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ، سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەي. ئەگەر سېنى بۇ قاراڭغۇ زىنداندىن تارتىۋالسام، نېمە دېسەم قوبۇل قىلامسەن؟ قەيەرگە بۇيرۇسام بارامسەن؟ — دېدى.

سۇھەيل زىندان ئىچىدە دەرماندىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جىسمى زەئىپلىشىپ، خاراب بولغانىدى. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ جىسمى

دەرد-ئەلەم بىلەن خاراب بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يۈرەكلىرى گۈل يۈزلۈك مېھرىنىڭ پۇرقىتى بىلەن كاۋاپ بولغانىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى توشۇپ، تەقەززالىقى تېخىمۇ ئاشتى. لېكىن سۇھەيل بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئۆز كۆڭلىنى توختىتىپ، ئۇ نازىنىن مېھرىگە مۇنداق دېدى:

— ھەي تەڭرىنىڭ پەرىشتە سۈپەت بەندىسى، ئۆلگەن تېنىمگە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى شەپقەتچى، ئەگەر سەندىن بۇ قەدەر ياخشىلىق كېلىدىغان بولسا، ھەر قانداق ئىشقا بۇيرۇساڭ، مەن سېنىڭ پەرمانىڭدا بولىمەن. تاكى جېنىم تېنىمدە بولسىلا، تىرىشىپ-تىرمىشىپ خىزمىتىڭنى قىلىمەن.

مېھرى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىككى چېچىدىن تاناپ ياساپ، زىندانغا سالدى. ناتىۋان سۇھەيل ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلدى. مېھرى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئىككى كېنىزەك بىلەن بىللە ئۇنى تارتىپ چىقاردى. ئاندىن كۆپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنى زەنجىردىن ئازاد قىلدى. سۇھەيل مېھرىنىڭ ئالدىدا يەر سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ھەي پەرىشتە تەلئەتلىك ئىنسان، قانداق پەرمانىڭ بولسا، ماڭا ئىشارەت قىلغىن، — دېدى.

مېھرى ئۆز بېشىغا كەلگەن بارلىق سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلىدى. ئاتىسىنىڭ نام-نەسەبى، سۇھەيل بىلەن قىلىشقان ۋەدىسى، دەريادا بوران چىقىپ كۆرگەن بالا-قازالىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. ئۆزىنىڭ نائىلاج بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنى، جابىرنىڭ قولىدىن سالامەت قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىچارە سۇھەيل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەر بىر نەپەستە بىر ھوشىنى يوقىتىپ، دەرمانسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مېھرى ئۆز سۆزىنى مۇنداق مۇددىئاغا يەتكۈزدى:

— مېنى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن سۇھەيلدىن باشقا ھېچ كىشى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ھەي دەردمەن كىشى، ساڭا سۆزۈم شۇكى،



ئەگەر ئىلاج قىلالىساڭ سۇ يولى بىلەن سۇھەيل تەرەپكە قاراپ ئاقساڭ، سۇ يولىنى تامام قىلغاندىن كېيىن دەريادىن چىقىپ، يەمەن تەرەپكە قاراپ راۋان بولساڭ، پۈتكۈل تىرىشچانلىقىڭنى ئىشقا سېلىپ، تېز سۈرئەت بىلەن يول يۈرۈپ، سۇھەيلنى تاپساڭ، مېنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىمنى ئۇنىڭغا بايان قىلساڭ. ساڭا دەيدىغان يەنە بىر سۆزۈم شۇكى، بۇ ئىشنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتقىن، سېنى بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن مەخپىي ساقلاپ، سالامەتلىكىڭ ياخشىلانغاندىن كېيىن يولغا سالىمەن. سەن سۇھەيل بىلەن كۆرۈشكەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويغىنكى، ئۇ تامامەن خاتىرجەم بولسۇن. مەن ئۇنى ئىنتىزارلىق بىلەن ساقلاۋاتىمەن. مەن بىچارە بالا-قازاغا دۇچار بولۇپ، جابىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. لېكىن جابىرنىڭ ماڭا قول تەگكۈزەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ مېنى كۆرگەن ھامان گوياكى ئەخلەت-چاۋاردەك يەرگە يىقىلىدۇ. جابىر مېنىڭ پاك ۋۇجۇدۇمغا نامۇناسىپ ئىشنى ئويلىغان ھامان بىھوش بولۇپ، يەردىن تۇرالمايدۇ. بىراق مېنىڭ ۋاقتىم بۇ يەردە زايا كېتىۋاتىدۇ.

سۇھەيل بۇ نازۇك سىرلارنى بىلدى. مېھرى بىلەن ساق-سالامەت كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى ئارام تاپتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى زېھنىنى يىغىپ مېھرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك بولدى. قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاخىر بىر ئاھ تارتىپ، دىلبىرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇ پەرياد چەككەن پېتى ھوشىدىن كەتتى. مېھرىمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن خۇدىنى يوقاتتى. مېھرى بۇ ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن ئېنىقلىغانىدى، ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ دەل سۇھەيل ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنى بىلگەن مېھرىمۇ نالە قىلغان پېتى ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ئىككى كېنىزەك ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ زار-زار يىغلاشتى. بۇ ئىككىسىنىڭ باشلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن يۆلەپ، كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. مېھرى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇ يەردە تۇرنۇەرسەك چاتاق چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئامال تېپىشىمىز كېرەك.

ئۇلار سۇھەيلنى ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆيگە ياتقۇزۇپ قويدى. كەچكىچە سۇھەيلمۇ زەئىپلىكتىن سەل نىجات تاپتى. ئۇ ئۆز ھالىغا كەلگەندە كەچ ياتار مەھەل بولغانىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا مېھرى پەيدا بولدى. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە تەن ۋە جاندەك بىرلەشتى. سەرۋى دەرىخىگە ياماشقان ھەشقىپېچەكتەك چىرماشتى.

سۇھەيل نەچچە كۈنگىچە قەسىر ئىچىدە يوشۇرۇن ھالدا گۈل يۈزلۈك مېھرىگە مېھمان بولدى. تائام ۋە شەربەتلەر ئۇنىڭ زەئىپ جىسمىنى قۇۋۋەتلەندۈردى. سۇھەيل جابىرنىڭ ھازىرچە ھىجران ئازابىغا چىداپ، مېھرىگە دەخلى قىلماي يۈرگەنلىكىنى پەملىدى.

بىر كۈنى جابىر راھەت-پاراغەت ئۈچۈن باغ سەيلىسى قىلىشقا چىقتى. ئۇ پەرۋاسىز ھالدا باغنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. سۇھەيل گوياكى شىردەك قەھرىمانلىق بىلەن جابىرنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى:

— ھىيلە-مىكىر بىلەن باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇش ياكى ھىيلە-نەيرەڭ بىلەن باشقىلارنىڭ كېمىسىنىڭ تېگىنى تېشىپ، سۇدا غەرق قىلىش، ئاندىن ھېچ ماجالى قالمىغان كېمە ئەھلىنى تۇتۇپ باغلىۋېلىش — بۇ پەھلىۋانلىق ئەمەس، — دېدى سۇھەيل جابىرغا، — گەرچە ئۆز ۋاقتىدا سەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ ئىت ئىكەنلىكىڭنى ئاشكارا قىلغان بولساڭمۇ، مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ يىگىت ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قوياي.

سۇھەيل شۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. جابىر ھەيرانلىق ئىچىدە تېنەپ، تەمتىرىگەن ھالدا سۇھەيل بىلەن چېلىشماقچى بولدى. سۇھەيل ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى باغلانغان ئارغامچا بىلەن جابىرنى باغلاپ، دەرھال ئۇنى ئېلىگىرى ئۆزى ياتقان زىندانغا تاشلىدى. شۇڭا



دانىشمەن كىشىلەر ئارىسىدا: «كىمكى بىروغا ئورا كولىسا، كولىغان ئورىسىغا ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەن ماقال تارقالغان.

سۇھەيل ئەنە شۇنداق غەلىبە قازانغاندىن كېيىن مېھرىنى ئۆزىنىڭ نىكاھىغا ئالدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ بەزمە قۇرۇپ، مەرىكە ئۆتكۈزدى. جابىرنىڭ يىغىپ قويغان خەزىنە دەپىنلىرىنىمۇ قولىغا چۈشۈردى. جابىرنىڭ ئادەملىرى ھەممىسى باش ئېگىپ، سۇھەيلگە ئەل بولدى. ئاندىن كېيىن سۇھەيل شاھانە قەدەھنى قولىغا ئېلىپ:

— جابىر قاماققا ئالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قاماقتىن ئازاد قىلدىم. ئۇ بىچارىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كېلىڭلار. مەن ئۇلارنى مۇشۇ قەدەھ بىلەن شاد خۇرام قىلىمەن، — دېدى.

قامالغانلارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جابىر باغ ئىچىدە قامىغان ئىككى كىشىمۇ بار ئىدى. مەلۇم بولدىكى، بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى شاھ نەۋدەر، يەنە بىرى نۇئمان ئىدى. قاراڭ، بۇنداق ھادىسىنى كىممۇ خىيال قىلسۇن؟ بۇ سورۇندا ئىككى ئاتا بىلەن ئىككى پەرزەنت ۋىسال رىشتىسىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار بىر-بىرىدىن ھال-ئەھۋال سورىشىپ، بارلىق سەرگۈزەشتىلەرنى بىلىپ، ھەيران قالدى. ئۆزلىرىنىڭ بۇ شادلىق كۈنلىرىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن تەڭرىگە تەشەككۇلار ئېيتتى. ئاندىن بۇ ئىككى پادىشاھ مەملىكەتلىرىنى سۇھەيلگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى تەڭرى يولىغا كىرىشتى. ئۇ مەملىكەتلەرنىڭ خەلقلىرى شادىمان بولۇپ، ئۆز كۈنلىرىگە شۈكرانىلەرنى بەجا كەلتۈرۈشتى. بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ ئۆز مۇرادىغا يەتتى. سۇھەيل بىلەن مېھرىمۇ ۋىسال تاپتى. مېھرىنىڭ ئارامگاھى نىلۇپەرزار ئىچىدە بولدى. مېھرى نىلۇپەر رەڭگىدىكى لىباسلارنى كىيىپ، نىلۇپەرزار ئىچىدە ھايات بەخش ئەتتى. سۇھەيلمۇ نىلۇپەر رەڭگىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ ياساندى. چۈنكى نىلۇپەرنىڭ رەڭگى ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، شادلاندۇرىدۇ.

پەلەك مېھرى(قۇياش)مۇ نېلۇپەر رەڭگىدە كىيىندى، ھەرقانداق پەرى چېھرە بولسا، ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكى ئۆزىگە لايىق ۋە ماسلاشقان بولۇشى ئەۋزەلدۇر. دېمەك بۇ مېھرىمۇ گوياكى پەلەك مېھرى (قۇياش)دەك گۈزەل ۋە نۇرلۇق بولغاچقا، پەلەك نېلۇپەرزارىنىڭ رەڭگىدىكى كۆك كىيىملەرمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ماس كېلەتتى.

ئۇ رىۋايەتچى يۇقىرىقى سۆزلەردىن كېيىن ئۇن ئەپسانىسىنى تۈگەتتى، پەردىدار شاھ بەھرامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەردىنى كۆتۈردى. شاھ بەھرام بۇ رىۋايەتچىگە كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، ھېسابسىز ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ قەدىر قىممىتى ۋە مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. ئاندىن شاھ بەھرام راھەتلىنىپ، شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

**پەيشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ سەندەل رەڭگىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ،**
**سەندەل گۈلشىنىنىڭ بويىدا ئورۇن تۇتقانلىقى ۋە بىر سەرۋى**
**بويلۇق، سەندەل بۇيلۇق گۈزەل بىلەن بىللە سەندەل پۇراقلىق**
**شارابلارنى ئىچكەنلىكى، ئۇ سەندەللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن**
**شاھ بەھرامنىڭ دىماغلىرىغا خۇش بۇي ھىدلار تولغانلىقى،**
**بۇ خۇش بۇيلارنىڭ تەسىرى بىلەن شاھنىڭ**
**كۆزلىرىگە ئۇيقۇ يۈزلەنگەنلىكى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە غارايىپ قىزىقارلىق قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، پەيشەنبە كۈنى بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەك كۆك ھۆسنىنى سۇبھىنىڭ سەندەلى بىلەن ئاقارتتى. سۇبھى ئۆزىنىڭ سەندەل كەبى خۇش بۇي شامىلى بىلەن كۆكنىڭ دىماغلىرىنى خۇش بۇي قىلدى. سۇبھى سەندىلىنىڭ ئەتىر كەبى خۇش پۇراقلىرى



بىلەن تۈننىڭ مىجەزى قاراڭغۇلۇق سەۋداسىدىن قۇتۇلدى. شاھ بەھراممۇ ھەممە لىباسلىرىنى سەندەل رەڭگىگە ئۆزگەرتتى. قەسرىنىمۇ سەندەل رەڭگىدە بېزىدى. قەسىر ئىچىگە سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان تەخت ئورناتتى. بەزمە باشلاندى. ئۇ يەردىكى سەندەل پۇراقلىق قۇياشمۇ سەندەل رەڭگىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ جىلۋىگەر بولدى. شارابلارمۇ سەندەل رەڭگىدە ئىدى. ئۇ گۈزەل قىز بەزمە سورۇنىغا ئەتىر پۇراقلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن كاپۇردەك ئاپئاق سەندەللەرنى ئوت ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرۈپ، دۇت سالغانىدى. ئۇ پەرى قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، ساقىيلىقنى باشلىۋەتتى. كېچە بويى مەي ئىچىپ پەيدا بولغان باش ئاغرىقلىرى بۇ يەردىكى خۇش بۇي ئىسرىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن يوقىلىپ تۈراتتى. ئۇ ساقىي باش ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆزى قۇيۇۋاتقان شارابقا بەلكىم قىزىل سەندەلنى قوشقان بولسا كېرەك. كەچ بولغاندا بۇ سەندەل رەڭلىك قۇياش ئۆز مەنزىلىگە بېرىپ قوندى. تۈن قاغىسى قاناتلىرىنى يايدى. كېچە پۈتكۈل ئەتراپقا ئۆزىنىڭ خام ئىپاردەك قاپقارا چېدىرىنى ئاچتى. بۇ چېدىر ئىچىدە يۇلتۇزلار بەئەينى سەندەل رەڭلىك ناندەك نامايان بولدى. بەھرامنىڭ گۈليۈزلۈك ھەمراھىمۇ سەندەل تەختنىڭ يېنىدىن قوپۇپ، تۆشەككە كىردى، خۇددى سەندەل رەڭ قۇياش ئۆزىنىڭ يۈزىنى يوشۇرغاندەك تۆشەك ئىچىگە يوشۇرۇندى. شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلى ئۇيقۇغا مايىل بولدى. ئۇ ھەر دائىمقى ئادىتى بويىچە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇققا بىنائەن، مۇلازىملار شۇنداق بىر ئەپسانىچىنى تېپىپ كەلدىكى، ئۇ گوياكى سۆز دەرياسىنىڭ كېمىچىسى ئىدى. شاھ بۇ ساياھەتچىنى كېچىچە ئولتۇرۇپ ئەپسانە سۆزلەپ بېرىشكە، بۇ ئارقىلىق غايىب ئىشلاردىن ئىشارەت بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەپسانىچى ئۆز ئەپسانىسىنى ئاۋۋال دۇئا بىلەن باشلىدى. ئۇ ئۆز تىنىقلىرى بىلەن سورۇننى خۇددى سەندەل ھىدلىرىدەك خۇش پۇراققا تولدۇردى:

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، — دېدى ئۇ ساياھەتچى، — ئەگەر بۇ پەلەك ئايلىنىپ تۇرسىلا، بۇ پەلەك ئەتراپىدا يۇلتۇزلار سەيلە قىلىپ تۇرسىلا، سىنىڭ تەختىڭ پەلەكتىنمۇ يۈكسەك بولسۇن، مىنىدىغان ئارغىمىقىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ ئىلدامراق بولسۇن.

ئۇ كىشى شۇ يوسۇندا گۆھەر چاچقۇچى دۇئالارنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئەپسانىسىنى باشلىدى.

## ئالتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرگەن مۇساپىرنىڭ بايان قىلغان ھېكمەتلىرى

باختەر دىيارىدىن ئىككى كىشى خاۋەر شەھىرىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماستىن سەپەر قىلدى. چۆل-باياۋانلارنى كەزگۈچى بۇ ئىككى كىشىدىن بىرىنىڭ ئىسمى مۇقبىل، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇدبىر ئىدى. بۇ ئىككى يولۇچى گوياكى دائىم پىرقىراپ تۇرغۇچى پەلەكتەك ئۈزلۈكسىز سەپەر قىلاتتى. ھېچ يەردە ئورۇن تۇتۇپ ئارام ئالمايتتى. مۇقبىل ياخشى نىيەتلىك بولغاچقا، بارغانلا يېرىدە ئامەتى كېلىپ، ئەلنىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. مۇدبىر يامان نىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، نەگىلا بارسا يۈزلىرىگە خارۇزارلىق توزانلىرى يېغىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى سەپەرداشنىڭ يولىدا بىر خەتەرلىك ۋادا بار ئىدى. بۇ ۋادىنىڭ خېيىم-خەتىرىدىن خەۋەردار كىشىلەر ھەرگىز ئۇ يەردىن ئۆتمەيتتى. ئۇ ۋادىدا گىياھلارنىڭ ئورنىدا تىكەن، گۈللەرنىڭ ئورنىدا شور، سۇنىڭ ئورنىدا نېفت، تۇپراقنىڭ ئورنىدا لاۋا-لاتقىدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ يەرنىڭ سېسىق پۇراقلىرى ئۆرلىسە، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تىنىقلىرىنىمۇ يېقىمسىز شامالغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. بۇ ۋادىنىڭ ئوتتەك قىزىق شاملى كۆتۈرۈلگەن ھامان جانلىقلارنىڭ تېنىنى كۆل قىلىپ سورۇيتتى. شۇڭا ئۇ يەردە ھېچقانداق جانىۋارنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇ تەرەپكە



ئۆتۈپ قالغان ھەرقانداق جانىۋارنىڭ جېنى ھېچ تەخىرسىزلا تېنىدىن جۇدا بولاتتى. كىشىلەر ئۇ يەرنى «ۋادەئى جەھەننەم» (دوزاخ ۋادىسى) دەپ ئاتىشاتتى. ئىككى يولۇچى بۇ جاينىڭ يولىنى ۋە خېيىم-خەتەرلىرىنى بىلمىگەنلىكتىن، يولدىن ئېزىپ، بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇشقان ھالدا ۋادەئى جەھەننەمگە قاراپ يول ئېلىشتى.

بۇ ئىككى بىچارە ئۇ بالا-قازا دەشتىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى شۇنچە كۆپ تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېچ چەك-چېگرىسى كۆرۈنمىدى. ئۇلارنىڭ ماڭماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۇلار ئىلاجىسىز ھەر بالا كەلسە سەۋر قىلىپ، تەۋەككۇل كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، دەشت ئىچىگە كىردى. يولنىڭ ھارارىتى قانچە ئۆزلىگەنسېرى مۇدبىرنىڭ بەتخۇيلۇقىمۇ شۇنچە ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇ بەزىدە: «بۇ قانداق تۈگىمەيدىغان دەردۇ-بالادۇر، تەڭرى مۇشۇنداق بالايىئاپەتلىك جاينى يارىتىشنى نېمىدەپ راۋا كۆرگەن بولغىيتتى» دەپ زارلاپ كېتەتتى. يەنە بەزىدە خۇدىنى يوقىتىپ: «بۇ يەردە بەلكىم تەڭرىنىڭ تۇرالغۇسىمۇ ناھايىتى قىيىن بولسا كېرەك» دەيتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىدە تەڭرىتائالاغا ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن ئۆزگە مەنە يوق ئىدى. مۇدبىر قانچە سۆزلىگەنسېرى شۇنچە پەسلىشىپ، مەرتىۋىدىن چۈشەتتى. ئۇ بارا-بارا مۇقبىلغا تاپا-تەنە تىللىرىنى سوزۇشقا باشلىدى:

— مەندەك ناتىۋان خەستە كىشىگە سەندەك تەتۈر پېشانە كىشى يولداش بولمىغان بولسا ئىدى، كاشكى. سەن بىلەن كۆرۈشۈپ سەپەرداش بولغان كۈندىن باشلاپ مېنى نەس باسقىلى تۇردى. شۇنچە يامانلىقلار بېشىمغا كەلدى. نېمىدېگەن پالاكەت ۋە كاساپەت ئادەمسەن؟!

لېكىن مۇقبىل بولسا تەڭرىنى يادىدىن چىقارماي دائىم زىكىر-تەسبىھ ئېيتىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ زىكىر-تەسبىھى ۋە تائەت-ئىبادەتلىرى تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل ئىدى. ئۇ مۇدبىرغا يول بويى پەند-نەسىھەتتىن باشقا گەپ-سۆز قىلمىدى. بىراق

بۇ پەند-نەسىھەتلەر مۇدىرغا ھېچ تەسىر قىلمايتتى. مۇقبىل بۇ چۆلدىن قۇتۇلۇپ بولغۇچە كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى چەكتى. ئۇنىڭغا بۇ دەشت گوياكى دوزاخ دەشتىدەك مەلۇم بولدى. ئۇ دەشت قانچە ئاز قالغانسىرى مۇقبىلنىڭ دەرد-ئەلىمى شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى. بارا-بارا ئۇ ھەمراھى مۇدىردىن ئاجىز كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشماقچى بولدى. ئاخىر ئۇ مۇدىرغا:

— بۇ ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزدۇر، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان مۇدىر قىلغان ئىشلىرىدىن شەرمەندە بولۇپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ قۇلاقلىرىنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا تۇۋا قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە مۇقبىلدىن ئۆز گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. مۇقبىل ئۇنىڭ قىلغان جەبىر-جاپالىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ھەممە بىھۇدە سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى، ئۇنىڭ تۆۋىلىرىغا ئىشىنىپ، گۇناھىدىن ئۆتتى.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ بىر دەريانىڭ قىرغىقىغا يەتتى. دەريادا سان-ساناقسىز كۆپ كېمىلەر ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ-كېلىپ يۈرەتتى. بۇ ئىككىيلەن دەريا قىرغىقىدا تەرەپ-تەرەپكە دوقۇرۇپ يۈرۈپ ئىزدەپ، خاۋەر شەھىرىنىڭ ئادەملىرىنى تاپتى ۋە بۇ جامائەتكە قوشۇلۇپ، كېمىگە كىرا تۆلەپ، قورقماستىن كېمىگە كىرىشتى. كېمىچىلەر بۇلارغا كېمە ئۈستىدە بىر ئورۇندۇق بەردى. بۇ ئىككىيلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇلار بۇ ئورۇندۇقنىڭ كىراسىنى بېرىپ، ئورۇندۇقنى كېمىگە مەھكەم باغلىدى. ئۆزلىرى ئورۇندۇقتا ئورۇنلاشتى. ئاندىن باشقا كېمىلەر بىلەن بىللە دەرياغا كىردى. خاۋەر خەلقىمۇ كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ، تېزلىك بىلەن يۈرۈشكە باشلىدى. دەريا ئىچىدە ئۆزىنى خەتەرلىك ئەھۋالدا كۆرگەن مۇدىر يەنە بىھۇدە ۋە يامان سۆزلەرگە تىل ئاچتى. لېكىن مۇقبىلنىڭ ئىشى تائەت-ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ مۇدىرنى بىھۇدە سۆزلىمەسلىككە دەۋەت قىلىپ نەسىھەتلەر قىلدى. بىراق مۇدىر بۇنىڭغا ھېچبىر قايىل بولمايتتى. مۇدىر شۇ قەدەر كۆپۈر



سۆزلەرنى قىلدىكى، ئۇنىڭ شۇملۇقىدىن دەريادا شامال پەيدا بولۇپ، دولقۇن كۆتۈرۈلدى. كېمە ئەھلىنىڭ ھەممىسى غەم-قايغۇغا چۆكۈشتى. مۇدىر تەڭرىتائالاغا خىتاب قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي خۇدا، قۇملۇق چۆللەردە بولسا قانچىلىگەن ئاپەت يانغىنلىرىنى پەيدا قىپسەن، دەريادىمۇ دولقۇنلاردىن خەۋپ-خەتەرلەرنى ئاپىرىدە قىپسەن. شۇ قەدەر ئاپەتلەر، بۇ قەدەر خەۋپ ۋە پالاكەتلەردىن خالايىقلارنىڭ ئەقىللىرى ھەيران، ئىدراكلىرى سەرسان ۋە سەرگەرداندۇر. قارىسام جاھاندا سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن ھېچبىر ياخشىلىقنى كۆرمىدىم. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى، — دېدى ئۇ يەنە مۇقبىلنى كۆرسىتىپ، — مۇشۇ كىشىنىڭ شۇملۇقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دەريا چايقىلىپ، دولقۇن توختىمايۋاتىدۇ...

مۇدىرنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە شامال تۇيۇقسىزلا بورانغا ئايلىنىپ، دەرياغا شۇنداق بىر شاۋقۇن چۈشتىكى، دەريا دولقۇنلىرى پەلەككە يەتتى. مۇدىرنىڭ شۇملۇق توپىنىنىڭ تېزلىكىدىن بارلىق كېمىلەر تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. كېمىلەرنىڭ چېتىقلىرى ئۈزۈلدى. خالايىقلارنىڭ ھەممىسى كىيىم-كېچەك، يۈك-تاقلىرىنى سۇغا تاشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى دەريادا غەرق بولۇپ تۈگەشتى. يەنە بەزىسى سالامەت قالغان بولسىمۇ تەرەپ-تەرەپكە يوقالدى. بۇ ئىككىسى بىر دانە قېيىقنىڭ ئۈستىدە قالدى. مۇدىرنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى خارابلىششقا باشلىدى. لېكىن مۇقبىل ئىبادەتنى توختاتماي تەڭرىنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ تۇراتتى. دەريادا شۇ قەدەر كۆپ بالايىئاپەتلەر بىر ھەسسە، مۇدىرنىڭ يامانلىقلىرى بىر ھەسسە ئىدى. شۇنداقتىمۇ مۇقبىل دۇئادىن قالمىدى. ئاخىر ئۇنىڭ دۇئاسى مەقبۇل بولۇپ، خەۋپ-خەتەرلەر توختىدى. بوران ئاستا-ئاستا توختاپ، دەريا تىنچلاندى. بۇ ئىككىيلەن چۈشكەن قېيىقمۇ دەريادا يۈرۈشكە باشلىدى. دەريانىڭ خەۋپ-خەتەرلىرى ئىچىدە ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن مۇقبىل تەڭرىتائالاغا ئۆزىنى تاپشۇرغانىدى. ئۇ ئاشۇ

ئەسنادا قارىغاندى، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ رەڭگى يېشىل رەڭلىك ئاسماندەك، شەكلىمۇ پەلەك گۈمبىزىدەك ئىدى. ھايال ئۆتمەيلا شۇ تەرەپتىن بىر شامال ئەستى. ئۇ شامال سەندەل كەبى خۇش پۇراق، ئەيسا نەپسىدەك يېقىملىق ئىدى. بۇ شامال مۇقبىلنىڭ پەرسۇدە بولغان دىماغلىرىغا ئارام بەردى. مۇقبىل دەرھال تەڭرىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ سەجدە قىلغاندىن كېيىن قېيىقىنى شۇ تەرەپكە سۈرۈپ ھەيدىدى. بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. قارىسا ئۇ بىر كاتتا دەرەخ ئىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ رەڭگى ۋە ئېگىزلىكى ئاسمان مەسەللىك ئىدى. دەرەخنىڭ غول ۋە شاخلىرى سەندەل ئىدى. ياپراقلىرى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. ھەركىم ئۇ ياپراقلارغا قارىسا، بەختى ئېچىلاتتى. بۇ دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى كۆككە يەتكەن بولۇپ، سايىسى پۈتكۈل دەريا يۈزىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇ سايىدە ئولتۇرغان كىشى سەندەل پۇراقلىرىدىن قانغۇچە ھوزۇرلىناتتى. ئۇ دەرەخنىڭ غولىدا يەنە ئىشكاپ شەكلىدە ئاجايىپ چوڭ بىر كاۋاك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر بۇلاق توختىماي بۇلدۇقلاپ ئېقىپ، شورلۇق دەرياغا قۇيۇلاتتى، بۇلاقنىڭ سۈيى شۇ قەدەر ساپ ئىدىكى، خۇددى سىمابتەك يالتىراپ تۇراتتى. سۇنىڭ ئاققان چاغدىكى شوخ ۋە يېقىملىق ساداسى گويا دەريادىكى كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئازاب-ئوقۇبەت گۆھەرلىرىگە كان بولغان بۇ ئىككى ھەمراھ دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردە بىردەم ئارام ئالماقچى بولۇشتى. ئۇ دەرەخنىڭ بىر تال يىلتىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇقبىل دەريادىن چىقىپ، قېيىقنىڭ يېپىنى شۇ يىلتىزغا باغلىدى. ئاندىن دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ، بۇلاق بېشىدا ئولتۇردى. مۇقبىلنىڭ ئۇ يەردە تاشتىن ياسالغان بىر لەۋھەگە كۆزى چۈشتى. بۇ لەۋھەگە خەت يېزىلغانىدى. مۇدبىرمۇ چاققانلىق بىلەن قېيىقتىن چىقىپ، بۇلاق سۈيىنى ئىچىشكە ئىنتىزار بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلدى. لېكىن بۇ



ئىككىيلەننىڭ تاشتىكى ھۆسن خەت بىلەن يېزىلغان گۈزەل ئىبارىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇلار ئوقۇغانىدى، لەۋھەدە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىۋالدى: «بۇ جايغا كەلگەن كىشى ئاجايىپ ئىشلارنى تاماشا قىلغۇسىدۇر. چۈنكى بۇ يەر سىيمىيا ئىلمى بىلەن پەيدا قىلىنغان بىر تىلسىمات بولۇپ، گۈزەللىكتە كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئەسلىدە يوق، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەمەلىيەتتە يالغاندۇر. بۇ جاينى 〈سەندەلى سىيمىيا〉 دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ جاينىڭ ئاجايىپ-غارايىباتلىرى كىشىلەرنىڭ ئەقىل ۋە خىياللىرىدىنمۇ كۆپ ئارتۇقتۇر. ھەرقانداق كىشى بۇ جايغا كەلسە ئۇنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىشكە ئىنتىلىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن كىشىدە شۇ ھامان ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دېگەندەك ئەھۋاللار قالمايدۇ. راستچىل كىشىنىڭ بىر ئايغىچىلىك يېمەك-ئىچمەككە ھاجىتى چۈشمەيدۇ ۋە شاد-خۇراملىققا ئېرىشىدۇ. لېكىن يالغانچىنىڭ ئۈچ كۈن ئۆتۈشى بىلەنلا يېمەك-ئىچمەككە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن كىشىنىڭ تىلىغا بىر قېتىم يالغان سۆز كېلىپ قالسا، ئۇ كىشى شۇ ھامان قارنى يېرىلىپ ئۆلىدۇ. بۇ سۇغا چۆمۈلۈپ غۇسۇل-تەرەت قىلسا مۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ: ئەگەر بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدە يالغانچى ئادەملەر غۇسۇل قىلسا، ئۇنىڭ بەدىنى كۆيۈپ پىشىپ قالىدۇ، ئەگەر راستچىل كىشىلەر غۇسۇل قىلىپ يۇيۇنسا، بۇ بۇلاق ئۇ كىشىگە ئابىھايات بۇلىقىنىڭ خاسىيەتلىرىنى بەخش ئېتىدۇ. يۇيۇنۇش ۋاقتىدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قۇلاق، بۇرنىنى تۇتۇپ سۇغا شۇڭغۇسا، بېشىنى چىقارغاندىن كېيىن ئۇ كىشى شۇنداق ئاجايىپ-غارايىباتلارنى كۆرىدۇكى، بۇنداق ئەپسانىنى تىل بىلەن بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن بىرىنچى قېتىم شۇڭغۇپ چىققاندا كۆرگەن ئەھۋاللارنى يەنە بىر شۇڭغۇسا كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەر كىشى ئىككىنچى قېتىم شۇڭغۇماقچى بولسا، بۇ سۇ پەسىيىپ، يەر بىلەن تەڭ بولۇپ تۇرىدۇ.»

ئىككىسى بۇ خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن يالغانچى مۇدبىرغا

بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن بىر-ئىككى يۇتۇم ئىچىش ھەۋىسى غالىب كەلدى. مۇدبىر مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يالغانچىلىق ۋە بىھۇدە سۆزلەش ئىللەتلىرىدىن خالاس بولماقچى بولدى. گەرچە ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى بۇ خىل خۇي-مىجەزنىڭ يوقلىشى ئېھتىمالدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ يامانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تىلىدىن: «ھازىردىن باشلاپ يالغانچىلىقنى تاشلىدىم» دېگەن سۆز ئاشكارا بولدى. «قاچانكى تاشلىيالىسام ئۆلۈمنى قوبۇل قىلارمەن» دېدى ئۇ ئارقىدىنلا يەنە. مۇدبىر شۇنىڭدىن كېيىن بۇلاق سۈيىدىن ئىچتى. مۇقبىل تەرەت ئېلىپ، تەكرىگە تەشەككۇرلار ئېيتتى. ئاندىن بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتۇلدى. مۇدبىر ئۆزىنىڭ كىر قاپلىغان جىسمىنى پاكىزلەش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدى. سۇغا كىرمەكچى بولۇپ قولىنى سۇغا تىقىپ باققانىدى، قولى كۆيۈپ قالدى. قارىسا سۇ قايناپ، ھور چىقىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن مۇقبىل بېلىگە لۆڭگە باغلاپ، سۇغا كىرىپ، خۇددى دەريادا چۆمۈلگەندەك بەھۇزۇر چۆمۈلدى. مۇدبىر سۇ ياقىسىدا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. مۇقبىل سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىغانىدى، ئۆزىنىڭ بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ بۇلاق سۈيى يىغىلىپ بىر كۆل ھاسىل قىلغانىدى. كۆلگە سۈپسۈزۈك، بۇلاق سۈيى لىپمۇلىق تولغانىدى. كۆل سۈيى قۇياش نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ، قىزىل سەندەلنىڭ رەڭگىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. كۆلنىڭ چۆرىسى خۇددى ئىرەم بېغىدەك گۈزەل ۋە خۇش ھاۋا گۈلشەن ئىدى. گۈلشەن ئالدىدا گويا ھەرەمدەك ئالىي بىر ئىمارەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مۇقبىل بۇنى كۆرۈپ كۆلدىن چىقىش ئۈچۈن ئاياغ بېسىشىغا ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈمۈش بەدەنلىك گۈلچېھرىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار مۇقبىلنى كۆرۈپ دەرھال خىزمىتىگە كەلدى. مۇقبىلنىڭ بەدەنلىرىنى يېپەكتىن توقۇلغان نەپىس لۆڭگىلەر بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتتى. ئۇ گۈل يۈزلۈك پەرىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى سەندەلدەك خۇش بۇي ھىدلارنى تارقىتاتتى. ئۇلار مۇقبىلغىمۇ



سەندەل پۇراقلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، بېشىغا سەندەل بۇيلۇق دەستار ئورىدى. مۇقبىلنى ياساندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قولىدىن تۇتۇپ يېتىلىگەن پېتى سەندەلدىن ياسالغان بىر قەسىرگە باشلىدى. ئۇ قەسىرنىڭ خۇش پۇراقلىرى مۇقبىلنىڭ روھىي كەيپىياتىنى شۇنداق قىزىتتىكى، بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كېلىپ قارىغانىدى، ئۆزىنى باشقىچە بىر دۇنيادا كۆردى. بۇ ئاشۇ تەرىقىدە گاھ ھوشسىز، گاھ ھوشىغا كېلىپ دېگەندەك ئاخىر قەسىر ئىچىگە كىردى. قەسىر ئىچىدە بىر ئالىي راۋاق بىنا قىلىنغانىدى. ئۇ راۋاق كىشىگە گوياكى ھاياتلىق قەسىرىدەك شادلىق بېغىشلايتتى. راۋاقنىڭ تام-تورۇسلىرى، ئىشىك ۋە سەھنىلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي سەندەلدىن پۈتكەنىدى. ئۇ راۋاقنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن كىشى گاھ ئەقىل-ھوشىنى يوقاتسا، گاھ ھوشىغا كېلەتتى. راۋاقنىڭ ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەپ بېزەلگەن بىر تەخت تۇراتتى. تەختنىڭ ئۈستىدە شۇنداق ئاجايىپ بىر سەنەم ئولتۇراتتىكى، ھۆسن-جامالدا ئۇنداق كامالەتكە يەتكەن بىرەر جانلىق ئىنس-جىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى پۈتۈنلەي نۇردىن ئاپىرىدە بولغانىدى. چېھرىدىن ئالەم خەلقىگە قۇۋۋەت يېتەتتى. ئۇنىڭ يۈزى بولسا، پۈتكۈل ئالەم ئەھلىنىڭ ۋە بارلىق پەرىشتىلەرنىڭ تەلمۈرۈپ قارايدىغان نۇرلۇق قۇياشى ئىدى. قەددى-قامىتىمۇ پۈتۈنلەي نۇردىن پۈتكەن بولۇپ، جەننەت بېغىدا ئۆسكەن سەرۋى دەرىخىدەك گۈزەل ھەم يۇمران ئىدى. ۋۇجۇدىدا تۆت ئۇنسۇردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. پۈتكۈل گۈزەللىك ئۇنىڭ جىسمىدا جەم بولغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق گۈزەللىكى پۈتۈن خالايىق ئۈچۈن بىر ئاپەت ئىدى. ئۇ پەرىنىڭ ئەتراپىدا يۈز نەپەر خۇش چىراي كېنىزەك خۇددى ئاي ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك جىلۋىلىنىپ، خىزمەتكە تەييار تۇراتتى.

مۇقبىلنىڭ كۆزى دىلبەرگە چۈشۈشى بىلەنلا، ھوشى بېشىدىن

ئۈچتى. جىسمىدا قاندىن ئەسەر قالمىدى. سارغايغان ھالدا يەرگە يىقىلىپ، ھالىدىن كەتتى. ئۇ سەنەم مۇقبىلغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ گۈزەلنىڭ خۇش بۇي پۇراقلىرى تەسىرى بىلەن مۇقبىل ھوشىغا كەلدى. لېكىن ئۇ پەرىگە كۆزى چۈشۈش بىلەنلا يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەقىل-ئىدراك ۋە سەزگۈ-تەپەككۇر دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يوقالدى. مۇقبىل گاھ ھوشىغا كەلسە، گاھ خۇدىنى يوقىتاتتى. ئۇ ھۆر سۆيەت جانان مۇقبىلغا چەكسىز ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنى تولۇق كۆرۈۋېلىشقا ئىمكان بەردى. بۇ ئارقىلىق مۇقبىلنىڭ پاراكەندە بولغان كۆڭلى بىر جايغا قارار تېپىپ، ئىنتىزارلىق ئوتلىرى سەل پەسەيدى. ئۇ ھۆر شۇ تەرىقىدە مۇقبىلغا بارغانچە يېقىنلىشىپ، ئۈلپەتلەرچە مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان ئولتۇردى. مۇقبىلنىڭ ئىشتىياق ئوتلىرى بارغانسىرى كۈچەيدى، بۇ ئوت ئۇنىڭ باشلىرىدىن شولا ئۇرۇپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ پۈتكۈل سەۋر-قارارىدىن ۋە ئەرك-ئىختىيارىدىن ئايرىلىپ قالدى. بىتاقەتلىك بىلەن كۆكسىنى يىرىشقا، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاك قىلىشقا ئاز قالدى. بۇنى سەزگەن ئاي يۈزلۈك پەرى مۇقبىلنىڭ قولىنى تۇتۇپ، يەردىن قوپاردى-دە، يېتىلگەن پېتى تەخت ئۈستىگە ئېلىپ باردى. مۇقبىل يەر سۆيۈپ تۇرۇپ:

— بۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا مېنىڭ ھەددىم ئەمەس، — دېدى.

ئۇ گۈزەل مۇقبىلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي تەخت ئۈستىدە بىللە ئولتۇردى. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ھەر خىل تائاملار ۋە شېرىن شەربەتلەردىن قانغۇدەك يەپ-ئىچىشتى. بۇ غىزالار خۇددى جەننەت نېمىتىنىڭ دەل ئۆزىدەك تۇراتتى. ئۇلار بۇ نازۇنېمەتلەردىن لەززەتلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بەزمە ئىچىگە شاراب جاملىرىنى تەييار قىلدى. ئۇ پەرىگە سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك بىر شىرەنى قويۇپ، ئۈستىدە شاراب شېشىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. يېنىدا شاراب كوزىسىنى قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن سەندەل ھىدى كېلىپ تۇراتتى. كېنىزەكلەر ئارىسىدىن بىر گۈلچېھرە قوپۇپ، بۇ سەندەل پۇراقلىرى بىلەن تولغان بەزمىگە ئەتىر ھىدلىرىنى تاراتقان ھالدا، شاراب جامىنى قولىغا ئالدى. مەينى قۇيۇپ تەخت تەرەپكە ئېلىپ كەلدى-دە، ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلگە تۇتتى. ئۇ پەرى مەي جامىنى ئېلىپ، بىر-ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن خوجا مۇقبىلغا تۇتتى. خوجا مۇقبىل بۇنى كۆرۈپ ئۆزىدىن كەتتى ۋە جامنى قولىغا ئېلىپلا بىخۇدلارچە سىپقىرىپ ئىچتى. مەي ئىچىش شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە نۆۋەت ئايلاندى. شادلىق چۇقانلىرى پەلەككە يەتتى. مەينىڭ ھارارىتى بىلەن خوجا مۇقبىلنىڭ نېرۋىلىرى قىزىپ كەتتى. ئۇ سورۇن ئىچىدىكى شەرمى-ھايا پەردىلىرىنى ھەدەپ كۆزگە ئىلمىغىلى تۇردى. ئۇ ئاي يۈزلۈك قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ھايا چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتتى. خوجا مۇقبىل بارا-بارا ئۆزىنى تۇتالماستىن، ئۇ گۈزەلنى كۆزىگە ئىلماي، بىھايالارچە سۆزلەشكە باشلىدى. خۇددى ساراڭ ئادەمدەك ھەرخىل-ھەرقىسما سۆزلەرنى ۋە تەمەخورلارچە قىلىق-ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇ گۈزەل مۇلايىملىق بىلەن ئۇنى ئالداپ، قولىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. خوجا مۇقبىلنىڭ ھېچ تاقىتى قالمىدى. نەپسى نېرۋىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، پۈتۈن جىسمىغا ئوت سالدى.

— رەھىم قىلىپ دەردىمگە داۋا قىلغىن، ۋىسالىڭ بىلەن مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلغىن، — دېدى مۇقبىل تەقەززالىق بىلەن يالۋۇرۇپ.

ئۇ پەرى شېكەردەك تاتلىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— بۈگۈن مۇشۇنچىلىك ئىشلارغا خۇشال بولغىن، — دېدى.

خوجا مۇقبىل نەپسىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. ئۇ پەرىنى بىھوشلارچە بىر خىل تەلۋىلىك بىلەن يېقىن تارتىپ:

— مېنى چەكسىز قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ، — دېدى.

— بۈگۈن شۇنچە مەي ئىچىشىپتىمىز، — دېدى ئۇ ئاي يۈزلۈك، — مەيىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەقىل-ھوشىمىزدىنمۇ كېتىپ قاپتۇق. ئەتە بىر ئاز ھوشىمىزنى تېپىپ، شاھانە توي-مەرىكىنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى. ئاندىن ياخشى مەسلىھەت بىلەن نىكاھ ئوقۇتۇپ ئىشنى تۈگىتەيلى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىزگە بىر ھۇجرىدا بولۇش نېسىپ بولغاي. ھالال ئىش مۇيەسسەر بولىدىغان بولغاندىكىن، ھارام ئىشقا قول ئۇزاتما. مۇنداق سورۇندا نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەردە بولمىغىن، نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىھۇدە ئىش قىلما، پاكلىق ۋە ھاياپەردىلىرىنى بۇلغىما.

خوجا مۇقبىلغا بۇ سۆزلەر تەسىر قىلمىدى. ئۇ سەۋدايىلارچە ھەرىكەت ۋە ساراڭلارچە قىلىقلارنى قىلاتتى. تىرىشىپ، تىرمىشىپ ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولاتتى.

— ھەرقانچە قىلغىنىڭ بىلەن بۈگۈن مەقسىتىڭگە يېتەلمەيسەن، — دېدى ئۇ گۈزەل، — ئەگەر ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمىساڭ مېنىڭ بىر گۈزەل كېنىزىكىم بار. شۇنى بۈگۈنچە ساڭا نىكاھ ئوقۇتۇپ، قوشۇپ قوياي.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇقبىل جىمىپ قالدى. ئۇ پەرى ئۆزىنىڭ بىر كېنىزىكىنى مۇقبىلغا نىكاھلاپ، قوشۇپ قويدى.

ۋاقتىكى، بۇ زەڭگەر رەڭ ئاسمان ئۆز چېھرىدىن تۈن پەردىسىنى كۆتۈرۈپ، سۈبھى يۈزىنى ئاشكارا قىلدى. تاڭ ھاۋاسى جاھانغا سەندەل ھىدلىرىنى تاراتتى. بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەك ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغان قۇياش ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ، يەر يۈزىگە شولا تۆكتى. خوجا مۇقبىلمۇ ئويغاندى. ئاخشام يۈز بەرگەن ھېكايىلەر ئۇنىڭ يادىغا يېتىپ، قاتتىق خىجىل بولدى. كۆڭلى قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە قالدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر يۇيۇنۇۋېلىشنى ئويلاپ، كۆل تەرەپكە كەلدى. سەندەل رەڭلىك پۇتىنى بىلىگە باغلاپ، كۆلگە كىردى-دە، سۇغا شۇڭغۇدى. ئۇ بېشىنى چىقارغانىدى، ئۆزىنى تامامەن باشقىچە بىر ھالدا سەزدى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزى كۆرگەن



يوغان دەرەخنىڭ كاۋىكىدىكى بۇلاقتىن بېشىنى چىقارغانىدى، ھەيران بولۇپ ھەر تەرەپكە قارىدى. ئۆزىنىڭ يۈك-تاق، كىيىم-كېچەكلىرى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپتۇ. يەنە بىرقانچە قېتىم شۇڭغۇپ باققانىدى، يەنىلا شۇ بۇلاقتىن بېشىنى چىقاردى. مۇقبىل بۇ ئىشقا ھەيران ۋە بىتاقەت بولدى. بۇنداق ئەھۋالغا ھېچكىم دۇچ كەلمىگەن بولغىيتتى. چۈنكى بىر تەرەپتىن يول رەنجى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوسال ھەمراھىنىڭ دەردى-بالاسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھىيلىگەر پەلەكنىڭ غەلىتە ئويۇن-چاقچىقى ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى. «بۇ ۋەقە-ھادىسىلەرنى دەريا سۈيى غەرق قىلىۋەتمىگىنە» دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە. ئۇ ئۆز بەختىنىڭ قارىلىقى، تەلىيىنىڭ تەتۈرلۈكى تۈپەيلىدىن مۇرادىغا يېتەلمەي، بەلكى ئۆلەر ھالغا يەتتى. بۇ ئىشلاردىن قاتتىق دەرد ۋە ھەسرەت ئىچىدە قالغان خوجا مۇقبىل قانچە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى چېكىپ ئاختۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى كۆرگەن ئۇ ئىشلاردىن قىلچە ئىز-دېرەك تاپالمىدى. ئۇ ئاخىر يەنە بۇ بۇلاقنىڭ ئەھۋالى پۈتۈلگەن تاشقا نەزەر سالدى. تاشنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە مۇنداق سۆزلەر پۈتۈلگەنىدى: «ھەر كىم بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ سۇغا كىرسە، يۈزلىگەن ۋەقەلەرنى كۆرىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن بۇ يەردىن دەرھال كېتىشى كېرەك. ئەگەر بىردەم تۇرۇپ قالسا، بىر دىۋە كېلىپ، ئۇ كىشىنى ھالاك قىلىدۇ.» بۇنى كۆرگەن مۇقبىل كۆڭلىدە: «بۇنداق ياشىغاندىن كۆرە، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، دىۋە قولىدا ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە بىردەم ئويلىغاندىن كېيىن جانىنى ئەزىز بىلىپ، ئىلاجىسىز ھالدا بۇ ئاپەتلىك جايدىن كېتىش قارارىغا كەلدى. مۇقبىل قېيىقنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىپ يېنىشقا تەرەددۇت قىلدى. مۇدبىر ئۇنى كۆرۈپ، مۇقبىلنىڭ ھال-ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى. قانچە چارە-تەدبىرلەرنى ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، مۇقبىل ئۆزىنىڭ سىرىنى مۇتلەق ئاشكارىلىغىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار قېيىق ئىچىدە ئارام ئالغاچ، قېيىقنى

ئالدىغا قاراپ سىلجىتتى. ناتىۋان مۇقبىلنىڭ ئىچىگە ھىجران ئوتلىرى تۇتىشىپ، بارغانسېرى زەئىپلىشىپ كەتتى. مۇدبىر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن گەپ سورىسا، زادى جاۋاب بەرمەيتتى، ئۆز غەملىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى دېمەيتتى.

— ھەي دوستۇم، بۇ ئىشنى مەندىن سورىمىغىن، — دەيتتى ئۇ مۇدبىرغا، — سورىغان بىلەنمۇ مەن ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، مەن زادى ئۆزۈمنى تۇتالمايۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ خىل يامان ئەھۋالىمدىن ساڭا مالاللىق يەتسە، مېنى ئەپۇ قىلىپ، سەۋەبىنى سورىمىغىن، چۈنكى مەن سېنىڭ بۇ ئەھۋاللارنى سورىشىڭدىن بەكمۇ خىجالەتتە قالىمەن. گەرچە مېنىڭ بۇ بىخۇدلۇقلىرىم سېنىڭ ئارامىڭنى بۇزسىمۇ، لېكىن سەن بىر مەزگىل كەچۈرگىن. مېنى بىر پەس ئۆز ئەھۋالىمغا قويۇپ بەرگىن. مېنىڭ ھوشسىزلارچە قىلىق-ھەرىكەتلىرىم سېنى بىئارام قىلسىمۇ، لېكىن سەن مېنىڭ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ئايىغىن، ئەگەر بەختىمىز ئوڭدىن كېلىپ، مۇرادىمىز ھاسىل بولسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەريا قىرغىقىغىمۇ چىقىپ قالارمىز. شۇ چاغدا خوشلىشىپ كۆڭلۈڭنى ئالارمەن، قولۇڭنى سۆيۈپ ۋىدالىشارمەن. ئىككىمىز ئامان-ئېسەن ئايرىلارمىز.

مۇقبىل شۇ سۆزلەرنى دېدى-دە، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، كۆز يۇمماستىن ياش تۆكتى. ئۇ قېيىق ئۈستىدە ئۈن سېلىپ نالە-پىغانلار قىلاتتى. ئۇنىڭ نالە-زارىدىن دەرياغا لەرزە چۈشۈپ، دەريا سۈيى دەھشەتلىك دولقۇن ۋە ھەيۋەتلىك قايناملارنى ھاسىل قىلدى. مۇدبىر كۆڭلىدە: «بۇنىڭغا ئاشۇ بۇلاق ئىچىدە بىرەر دىۋە-پەرى ياكى جىن-شاياتۇن ئۇچراپ قېلىپ، ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى.

شۇ ئەسنادا ئالدى تەرەپتىن بىر چوڭ كېمە كۆرۈندى. شامال سەل كۈچەيگەچكە، بۇ ئىككىيلەننىڭ قېيىقى ئۇ كېمىگە ياندىشتى. كېمە ئۈستىدە بىرەرمۇ ھايات كىشى يوق ئىدى. پەقەت ئۆلگىنىگە ئۇزۇن بولغان جەسەتلەرنىلا ئۇچرىتىشقا بولاتتى. كېمىدە



يەنە سەندەل ياغىچى مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا ناھايىتى كۆپ يۈك-تاق بار ئىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ۋەقە ئەسلىدە مۇنداق پەيدا بولغانىدى: خاۋەر شەھىرىدە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ پەرى سۈپەت بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ قىز گۈزەللىكتە گويا شەرق قۇياشىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ قىز شاھنىڭ ھاياتلىق زىننىتى، ياق بەلكى كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئىدى. بىراق ئۇ باش ئاغرىقى كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قالغانىدى. ئۆمرى ئاغرىق ئەلەملىرى بىلەن قاقشاپ ئۆتەتتى. ھۆكۈمالار قىزنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېسىلىگە سەندەلدىن باشقا داۋا تاپالمىدى. سەندەلنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلىپ، باش ئاغرىقىنى يوقىتاتتى. شۇڭا، پادىشاھ سەندەلنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ، چوڭ بىر قەسىر بىنا قىلدۇردى. ئۇ قەسىرنىڭ بارلىق ئۈسكۈنە، ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى سەندەل ياغىچىدىن ياسالدى. ئۇ قەسىر ئېگىزلىكتە بۇ يۈكسەك ئاسمان قەسرى بىلەن بەسلەشكەندى. شاھنىڭ قىزى شۇ قەسىرگە ئورۇنلاشتى. قەسىر قىزنىڭ باش ئاغرىقىغا داۋا بولدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن ئالەمگە تارالدى. بۇنى ئاڭلاپ، سودىگەرلەرنىڭ كۆڭۈللىرى سۆيۈنۈپ كەتتى، ئۇلار خاۋەر پادىشاھىغا سەندەل سېتىپ، پايدا ئېلىش پىلانىنى تۈزۈشۈپ، ھەممىسى ھىندىستان مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشتى. ئۇلار سەندەل ياغاچلىرىنى توشۇپ بۇ قەسىرنى زىننەتلىدى. سودىگەرلەر كېچە-كۈندۈز دېمەستىن مۇشۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتكەندى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەندەل يۈكلەپ قايتقان كېمىلەردىن بىرى دەريادا قاينام ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، نەچچە يىلغىچە قاينام ئىچىدە چۆگىلەپ تۇرۇۋەردى. ئاخىر كېمە ئەھلىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى تۈگەپ، ھەممىسى ھالاك بولدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شامال كۈچىيىپ، دەريا سۈيىنى ۋە كېمىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. شۇڭا كېمە قاينام

ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، بۇ ياققا يېتىپ كەلگەندى.

مۇقبىل بىلەن مۇدبىر بۇ چوڭ كېمىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چىقتى. لېكىن بىچارە مۇقبىل ھىجران ئازابىدىن جان قايغۇسىدا ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر بۇلۇڭغا كىرىپ، نالە-پىغانلار چېكەتتى. مۇدبىر بولسا، كېمىدىكى ئۆلۈكلەرنى سۇغا تاشلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ كېمىدىكى پۈتكۈل مال-مۈلۈك ۋە يۈك-تاقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ، بەلكى كېمىنىمۇ ئۆزىنىڭ بىلىپ، يايراپ كەتتى. لېكىن بۇ ماللار ئۇنى ئەسىر قىلىپ تۈگەشتۈرىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇ يوسۇندا بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن يىراقتىن دەريانىڭ ساھىلى كۆرۈندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار قىرغاققا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر خاۋەر شەھىرىنىڭ تەۋەلىكى ئىدى. شۇ كۈنى خاۋەر شەھىرىنىڭ پادىشاھى دەريا تاماشىسىغا چىققانىدى، ئۇنىڭ كۆزى قىرغاققا قاراپ كېلىۋاتقان كېمىگە چۈشۈپ قالدى.

— ئاۋۇ كېمىدىن بىرەر كىشىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى پادىشاھ مۇلازىملىرىغا، — ئەھۋالنى ئۇقۇشۇپ باقايلى.

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بىر نەچچە كىشى كېلىپ، كېمىنى تەكشۈردى. ئۇلار بىلدىكى، شۇنچە چوڭ كېمىدە پەقەت ئىككىلا ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى خۇشال-شادىمانلىق بىلەن، يەنە بىرى غەم ۋە پەرىشانلىق بىلەن ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ ئىككىيلەنگە شاھنىڭ پەرمانى يەتكۈزۈلدى. مۇدبىر پەرماننى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال شاپاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھ ھۇزۇرىغا ماڭدى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە پادىشاھقا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دۇئا قىلدى. شاھمۇ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

— مەن بولسام بىر سودىگەر ئادەم، — دېدى مۇدبىر شاھنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — مەن ئۇزۇندىن بېرى سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتاتتىم، بۇ قېتىمقى سەپەردە بالا-قازاغا يولۇقۇپ، مۇقبىل ئاتلىق بىر خىزمەتكار قۇلۇمدىن باشقا ھەممە



ئادەملىرىمدىن ئايرىلدىم. ئادەملىرىمنىڭ ھەممىسى دەريا سۈيىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ مانا بۈگۈن بۇ ساھىلغا يېتىپ كەلدىم.

مۇدبىر شۇ قاتارلىق يالغان ئەپسانىلەرنى سۆزلەپ بولۇش بىلەنلا، بەدىنى ئېسىلىپ، ئىششىقا باشلىدى. ئىششىق بارغانسېرى چوڭىيىپ، كىيىملىرى، ئاندىن بەدەن تېرىلىرى ئېتىلىشقا باشلىدى. ئاخىر كۆكى يېرىلىپ ھالاك بولدى. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيرانۇ-ھەس قالدى. چۈنكى ئۇ بۇنداق ئەھۋالنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئاندىن كېيىن مۇقبىل ئېلىپ كېلىندى. شاھ ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلى سۆيۈندى. مۇقبىل شاھ دەرگاھىغا يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا مۇدبىرنىڭ جەسىتىنى يوشۇرۇپ قويدى. مۇقبىل كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭدىن بىر قۇر ئەھۋال سوراش بىلەن بىللە، يەنە مۇدبىردىن سورىغان ئەھۋاللارنىمۇ قايتىدىن ئېنىقلىدى. مۇقبىل يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى شاھقا بىر-بىرلەپ، راستچىللىق بىلەن بايان قىلدى. شاھ مۇقبىلنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن كېمىنى ۋە كېمىدىكى مال-دۇنيانىڭ ھەممىسىنى يىغىپ دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. مۇقبىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھقا ئۇنىڭ چىن سۆزلۈك سەممىي كىشى ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

— بارىكاللا ساڭا، ئەي مۇقبىل، — دېدى پادىشاھ خۇشال بولۇپ، — سەن راستچىللىقتا ھەممە ئادەمدىن پاك ۋە ئەلا ئىكەنسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ سەممىي-سادىقلىقىڭ بىلەن كۆڭلىمىزنى ئۇتۇپ، جېنىمىزنى ئەسىر قىلىۋالدىڭ. بىزدىن كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا تىلىگىن.

مۇقبىل سۆزىنى شاھقا ياخشى دۇئا تىلەكلەر بىلەن باشلىدى:

— ئەي بەختلىك پادىشاھ، مۇبارەك ھەشمىتىڭ ئەبەدىي بەرقارار بولسۇن. مەن پەقەت ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە بەخت-سائادەت تىلەيمەن. ئەگەر مەندەك بىر قۇلۇڭنى ئازاد كىشلەر

قاتاردا كۆرسەك، يات كۆرمسەك، ساڭا كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلغايمەن.

پادشاھقا مۇقبىلنىڭ بۇنداق يېقىملىق سۆزلىرى، خۇش خۇيلۇقى ۋە مۇلايىملىقى تېخىمۇ يېقىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «باشقا كىشىلەردە مۇنداق خۇي-مىجەز ۋە پەزىلەتنى تېپىش تەس» دېگەنلەرنى ئويلىدى. مۇقبىلنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى ۋە نۇرلۇق چېھرىلىرى شاھنىڭ كۆڭلىدە مېھىر-مۇھەببەت پەيدا قىلدى. شاھ ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. مۇقبىلمۇ شاھنىڭ ھەرقانداق ئەمر-پەرمانى بولسا، جان-دىل بىلەن بەجا كەلتۈردى. مۇقبىل شاھنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى بېجىرگەنلىكى ئۈچۈن، شاھ ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ بېكىتتى ۋە دائىم يېنىدىن يىراقلاشتۇرمايدىغان بولدى. بارا-بارا ئۇنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتىدىن شاھنىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى ئۆرلەپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا ھۇمايۇن قۇشى سايە سالغانىدى. شاھ ئۇنى ئۆزىگە پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلدى. مۇقبىل ئۆزىرە ئېيتىپ ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا بىر سەنەم تەرىپىدىن ئەسىر قىلىۋېلىنغانىدى. ھوش-كاللىسى پەقەت ئاشۇ سىرلىق بۇلاق ئىچىدە كۆرگەن گۈزەلدە ئىدى. لېكىن شاھ ئۇنى ئىختىيارىغا قويماستىن، بارلىق يوشۇرۇن خەزىنىلىرىنى ئاشكارا قىلىپ، توي ئۈچۈن خەج-خىراجەت قىلدى. ئاندىن ئۆز قىزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى. خوجا مۇقبىلغا سەندەلدەك خۇش پۇراق كىيىملەرنى كىيگۈزدى. بۇ كىيىملەر ئىلگىرى تىلسىماتلىق بۇلاق ئىچىدىكى پەرى قىز كىيگۈزگەن كىيىملەرگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. شۇڭا مۇقبىلنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى. كېيىن مۇقبىلغا گۈزەلنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى قىزنىڭ سەندەل قەسرىگە باشلاپ كىردى. مۇقبىل بۇ يەردە ئاجايىپ ئىشلارنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلگىرى كۆرگەن قەسىردەك كاتتا بىر قەسىر نامايان بولۇپ تۇراتتى. بۇ قەسىرنىڭ تام-تورۇسلىرى، ئىشىك-بوسۇغىلىرى، تەخت ۋە باشقا جاھازلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى كۆرگەن قەسىر



بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولغان خوجا مۇقبىل قەسىرنىڭ تۆرىگە نەزەر سالغانىدى، تېخىمۇ ئاجايىپ ئىشنى كۆردى. ئۆزىگە نىكاھلانغان بۇ قىزمۇ خۇددى دەريا ئىچىدىكى «سەندەلى سىيمىيا» تىلسىمىدا كۆرگەن قىزنىڭ دەل ئۆزىدەكلا ئىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى مۇقبىلنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. مۇقبىل ئاھ-پىغانلار چېكىپ يىقىلدى، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالدى. ئۇ گاھ خۇدىنى يوقاتسا، گاھى ھوشىغا كېلەتتى. گاھى ئوتلۇق ناللەر قىلاتتى. ئۇنىڭ دىمىغىغا سەندەل ئىسلىرىنى پۇراتقاندىن كېيىن ئاخىر ھوشىغا كەلدى، كۆزىنى ئاچتى. بۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلمۇ خوجا مۇقبىلغا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. بارغانسېرى ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۇلپەتلەرچە يېقىنلىشىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پاراكەندە كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. مۇقبىلنىڭ كۆڭلى بۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ۋىسالىدىن مۇراد تاپتى. لېكىن، ھەيرانلىق تۇيغۇسىدىن تىلى گەپكە كەلمىدى.

بىر كۈنى ئۇ مۇبارەك چېھرىلىك پەرى خوجا مۇقبىلدىن:

— سىز نېمە سەۋەبتىن بۇنچىۋالا ھەيران قالىسىز؟ جاۋابىڭىزنى ئاڭلاشقا بەكمۇ تەشنا مەن، — دەپ سورىدى.

مۇقبىل راستىنى ئېيتىشتىن باشقا گەپ تاپالمىدى. كۆرگەنلىرىنى كەم قىلماستىن تولۇق بايان قىلىپ بەردى. مۇقبىلنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى دەريا ئىچىدىكى دەرەخ ۋە ئۇنىڭ كاۋىكىدىن چىقىدىغان بۇلاقنىڭ ۋەقەلىرى، سەندەل قەسرى بىلەن سىيمىيا تىلسىمىنىڭ ماجىرالىرىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەل كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق بىر ئەپسانىنى باشلىدى:

— تەقدىر رەسسامى مېنى گۈزەللىكتە دەۋرانىنىڭ يېگانىسى قىلىپ يارىتىپتۇ. مېنىڭ ھۆسن-جامالىمنىڭ شان-شۆھرىتى پۈتكۈل جاھانغا تارقىلىپ، ئىنسانلار، بەلكى جىن-شاياتۇنلار ئارىسىدىمۇ مەشھۇر بولۇپ كەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جىن پادىشاھى بىزنىڭ قەسىردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ماڭا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ

بلەنلا ئۇ جىن ماڭا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئاللا-تۇۋلىرى پۈتۈن قەسىرنى بىر ئالغىلى تۇردى. ئۇنىڭ سەۋداسى مېنىمۇ ساراڭ قىلىشقا باشلىدى، ئاخىر بۇ ماجىرانى دادامغا ئېيتتىم. دادام بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بىرنەچچە ھۆكۈمانى يېنىمغا چاقىرتتى. يەنە دۆئاخان پېرىخون ئەپسۇنگەر، سېھىرگەرلەرنى يىغىپ كەلتۈرۈپ ئۇرتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. جىنلار شۇنىڭدىن كېيىن بىراقلا يوقالدى. بىراق ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ قانات قاققان شەپىسى، پەرىلەرنىڭ قىچقىرغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، جىن پادىشاھى مېنىڭ ئىشقىمدا سەۋدايى بولۇپ دەريانىڭ ئوتتۇرىدا ئىلمى سىيمىيادىن بىر تىلسىمات ياساپ چىقىپتۇ. ئۇ ئىلمى ھېكمەت ۋە ئىلمى سىيمىيا ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بىر ئالىي قەسىرمىش. ئۇ قەسىرنىڭ چۆرىسىدە سەندەل بىلەن زىننەتلەنگەن بىر گۈلشەن بىنا قىپتۇدەك، قەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەندەلدىن ياسالغان بىر تەختنى قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ سۈرىتىمنى سىزىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. سەن كۆرگەندەك، مېنىڭ بارلىق يۈرۈش-تۇرۇشۇم، ئولتۇرۇپ-قوپۇشۇم، بىسات-سەرەمجانلىرىم، قەسىر-ئىمارەتلىرىم ۋە ھەيۋەت ھەشەمەتلىرىمنى تەسۋىرىي ھالدا ئىشلەپ چىقىپ، بارلىق زىب-زىننەتلىرىمنى نەقىشلەپ ياساپ، ئۇنى ئىلمى سىيمىيا ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ. بۇ يەر قانداق بولسا، ئۇ يەردىمۇ خۇددى شۇنداق ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ. جىن پادىشاھى ئۇنى كۆرۈپ، ئىشقىمدا خەستە بولغان كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزارمىش. سەن ئۇ يەردىكى تىلسىماتقا بېرىپ، مېنىڭ سىيمىيا ئارقىلىق ھەرىكەتلەنگەن سۈرىتىمنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولغانىدىڭ. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تەگرى سېنى مېنىڭ ۋىسالىمغا يەتكۈزدى.

مۇقبىل بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بارلىق مۈشكۈل ئىشلار كۆتۈرۈلۈپ، ئارام تاپتى. ئۇ گۈل يۈزلۈكنىڭ جامالىدىن



شاد-خۇرام بولۇپ، كۆڭۈللىرى يايراپ كەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى سەندەل رەڭلىك لىباسلارنى كىيىپ، سەندەل رەڭ قەسىردە ماكان تۇتۇپ، مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىشتى. ئۇلارنىڭ تەختىراۋىنى خۇش بۇي سەندەل ياغىچىدىن ياسالدى. ئۆمرىنى خۇش خۇيلۇق ۋە تولىمۇ بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئەپسانە بولۇپ جاھانغا تاراپ كەتتى. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم سەندەل پۈرىقىدىن ئىپارغا ئېرىشسە ئۇنى يوشۇرۇش قىيىن.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ ھېكايە سۆزلىگۈچى مۇساپىر ئەپسانىسىنى توگەتتى. شاھ بەھرامۇ سەندەل ھىدلىرىنى تاراتقۇچى تەخت ئۈستىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

## ئازنە (جۈمە) بەھرامنىڭ كاپۇر رەڭلىك ئاق لىباسلارنى كىيىپ، كاپۇرسىمان قەسىرگە كەلگەنلىكى، ئۇ يەردىكى پىل چىشىدىن ياسالغان ئاپئاق تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ، بىللور جامدا كاپۇر كەبى سۈزۈك ۋە خۇش خۇي شارابلارنى سۈمۈرگەنلىكى، بۇنداق كاپۇرچىلىق ئىشلىرىدىن شاھ بەھرامنىڭ ھىجران ئوتلىرى پەسىيىپ، ئۆزىنىڭ ئىپار ھىدلىق كىيىكىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشىق ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھىر-شەپقەت سەھىبلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ئازنە كۈنى سەھەرپەلەك قەسىرنىڭ ئېگىز راۋاقلىرىنى سۇبھى رەڭگىدە ئاقارتتى. بۇ شوخ ئاسمان يۇلتۇز دانلىرىنى ئۇن قىلىپ ئاغزىغا سالدى-دە، ئۆز يۈزىنىمۇ ئاپئاق قىلىۋالدى. سۇبھى بىر چۈشكۈرۈش بىلەنلا ئاغزىدىن چىققان نەپەسلىرىدە شەپەق

ئوتلىرىنى سورۇپ، تۈن توزانلىرىنى ئۈچۈرۈۋەتتى. بۇ سۈبھى ئۈشتىگىرى پەلەكنىڭ تۈنىگە قۇياش سوپۇنىنى سۈرتۈپ يۇيۇپ چىقتى. بەھرامۇ سۈبھىسىمان ئاق تونلارنى كىيىپ نۇرلۇق قۇياشتەك جىلۋىلەندى-دە، ئۆز نۇرى بىلەن ئالەمنى يورۇتۇپ، كاپۇر رەڭلىك قەسىرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە چىن سەنىمىدەك بىر گۈزەل قىز نەپىس ئاق لىباسلارنى كىيىپ، ئۆزىنى زىنىنەتلەپ، شاھنىڭ يېنىدا، پىل چىشىدىن ياسالغان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى-ئۇلار ئىشرەت ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئاق ئەسلىھەلەرنى كەلتۈرۈپ، بەزمە راستلىدى. بۇ بەزمىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاق كىيىم كىيدۈرۈلدى. بەزمە باشلاندى. ئۇ گۈل يۈزلۈك قىز كاپۇر رەڭلىك چىنە قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، ساقىي بولۇپ شاراب قۇيۇشقا باشلىدى. بەزمە ئاخشامغىچە داۋام قىلدى. شاھ بەھرام بۈگۈن ھەر كۈندىكىدىن زىيادە ئىچىۋەتتى. كەچ كىردى، قۇياش ئۆز نۇرىنى ئالەمدىن يوشۇردى. ئاسمان گۈمبىزى ئۈستىگە چىقىپ كاپۇر چاچتى. شاھ بەھرامۇ ئۇيقۇ ھالاۋىتىنى كۆزلەپ، ئاق ئۆي ئىچىگە ئورۇن سالدۇردى. بۈگۈن ئەپسانە سۆزلەشكە شۇنداق بىر ناتىق كىشى تەكلىپ قىلىنغانىدىكى، ئۇ سۆزمەنلىكتە دەۋرنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۇ شاھقا سالام بەرگەندىن كېيىن كۇرسىدا ئولتۇرۇپ دۇئا-تىلاۋەت قىلدى، «ئەي تەڭرىم، شاھنىڭ بۇ ئاق بارگاھىنى پۈتكۈل جاھانغا پاناھ قىلغايسەن» دەپ دۇئانى ئاخىرلاشتۇردى. ئاندىن شاھ بەھرامغا:

— مېنىڭ سۆزلەيدىغىنىم ئۆزۈم كۆرگەن ئەپسانىلەردىن ئىبارەت، — دەپ، ئەپسانىنى باشلىدى.



## يەتتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ ئەپسانىۋازلىقى

ئۇ رىۋايەتچى ئۆز ئەپسانىنى مۇنداق باشلىدى: مەن خارەزىم شەھرىدىنمەن. بۇ تەرەپكە ساياھەت

سەپىرى بىلەن كېلىپ قالغانمەن. ئۆز يۇرتۇمدا ۋاقتىدا سازەندىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتىم. مۇزىكا ئىلمىنى مەنچىلىك بىرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ھەقىقەتتىگە يەتكەن كىشى ئاز بولسا كېرەك. نۇرغۇن خالايىققا مۇزىكىدىن تەلىم بېرىپ، ئۇلارنى بۇ پەندە ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزدۈم، بۇ جەھەتتە جاھان ئۇستازلىرى مېنىڭ شاگىرتلىرىم بولۇپ قالدى.

مەن خارەزىمدە شاگىرتلار بىلەن ئىدىم. توساتتىن ئەل ئىچىدە مۇنداق بىر مۇبارەك خەۋەر تارقالدى: «خارەزىمگە بىر خىتاي سودىگىرى كېلەرمىش. ئۇنىڭ بىلەن بىر ھۆر سۈپەت كېنىزىكمۇ بىللە ئىمىش. ئۇ سودىگەرنىڭ مال-مۈلكى دەريا، كانلاردىن، بەلكى ئەل قىلغان گۇمانلاردىنمۇ كۆپمىش. لېكىن ئۇنىڭ پۇل، مېلىدىن ئاشۇ ئاي يۈزلۈك كېنىزىكىنىڭ ھۆسن-جامالى يۈز ھەسسە زىيادە ئىمىش. ئۇ كېنىزەك شۇنچە گۈزەل ھۆسن-جامالغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە نەغمە-ناۋا ئىلمىدە تەڭداشسىزمىش.» بۇ خەۋەر ئەلنى ئىنتىزار ۋە بىقارار قىلىۋەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن سودىگەر خوجا يېتىپ كەلدى. خارەزىم شەھرىنىڭ خەلقى خوجىنىڭ ئالدىغا ئىستىقبالغا چىقىشتى. خوجىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بايلىقى ۋە سودا ئەشيالىرىنىڭ ھېسابىنى قىياس قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ئەقىل-ئىدراكى يەتمىدى. سودىگەر خوجىنىڭ مال-دۇنياسى ھەقىقەتەنمۇ دېگەندىن زىيادە ئىكەن. ئۇ كىشى شۇ قەدەر مالدار بولۇشتىن سىرت يەنە ئىنتايىن تەقۋادار زات ئىكەن. قارا رەڭلىك جايناماز ئۈستىدە خوجىنىڭ يۈزلىرى نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى خۇددى پەلەك ئىپارى ئۈستىگە كاپۇر سەپكەندەك ھالەتنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ.

سودىگەر خوجا پەردە ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ئۇ كېنىزىكىنى ئۆز قىزىدەك كۆرىدىكەن. ئۇ پەرىشتە سۈپەت قىزغا يەنە ئاي يۈزلۈك سەنەملەردىن بىر نەچچىسى كېچە-كۈندۈز ھەمراھ ئىكەن. ئۇ كېنىزەكنىڭ يۈزلىرى ھەمىشە پەردە ئىچىدە ئىكەن. ئۇنىڭ

كاپۇر رەڭلىك چۈمپەردىسى گويا كى ئاي ۋە قۇياشنى يوشۇرۇپ تۇرغۇچى بۇلۇتقا ئوخشايدىكەن. ئۇ كېنىزەك بىلەن سودىگەر خوجا ۋە بارلىق مۇلازىملىرى خارەزىم شەھىرىنىڭ كەڭرى بىر سەيناسىغا چۈشۈپ بىرقانچە كۈن تۇردى. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇ پەردە نەغمە-ناۋا، بەزمە-مەشرەپ قىزىشقا باشلىدى. ئۇ كۈمۈش بەدەنلىك سەرۋى پەردە ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ساز بىلەن ناخشىنى تەڭكەش قىلىپ شۇنداق مۇڭلۇق سادا چىقىراتتىكى، ئۇ سادادىن خالايىقلارنىڭ جانلىرى تېنىدىن چىقىپ كېتىشكە تەلپۈنەتتى. كىشىلەر پەردە سىرتىدا ئىنتىرىشىپ، جېدەل قىلىشىپ، بۇ مۇڭلۇق ئاۋازلارنى ئاڭلايتتى. بىراق پەردە ئىچىدىكى ئەھۋالدىن بىخەۋەر ئىدى. پەردە ئىچىدىكى كېنىزەكنىڭ چىراي-تۇرقى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى ھېچكىمگە ئاشكارىلانمىدى. ئۇنى كۆرىمىز دېيىشكىمۇ ھېچ كىشىدە قۇدرەت ۋە جۈرئەت يوق ئىدى. ئۇ ئەتىسى-ئاخشىمى مۇقام ياڭراتقىنىدا، خەلق بىخۇدلارچە پەرياد چېكىشەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى نەۋقىرانلارنى ناتىۋان قىلسا، ناتىۋانلارنىڭ جانلىرىغا قەست قىلاتتى. بۇ خۇشناۋادىن ھەر كۈنلۈكى بىر-ئىككى ئادەم پىغان چەككىنچە ھالاك بولۇپ تۇراتتى. خالايىق بۇ خەۋەرنى خارەزىم شاھىغا يەتكۈزۈشتى:

— بىر سودىگەر كېلىپ، بۇ يەردە پەلەك بىلەن بەسلىشىپ ئويۇن قىلغىلى تۇرۇپتۇ، — دېيىشتى ئۇلار پادىشاھقا.

پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن خوجىنىڭ ناھايىتى كاتتا كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، «ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار» دېيىشكە پېتىنالمىدى. پادىشاھقا ئىشق غالىب كەلگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ شاھلىق كىيىمىنى پەقىر-مىسكىنلەرنىڭ كىيىمىگە ئالماشتۇرۇپ، قىزنىڭ خۇشناۋاسىنى ئاڭلاۋاتقان خالايىق ئارىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئاشىق بىقارار بولۇپ يىقىلىپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ ھۆسن-جامالىنى بىلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە ئايال كىشىنى



پەردە ئىچىگە كىرىپ، كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئاياللار كېنىزەككە ھەمدەم بولغان بولۇپ ئەھۋال ئۇققۇشتى. ئۇلار قايتىپ چىققاندىن كېيىن پەردە ئىچىدە يوشۇرۇنغان پەرىنىڭ ھۆسن-جامالىنىڭ چەكسىز گۈزەللىكىنى تەرىپلەشتى. پادىشاھ بۇ تەرىپ، تۆسۈپلەرنى ئاڭلاپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

ئەلقىسسە، شاھنىڭ بۇ ئاشىقلىق قىسسىسى شۇ قەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلدىكى، ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. شاھ ئاخىر ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنى خام خىيال قىلىپ، ئاياللاردىن بىرقانچىسىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— مۇشۇ ئىشنى ئوڭشاڭلار، مۇرادىڭلارغا يەتكۈزەي، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئارىغا دەللاللىققا سالدى. شاھ ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ جۈپتى ۋە خوجىنىڭ پەرزەنتى بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى. لېكىن شاھنىڭ بۇ مەقسىتى ھاسىل بولمىدى. سودىگەر خوجا شاھنىڭ ئادەملىرىگە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— پۇقراپەرۋەر بۇ شاھنىڭ مېنىڭدەك بىر قۇلنى بۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىززەتلىگەنلىكى بەئەينى قارا تۇپراقنى پەلەكتەك يۈكسەك بىلگەنلىكى، بىر زەررىچىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قۇياشتەك بۈيۈك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىلگەنلىكىدۇر. پادىشاھنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ، يول ماڭدۇرۇشقا مېنىڭ ھەددىم ئەمەس ئىدى. بىراق شاھ مېنىڭ مەرتىۋەمنى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئېگىز كۆتۈرەي دېسىمۇ، تەلىيىم بولمىسا، بۇنىڭ پايدىسى يوق. بۇ تەرىپى شاھقىمۇ ئايان. دېمەكچىمەنكى، بۇ ئاي يۈزلۈك سەنەم ياتلىق بولۇشنى زادى ياقتۇرمايدۇ. ھېچقانداق كىشىگە جۈپ بولۇشنى قوبۇل قىلمايدۇ. قۇدرەتلىك تەڭرى ئۇنى ھۆسن-جامالدا يەككە-يېگانە، ئەمما جۈپ بولۇشتىن يىراق ۋە بىگانە قىلىپ يارىتىپتۇ. تەڭرى جاھاندا ئۇنىڭ ئۆمرىنى جۈپلۈك بىلەن ئەمەس، تاق ھالدا ئۆتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭمۇ

ئىرادىسى ناھايىتى قاتتىق. شۇڭا ئۇنىڭ ئىختىيارىنى ھەرقانداق ھۆكۈمران پادىشاھمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرگە قايىل بولمىدى. ئارىدا نۇرغۇن تالاش-تارتىش ۋە غۇلغۇلىلار بولدى. شاھ سودىگەر خوجىنى گاھ تەھدىت بىلەن قورقۇتسا، گاھى مۇلايىملىق بىلەن شىرىن-چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ قايىل قىلماقچى بولاتتى. سودىگەر زادى ماقۇل بولغىلى ئۇنىمىدى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئىشق ئالدىدا يېڭىلىپ ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇڭا ئۇ غەزەپ ۋە زۇلۇم قىلغۇچى تەبىئىتىنى ئاشكارا قىلدى. ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلنى دەرھال ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بىرقانچە ياساۋۇل شاھنىڭ پەرمانى بويىچە خوجىنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ باردى-دە، ئۇ ھۈرنى مەپىسى بىلەن قوشۇپ شاھنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كەلدى. قەسىر ئىچىگە ئەكىرىپ، شاھنىڭ مەخسۇس ھەرەمگە ئورۇنلاشتۇردى. شاھ ھەر خىل بۇزۇق خىياللارنى قىلىپ، ئۇ سەنەم ئورۇنلاشقان ئۆيگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن قىز قولىغا سازىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق مۇقاملىرىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ پۇت-قوللىرى، بەلكى پۈتۈن بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتتى. ئۆزى تۇرغان ئورۇندىن قىمىر قىلالمىدى. ئاندىن بارا-بارا ھالسىزلىنىپ يىقىلدى-دە، ھوشىدىن كەتتى. شاھنىڭ باشقا نۆكەرلىرىمۇ بۇ ئاۋاز قۇلىقىغا يېتىش بىلەنلا ئۇيقۇسىراپ يىقىلدى. شاھ پۈتكۈل خەلقى بىلەن ئويغىنىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا، ئوردا ئىچىدە نە مۇقام ساداسى، نە مۇقامچىدىن ھېچ ئەسەر يوق ئىدى. ئۇلار بۇ شوخ گۈلچېھرەنى يەنە ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ ئاي يۈزلۈك يەنە مۇقام باشلىغانىدى، ھەممىسى كۆزلىرىنى يۇمۇشقان ھالدا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ پەرى سۈپەت يەنە بىخىرامان ھالدا ئۆز مەنزىلگە بېرىپ، پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ئارام ئالدى. شاھ بۇ خىل جىبدەلنى نەچچە قېتىم قىلىپ كۆردى. لېكىن ئۇ ئاي يۈزلۈك بۇنىڭ بەدىلىگە نەغمە-ناۋا بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ،



ئۇلارنى يىقىتتى. ئاخىر پادىشاھقا ئۇ سەنەمنىڭ پاك ۋە قەيسەرلىكى تەسىر قىلىپ، ئۇ ئىشتىن كۆڭلىنى ئۈزدى. مۇلايىملىق بىلەن خوجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يۈزلەرچە تەكەللۇپلار بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ، كەچۈرۈم سورىدى. بەزمە تۈزۈپ، شاراب تۇتۇپ خوجىنى «ئۆز ئاتام» دەپ، ئۆزىنىڭ قۇلىقىنى تۇتتى. ئۇ ئاي پەرىگىمۇ پەردە سىرتىدا تۇرۇپ، كەمتەرلىك ئىزھار قىلغان ھالدا، يەرنى سۆيۈپ، ئەپۇ سورىدى. چەكسىز مېھىر-مۇھەببەتلەرنى ئىزھار قىلىپ، خوجىنى ئاتا تۇتتى. قىزنى «سىڭلىم» دەپ، ھېسابسىز ئىلتىپات ۋە چەكسىز ئېتىقادلارنى نامايىش قىلدى. ئۇ پەرى پادىشاھتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن شۇ دىياردا ئورۇنلاشتى. سودىگەر خوجا بۇ يەردە جەننەت كەبى بىر باغچا ياساپ، ئۇنى زىننەتلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە راۋاقلىرى پەلەكتەك يۈكسەك بىر بۈيۈك قەسىر ياسىدى. قەسىرنىڭ ئىچىگە ئۇ بەخت-سائادەت يۇلتۇزىنىڭ تائەت-ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بىر ھۇجرا ياساپ بەردى. ئاي گۈزەل شۇ ھۇجرا ئىچىدە ھەر كۈنى تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ، تەڭرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ مۇناجات قىلاتتى. لېكىن بۇ ئەھۋالنى ھېچ كىشىگە بىلدۈرمەيتتى، باشقىلارمۇ زادى بىلمەيتتى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا يەنە سازنى قولىغا ئېلىپ، ئىشتىياق قوزغاتقۇچى ۋە جۇدالىقنى ئەسلەتكۈچى مۇڭلۇق ئاۋازلىرى بىلەن ناۋا قىلاتتى. كىشىلەر بۇ سادالارنى ئاڭلاپ، توختىماستىن زار-زار يىغلايتتى. ئۇنىڭ خۇش ناۋاسى بىلەن تاشتەك كۆڭۈللەرمۇ ئېرىپ، شامدەك كۆيەتتى.

كۈندۈز كەچ بولۇش بىلەنلا ئۇ ھۈر يەنە تائەتكە يۈزلىنىپ، ئىستىقامەت قىلاتتى. پەردە سىرتىدىكىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئاھ چېكىش ۋە نالە-پىغان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. پادىشاھمۇ تۇپا-تۇپراق بولغان ھالدا ئۇلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شاھ بۇ غارايىپ نەغمە-ناۋالارنى ئاڭلىغىنىدا، ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئەقىل-ھوشىدىن پۈتۈنلەي بىگانە بولاتتى. سودىگەر خوجا ھەركۈنلۈكى مېھماندارچىلىق داستىخانلىرىنى ئېچىپ، يۈزلىگەن تەكەللۇپلار بىلەن مەردلىك

ۋە ساخاۋەتلەرنى ئىزھار قىلىپ، شاھنى كاتتا-كاتتا زىياپەتلەر بىلەن ئۈزۈتۈپ تۇراتتى. شاھ بىلەن كېنىزەكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاجايىپ پەرزەنت خوجىنىڭ دەسمايىسىگە شۇ يوسۇندا نۇقسان يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

مەنمۇ ئاشۇ شەھەرنىڭ نەغمىچىسى ئىدىم. بەزمىلەردە نەغمە-ناۋا قىلاتتىم. مەئىشەتلىرىم ۋە تىرىكچىلىكىم ساز چېلىش، نەغمە-ناۋا قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ ئاي يۈزلۈك پەرىنىڭ نەغمە سادىسى ئاشكارا بولۇش بىلەنلا، مېنىڭ ھېچ ئېتىبارىم قالمىدى. پادىشاھ باشلىق ھەممە خالايىقنىڭ ماڭا بولغان ئىلتىپات رىشتىلىرى ئۈزۈلدى. تىرىكچىلىكىم ۋە تاپاۋىتىم قىيىنلاشتى. خۇسۇسەن نەغمە-ناۋا ئىشلىرىم بىردىنلا توختاپ قالدى. ئاخىر مەن ئۆز ئىشىمغا شۇنداق ئىلاج قىلدىمكى، كاپۇرنى جېنىمنىڭ بارىچە ئىستېمال قىلىپ، ئۆزۈمدىن ئەرلىك ھارارىتىنى يوق قىلدىم. ئاندىن خوجىنىڭ دەرگاھىغا قەدەم قويدۇم. خوجا ئۇ مەھۋەشنىڭ ھەرىمىگە كىرىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا، يىراقتىن پەرياد قىلدىم. خوجا مېنى چاقىرىپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق نالە-پەرياد چېكىسەن، ساڭا كىمدىن زۇلۇم يەتتى؟ — دەپ سورىدى.

خوجىنىڭ ئۇ ھۆر سۈپەت قىزىمۇ يېنىدا ئولتۇرغانىكەن. مەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

— ماڭا بۇ زۇلۇم سەندىن ۋە سېنىڭ قىزىڭدىن يەتتى، — دېدىم.

— ھەي جاپاكەش بىچارە، — دېدى ئۇلار تەڭلا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — بىزگە تۆھمەت قىلمىغىن. بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزدە ھېچقانداق كىشىگە زۇلۇم قىلىش يوق. سەن يېڭىلىشىپ، بىزنى باشقا كىشىلەرگە ئوخشىتىپ، خاتا گۇمان قىلغان ئوخشايسەن.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم مەن، — ئىككىڭلارنىڭ



قىلغان-ئەتكەنلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ، ئاندىن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن. ئەگەر ئىنساب بىلەن قايىل بولساڭلار، مېنىڭ ئىشىمغا چارە قىلىڭلار. ئەگەردە ئېيتقانلىرىم يالغان بولۇپ قالسا، سۆزۈمنى رەت قىلىڭلار.

ئۇلار:

— ئېيتقىن، — دېدى.

مەن دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا، ئۆز ئەھۋالىمنى ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي بايان قىلدىم. خوجا ۋە ئۇنىڭ لالە يۈزلۈك قىزى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سۆزۈمگە قايىل بولدى. مەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ مۇراد-مەقسىتىمنى مۇنداق ئىزھار قىلدىم:

— مەن تاكى ھايات بولساملا، سىلەرنىڭ دەرگاھىڭلاردىن بېشىمنى كۆتۈرمەي خىزمەت قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئالسام دەيمەن. چۈنكى مېنىڭ نەغمە-ناۋادىن باشقا ئىشىم يوق. بۇنىڭدىن باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مېنىڭ روھىمنىڭ قۇۋۋىتى مۇشۇ ھۆر سۈپەت قىزنىڭ ئاۋازىدۇر. يەنە شۇنىمۇ ھەۋەس قىلىمەنكى، مەن نەغمە ئىلمىدىن تەلىم ئېلىپ، بۇ ھۆرنىڭ كارامەت كۆرسەتكۈچى ھۈنەرلىرىدىن مىڭدىن بىرىنى بولسىمۇ ئۆگەنسەم دەيمەن. ئەگەر ئۆمرۈم نۇھنىڭ ئۆمرىدەك ئۇزۇن بولغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ ئاجىزلىقىم بىلەن مۇزىكىغا ئائىت خىزمەتلىرىڭلاردا ئىمكانىقەدەر ئاجىز كەلمەيمەن. چۈنكى مەن بۇ ھۈنەردە مۇشۇ پەرىشتىدىن ئۆزگە ھېچكىمگە شاگىرت ئەمەسمەن. بۇ يۇرتتا مۇزىكا ئىلمىنى پۇختا ئىگىلەپ، كامىل ۋە مۇكەممەل بولغانلىقى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئادەتتىكى شاگىرتلىرىم ئىدى. ئەپلاتۇندەك بۈيۈك ۋە ماھىر نەغمىچىلەرمۇ مېنىڭ قېشىمدا ناھايىتى ئاجىز ئىدى. بىراق ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشلار ئاشكارا بولۇش بىلەنلا مېنىڭ تىلىم تۇتۇلدى. چۈنكى ھەر قېتىم سىلەرنىڭ نەغمەڭلار ناۋاغا كېلىش بىلەنلا، خەلق جان بېرىشمەكتە. بۇنداق تەسىرلىك ئاۋاز بىلەن ساز ئالدىدا مېنىڭ ئىشىم تولىمۇ لاياقەتسىزدۇر.

ئۇلار مېنىڭ شۇ قەدەر ئاجىزلىقىم ۋە خارلىقىمنى كۆرۈپ، كۆڭۈللىرىگە نالە-زارىم تەسىر قىلدى. مۇلايىملىق بىلەن كۆڭلۈمگە تەسكىن بېرىپ، ئەھۋالىمغا چارە قىلماقچى بولدى.

— بىزگە يارۇ-بۇرادەر ھەم غەمگۇزار بولساڭغۇ، — دېدى خوجا ئوي-خىيالغا پاتقان ھالدا، — سېنى يېمەك-ئىچمەك ھەم بارلىق خەج-خىراجەتتىن غەمسىز قىلىمىز. لېكىن بىر مۇشكۇل ئىش بار. بۇ مۇشكۇلچىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سەن بۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىنىڭ يېنىدا بىرگە تۇرۇپ، خىزمىتىنى قىلالمايسەن. چۈنكى سەن ئۇنىڭغا نامەھرەمسەن.

مەن خوجىنىڭ بۇ ئۆزرىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بايان قىلدىم:

— بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولغايسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — نەغمە-ناۋا ئۆگىنىشنىڭ ئۈمىدىدە ئۆزۈمنى ئەيىبناك قىلدىم. ئۆزۈمدىن ئەرلىكنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم. مەن ئەمدى ئەر ئەمەس بولدۇم. شۇنى بىلگەيسىزكى، مەن كاپۇر يەپ، ئۆزۈمدىن ئەركەكلىك ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى يىراق قىلدىم. چۈنكى بۇ پاك ھۆرنىڭ پەردىلىرىمۇ كاپۇر رەڭگىدىدۇر. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ پەردىسى بىلەن بىرخىل رەڭدە قىلىپ، ئاندىن بۇ يەرگە كەلدىم. شۇڭا مېنى نامەھرەم بىلمەستىن، بەلكى مەھرەم بىلگەيسىلەر. بۇ پەردىنى مەندىن يىراق قىلغايسىلەر. مەن سىزلەرنىڭ ئالدىدا چاكىرىڭلار بولاي، مېنىڭ ئىسمىممۇ بۈگۈندىن باشلاپ كاپۇر بولسۇن.

بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سودىگەر خوجا بىلەن ئاي يۈزلۈك سەرۋى ھەيرانۇ-ھەس قالدى. ئۇلار تومۇرۇمنى تۇتۇپ، تىڭشاپ باققاندى، ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست ئىكەنلىكى ئايان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ماڭا ۋە مېنىڭ بۇ ئىشىمغا ئىچىنىپ بىر پەس بىئارام بولۇشتى. ئاخىر ئىككىلىسى چەكسىز ئىلتىپات ۋە ھېسابسىز خۇش خۇيلۇق بىلەن مېنى خىزمەتكارلىققا قوبۇل قىلىشتى. خىزمەت دېگەننى شۇنداق قىلدىمكى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ نەزىرىدىن



ئۆتتۈم. گاھ پەردە سىرتىدا خوجىغا ھەمدەم بولسام، گاھى پەردە ئىچىدە ئۇ ئاي يۈزلۈككە مەھرەم بولاتتىم. ھەر بىر قىلغان ئىشلىرىم ئۈچۈن ماڭا ئۇلاردىن كۆپ ئىلتىپات ۋە شەپقەتلەر يېتەتتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك نەغمە تۈزگەندە مېنى ھەيرانلىق باساتتى. چۈنكى ئۇ سازغا تەگكەش قىلىپ، جانلارنى لەرزىگە سالغۇچى مۇڭلۇق بېيىتلارنى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى پۈتۈنلەي ھىجران ئازابلىرى، جۇدالىق كۈلپەتلىرى بىلەن تولغانىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىۋېتىپ، يەنە ئاشىقلارچە نالە-پىغانلار چېكەتتى. مەن بۇنى خىلۋەت پەردە ئىچىدە ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئۇ يوشۇرۇن ھالدا يىغلايتتى. قانداقتۇر بىر غەم-ھەسرەت بىلەن ناھايىتى كۆپ بىئارام بولاتتى. پەردە ئىچىدە ئۇنىڭغا مەندىن باشقا ھەمراھ يوق ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى خىيال قىلسا، مەندىن سورايتتى. بىلگىنىمچە راستى بىلەن جاۋاب بېرەتتىم. كېچىلەردە ئۇيقۇسى كەلمىسە ماڭا: «ئەپسانە ئېيتىپ بەرگىن» دەيتتى.

مەنمۇ جۇدالىق ۋە ھىجران قىسمەتلىرىدىن ئەپسانە سۆزلەيتتىم. بۇنداق ئەپسانىلەرنى ئاڭلىغىنىدا ئۇ جاھاننىڭ يېگانىسى يىغىدىن ئۆزىنى تۇتالماس ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزىتىپ، دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ ياقتىم. بىلدىمكى، ئۇ بىر پەرى سۈپەت يىگىت ئۈچۈن غەمگە چۆكۈپ، مەجنۇنلۇق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە ھىجران تىكەنلىرى قادالغىنىدا نەغمە ئاۋازى بىلەن ئۇنى سىرتىغا چىقىراتتى. كېچە ياكى كۈندۈزى بىرەر دەم نەغمە ئاۋازلىرىنى چىقارمىسا، ئىچىدىكى ئىشق يالقۇنلىرى جىسمىنى ئۆرتەيتتى. بۇ خىل ھالىتىنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭغا كۆپ تەرەپتىن سۆزلەيتتىم ۋە تەسەللىلەرنى قىلاتتىم. ھەر خىل، ھەر قىسمىدىكى ياخشى-يامان ئىشلارنى بايان قىلىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە رام قىلاتتىم، تەبىئىتىگە ئارام بېرەتتىم.

بىر كۈنى ئاشۇ خىل ھالەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— ھەي ئاي يۈزلۈك پەرى، ئۇلۇغ تەڭرى سېنى ھەمىشە خۇشال تۇتسۇن. خاتىرىڭ غەم-قايغۇدىن يىراق، راھىتىڭ ھەردەمقىدىن ياخشىراق بولسۇن، بىر مۇشكۇل ئىشىم بار ئىدى، سەندىن سوراي دېگەنىدىم، — دېدىم.

— سورىغىن، — دېدى ئۇ ماڭا.

مەن دەرھال سۆزۈمنى باشلىدىم:

— نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى مەن ساڭا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مەن ھەمىشە گاھ خۇشال، گاھى مالال بولغان ھالدا، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن. كۆڭلۈمنى ھەر تەرەپكە يۈگۈرتۈپ باقتىم. مەلۇم بولدىكى، سېنىڭ بىر مەخپىي غېمىڭ بار. ئۇ غەمدىن جېنىڭغا تىكەنلەر سانجىلماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى بىر كىشىنىڭ ئىشق-مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. سەن ئېھتىمال ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قاپسەن. ئۇنىڭ پۇرقىتىدىن غەمگە پېتىپسەن، ھىجران جاراھەتلىرىگە گىرىپتار بولۇپسەن. ئۇنىڭ دەرد-ئەلەملىرى جېنىڭغا پاتقانلىقتىن، ھەمىشە غەمكىن يۈرۈشنى ئۆزۈڭگە دەستۇر قىلىۋاپسەن. شۇ سەۋەبتىن ناخشا-مۇزىكا بىلەن كۆپ مەشغۇل بولىسەن. نەغمە باھانىسى بىلەن نالە-زار قىلىپ، ئىچكى دەردلىرىڭنى بايان قىلىسەن. خەستە كۆڭلۈڭنى شۇ ئارقىلىق غەم-قايغۇدىن خالىي قىلماقچى بولىسەن. بۇ غەم-ئەلەملىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ، سىرىڭنى ئاشكارا قىلساڭ، مەن ئۇنى ئۆمرۈم بويى ھېچقانداق كىشىگە ئېيتماس ئىدىم. بىراق بۇ دەردلىرىڭگە داۋا ئىزدەپ، ھاجىتىڭنى راۋا قىلسام ئەجەب ئەمەس ئىدى.

ئۇ گۈل يۈزلۈك سەنەم بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردەم ئوي-خىيالغا چۆككەن ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ، سۆز ئۈنچىلىرىنى چاچتى.

— سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭ، — دېدى ئۇ ماڭا جاۋابەن، — ھەقىقەتتىن يىراق ئەمەس. راست سۆزلىمەكتىن باشقا گەپ ياخشى ئەمەس. ساڭا مەلۇم بولغان ئىشلىرىمنى سۆزلەپ يۈرۈش



ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن نامۇۋاپىق، سېنىڭ سورىمىقىڭمۇ نالايىق ئىشتۇر. چۈنكى بۇنى ئاڭلاشتىن ساڭا ھېچبىر پايدا يوق، ئەمما بۇ ئىشتىن ماڭا يۈز مىڭلىغان بالا-قازالارنىڭ يېزىلىنىش ئېھتىمالى بار. ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى كۆڭلۈڭ تۇيغانىكەن، ئۇنى يەنە سوراپ يۈرۈشۈڭ ھاجەتسىز ئىدى. خەيرىيەت، سوراپ قالدىڭ. ئەمدى سەن مېنىڭ بۇ سىرلىرىمنى بىلمەكچى بولساڭ، ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلغىن. ياكى بۇ سىرنى ئېنىقلاشتىن ۋاز كەچكىن، ياكى بولمىسا، بۇ سىرنى بىلىش بىلەنلا، بۇ يەردىن كەتكىن، بۇ دىياردا، ياق، بەلكى بۇ مەملىكەتنىڭ قارىسى كۆرۈنىدىغان يەردىمۇ تۇرمىغىن.

بۇ سۆزلەردىن ماڭا قورقۇنچ، ۋەھىمە پەيدا بولدى. جېنىمنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن قالدىم. بىرنەچچە كۈنگىچە غەمگە چۆكۈپ يۈردۈم، كۆڭلۈم ھېچ ئارامىغا چۈشمەيۋاتاتتى. كۆڭلۈمنى غەم-ئەندىشە، مېڭەمنى خىيال ۋە چىگىش ئوي-پىكىرلەر قاپلاپ كەتتى. سەۋر تاقىتىم پۈتۈپ، بەلكى ئىختىيارىممۇ قولۇمدىن كەتتى. ئاخىر خىلۋەتتە پۇرسەت تېپىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا يەنە شۇ ماجرانى باشلىدىم:

— مەن مۇشۇ پىكىر-خىيال بىلەن سەۋدايى بولۇپ قالدىم. ئەمدى ماڭا شەپقەت قىلىپ سىرىڭنى ئېيتقىن، ئاندىن قەيەرگە دېسەڭ، شۇ تەرەپكە بېشىمنى ئېلىپ كېتىمەن، — دېدىم.

ئەلقىسسە، ئۇ ئاي يۈزلۈك پەرى سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئاجايىپ ئىش، سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ بالايىئاپەت تىلەۋاتىسەن. ئۇنداق بولسا، ماڭا بۇ شەھەردە تۇرماسلىققا ۋەدە بەرگىن، بېشىڭنى ئېلىپ كېتىشكە قەسەميات قىلغىن، — دېدى.

مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، بۇيرۇغىنى بويىچە ۋەدە بەردىم. ئۇ گۈلچېھرەنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە قالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەپسانىسىنى باشلىدى:

— مېنىڭ غەمكىنلىكىمنى بىلدىڭ. بۇ غەمنى سورىساڭ، بۇ

ۋەقەنى باشتىن باشلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلمىسام، سىر تولۇق يېشىلمەيدۇ. ئاڭلىغىنىڭىز، مېنىڭ ئەسلى يۇرتۇم چىن مەملىكىتى ئىدى. نەچچە مۇددەت ئۇ يەردە ئۆمرۈم خاتىرجەم ئۆتكەنىدى. تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن چىن ئېلىدە ئىككى خان بىر-بىرىگە لەشكەر تارتىشىپ، ئۇرۇش قىلدى. شۇ قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن بالىلىق مەزگىلىمدە بىرىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم. ئۇ كىشى مېنى سېتىش قارارىغا كەلدى. شۇ چاغدا مۇشۇ سودىگەر خوجا ماڭا خېرىدار بولۇپ سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۇنىڭ چۆرىسى بولدۇم. گەرچە ئۇ مېنى قانچە ئەزىزلىسىمۇ، بىراق مەن ئۇنىڭ يەنىلا سېتىۋالغان كېنىزىكى ئىدىم. خوجىنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، مېنى «قىزىم» دەپ، ئورنۇمنى ئۆستۈرۈپ قوياتتى. لېكىن مەن يەنە مۇڭلۇق ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتىپ، مۇقام توۋلايتتىم. خوجا بۇنى بىلىپ، مۇزىكا ئىلمىگە ماھىر بىرقانچە ھۆكۈمانى چاقىرتىپ كەلدى. نەغمە-ناۋانىڭ پۈتكۈل ماھارەتلىرى ئۇلاردىن تولۇق نامايان بولۇپ تۇراتتى. خوجا ئۇلارنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئىززەت-ئىكراملارنى قىلىپ، نۇرغۇن ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتلەرنى كۆرسەتتى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ماڭا ئۆگىتىشكە كىرىشتى. مۇزىكا ئىلمى ئاخىر مېنىڭ كەسپىمگە ئايلاندى. بۇ جەھەتتە مەندە كامالەت ھاسىل بولدى. ناخشا-مۇزىكىغا شۇقەدەر ماھىر بولدۇمكى، خالايىقنى گاھ كۈلدۈرۈپ، گاھ يىغلىتاتتىم. ئاۋازىمنىڭ ئەكس سادالىرى جاھاندا، بەلكى ئاسمانلاردا ياڭرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىقىياس ۋە چەكسىز گۈزەل ھۆسن-جامالىم نامايان بولۇشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن شۆھرەت ئۈستىگە شۆھرەت قازىنىپ كەتتىم. بارچە ئەمەلدارلار ۋە ھەشەمەتلىك ئۇلۇغ كىشىلەر: «پالان سودىگەر خوجىنىڭ ھۆسن-جامالدا ۋە ناخشا-مۇزىكىدا تەڭدىشى يوق بىر كېنىزىكى بار ئىكەن» دېگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلاشتى. ئۇلار مال-دۇنيا ۋە خەزىنىلىرىنى تۆكۈپ، مېنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن خېرىدار بولۇشتى.



خوجا مېنى «پەرزەنتىم» دەپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن كېنىزەك قاتارىدا خېرىدارغا سالماقتا ئىدى. ئۇ خېرىدارلار كۆپەيگەنلىكىنى كۆرگەنسېرى بازىرىمنى ۋە نەرخىمنى ئۆستۈرۈۋەردى. شۇنداق قىلىپ چىن مەملىكىتىگە بىر غوغا چۈشتى. ھەر كىشىنىڭ بېشىدا بىر ئىشق سەۋداسى پەيدا بولدى.

ئەلقىسسە، چىن مەملىكىتىدە بىر ئاجايىپ نەققاش بار ئىدى. ئۇ خۇددى تەقدىر نەققاشىدەك پۈتكۈل جاھانغا مەشھۇر ئىدى. رەسىم سىزىشتا ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى مانى دېيىشەتتى. ئۇ كىشى مېنىڭ رەسىمىمنى سىزىۋېلىپ، سەپەرگە چىقىپتۇ. ئاندىن ئۇ تەسۋىرىي سۈرىتىمنى بىر شاھەنشاھقا كۆرسىتىپتۇ. پۈتكۈل جاھان مەملىكەتلىرىنىڭ شاھلىرى ئۇ پادىشاھنىڭ دەرگاھىدا چاكارلاردەك تۇرۇشاتتى. ئۇ شاھ سۈرىتىمنى كۆرۈپ ماڭا مايىل، بەلكى شەيدا بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرقانچە دىيانەتلىك كىشىنى تېپىپ، چىن مەملىكىتىگە ئەۋەتتى. ئۇلار مەندەك بىر ئاددىي كېنىزەكنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن چۇقان-سۈرەن سېلىشتى. كەلگەن ئەلچىلەر خوجىنىڭ مىجەزىگە قاراپ تۇرۇپ، نەرخىمنى چىن مەملىكىتىنىڭ نەچچە يىللىق باج-خىراجىتىگە توختىتىپ، ئۇنى خوجىغا تاپشۇردى. ئاندىن مېنى ئېلىپ، خۇشال ھالدا قايتىشتى. ئۇلار ئىككى كۈن ماڭدىغان مەنزىللەرنى بىر كۈندە بېسىپ، ئاخىر مېنى شاھەنشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى. بۇ خۇددى ئۈنچىنىڭ دەرياغا، زەررىچىنىڭ قۇياشقا قوشۇلغىنىدەك ئىش بولدى. شاھ مېنى ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئالەم ئەھلى ئارىسىدا ھېچنېمىدىن بىھاجەت قىلدى. مېنى جەننەت ھۇجرىسىدەك ئالىي بىر ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ماڭا شۇ قەدەر مېھرىبان بولدىكى، مەنسىز ئۇنىڭغا يورۇق ئالەم قاراڭغۇ بولۇپ تۇيۇلاتتى. بۇ جامالىم ئۇنىڭ ئۆمۈر-مېۋىسى ئىدى. ۋىسالىمدىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەتتى. لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىي شىكار ۋە ئىشرەت قىلىش بىلەن سەھرا ۋە لالىزارلاردا سەيلە

قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. تاغۇ-دەشتلەردە ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، قۇلۇنلارنىڭ بوينىغا سىرتماق سالاتتى. ئوۋ ھايۋانلىرى قەيەردە يولۇقسا، شۇ يەردىلا ئۇنى لالە رەڭگىدە قىلاتتى، شىكار قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قېنىدىن يەر يۈزىنى لالىزارغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. لالىزارلاردا شىكار كاۋاپلىرىنى تەييار قىلىپ، بەزمە تۈزۈپ، لالە رەڭلىك شارابلارنى ئىچەتتى. شاھ خاھ سەھرادا بولسۇن، خاھى شەھەر ئىچىدە بولسۇن، مەن بولمىسام، بىر پەسمۇ ئارام ئالمايتتى، خاتىرجەم بولمايتتى. مەن ھەمراھ بولمىسام، ھېچ يەرگە چىقمايتتى، ناۋا قىلمىسام، بىر جام شارابمۇ ئىچمەيتتى. قەيەردە نەغمە قىلسام، ئۇنىڭ ئادىتى ئاھ چېكىپ، جان پىدا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. دەشتلەردە سەيلە قىلغاندا بولسۇن ياكى شەھەردە خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ، ئارام ئالغان چاغدا بولسۇن، جامالىمدىن بىردەممۇ كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ۋىسالىمدىن بىر نەپەسمۇ ئايرىلمايتتى. ئاقىۋەتتە ئۇ شاھەنشاھ مېنىڭ ئىشقىمدا شۇ قەدەر مەغلۇپ بولدىكى، ئۇنىڭ ھاياتلىقتا مەندىن ئۆزگە ھېچ نەرسىگە تەلپىيى يوق ئىدى. ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بارلىق ۋەزىر-ۋۇزرالار ۋە دۆلەت چوڭلىرى شاھتىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى شاھنىڭ ئۇلار بىلەن چاتىقى بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمىدى. كېچە-كۈندۈز مەن بىلەنلا بولۇپ، باشقا ئىشلاردىن كەچتى. شاھ ماڭا قانچىلىك مايىل بولغان بولسا، مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈممۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك مايىل ئىدى. ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىستەي دېسەم غۇرۇر سەۋەبىدىن ئىختىيارىم يوق، لېكىن ھىجرانىدا بولسا بىر نەپەس تۇرۇشقىمۇ سەۋر قارارىم يوق ئىدى. جىسمىمدا ئىشتىياق ئوتلىرى شۇ قەدەر تېز ئۇلغايدىكى، ئۇنىڭ شولىسى پەلەككە يەتتى. شاھتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىلتىپاتلارنى كۆرۈۋەرگەنسېرى، مەن بەختى قارا، پىشانەم تەتۈر كېنىزەك مەغرۇرلىنىپ كەتتىم. شاھنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىللىقىنى، مېھرىبانلىقلىرىنى كۆرۈپ، ھەپسىلەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇنى سىڭرەلمىدىم. ھەرقانداق سۆزىنى



قىلسام، بىلمەسلىكتىن بىھۇدە گەپلەرنى قىلاتتىم.

بىر كۈنى مۇنداق ۋەقە يۈز بەردى. مەن شاھ بىلەن شىكاردا ھەمراھ ئىدىم. شاھ مەيپەرەسلىكتىن مەست ئىدى. مەن مەغرۇرلۇق، ئۆز بېشىمچىلىقتىن مەست ئىدىم. شاھ شۇ چاغدا چېپىپ كېتىۋاتقان بىر كېيىكنى كۆرسىتىپ، سول قولىغا يانى، ئوڭ قولىغا ئوقنى ئېلىپ تۇرۇپ: «مەن ھازىر ئاشۇ كېيىك تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئۈزىمەن. ئۇنى قانداق ئۆلتۈر دېسەڭ، شۇنداق ئۆلتۈرىمەن» دېدى. مەن: «بىر ئوق بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئىشكەل سېلىپ، يەنە بىر ئوق بىلەن ھالاللاپ بوغۇزلىغىن» دېدىم. شاھنىڭ پاك خاتىرى بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاش بىلەنلا چۈشىنىپ، ئۇ كېيىكنىڭ ئىككى قولىنى بىر ئوق بىلەنلا تىكىپ ئىشكەل سالدى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ، دەرھال يەنە ئوق ئېتىپ بوغۇزلىدى. شۇنداق ئاجايىپ ئىش قىلدىكى، ئۇنداق قىلىش ھېچقانداق ئادەمزاتنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ كارامىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق پادىشاھ ماڭا: «دېگىنىڭدەك قىلدىممۇ؟» دېگەندە، مەن تەلۋە بەختىم قارىلىقتىن، ئەقلىمدىن ئادىشىپ، جاھىللىق تەرىپىگە يۈزلىنىپتىمەن. تەن بەرمەستىن بىھۇدە ۋە بىمەنە مازاق گەپلەرنى قىلىپ، ئالجىپتىمەن. ئەگەر شاھ رەھىم قىلمىغان بولسا، مېنى شۇ يەردە يۈز پارە قىلىپ، ئۆزۈمنى بىلمەستىن بىلجىرلىغىنىمغا سازايى قىلغان بولاتتى. لېكىن يۈز-خاتىرەمنى قىلىپ، ماڭا قەھرى-غەزەپ تىغىنى تەۋرەتمىدى. مەندەك كەم ئەقىلنى ئۆلتۈرمەستىن، بەلكى باغلاتقۇزۇپ «قازاسى يەتكەن بولسا، شۇ يەردە ئۆلۈپ قالسۇن» دەپ، بىر باياۋانغا تاشلاتقۇزۇۋەتتى. ئاندىن قەھرى-غەزەپ ۋە مەستلىك ھالىتىدىلا شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ئاشۇ دەشت-باياۋاندا قول-پۇتۇم باغلاق ھالدا قېپقالدىم. شۇ تەرىقىدە ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ سودىگەر خوجا مېنى ئاۋۋال «پەرزەنتىم»

دەپ، كېيىن مېھرىنى ئۈزۈپ، خىتاي مەملىكىتىدە ساتقانىدى. مەن ئۇ دىياردىن ئايرىلغاندىن كېيىن خوجا مېنىڭ پىراقىمدا بىقارار بولۇپ، ئىشتىياقىمدا كۆڭلى پەرىشانلىقتا قاپتۇ. شۇڭا ئۇ مېنى كۆرۈش ئۈچۈن خىتاي دىيارىدىن يولغا چىقىپتۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇساللىقىدىن ئاشۇ دەشت ئىچىدە باغلىنىپ ياتقان كۈنى بۇ ئاتام شۇ دەشتتىن ئىككى مەنزىل يىراقلىقتىكى بىر جايغا چۈشۈپ ھاردۇق ئالغانىكەن. لېكىن ئۇ مېنى كۆرۈش ئىشتىياقىدا ئۇخلىيالماي، ئاخىر قاراڭغۇ كېچىدە ئېتىنى مىنىپ يول يۈرۈپتۇ. خوجا ئىككى خىزمەتكارى بىلەن يولدىن ئېزىپ قاپتۇ. باياۋاندا ئايلىنىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپتۇ. تۈن كېچىدە مەن ياتقان يەرگە يېقىن كېلىپ قالغاندا، خوجىنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ. ئۇلار ئېتىدىن چۈشۈپ، شۇ يەردە بىردەم ئۇخلاپتۇ. ئۇيقۇدىن كۆز ئاچسا تاڭ يورۇپ، قۇياش چىققانىكەن. ئۇلار يەنە يولغا چىقىشنى ئويلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ. قارىسا ئۆزلىرى تۇرغان ئورۇندىن يۈز قەدەمچە يىراقتا بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. خوجا ئۇنى كۆرۈپ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقاي دەپ كەلسە، بىر ئاجىز بىچارە قىز ئۆزىنىڭ چاچلىرى بىلەن باغلانغان ھالدا ياتقۇدەك. خوجىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمىسى كېلىپ، باغلاقتىن يېشىش ئۈچۈن قول ئۇزىتىپتۇ. لېكىن، ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئىككىلەنگەن ھالدا يېشىپ كۆرۈپتۇ. خوجا ئۇنىڭ بوي-باشلىرىنى ۋە كۆز-قاشلىرىنى ماڭا ئوخشىتىپتۇ. دىققەت بىلەن نەزەر سالسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى، زىننىڭ يېنىدىكى خالنى كۆرگەندىن كېيىن خوجا مېنى رەسمىي تونۇپتۇ-دە، بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق تەئەججۈپ ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاپتۇ. خوجا ئۆزىنىڭ مەست ياكى ساق ئىكەنلىكىنى، ئۇيقۇدا ياكى ئويغاقلىقىنى بىلەلمەستىن، بىر پەس ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا خوجىنىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرى يۈك-تاق ۋە مال-مۈلۈكلەر يۈكلەنگەن هارۋا، ئات-ئۇلاغلارنى ھەيدەپ، يىراقتىن يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ يىراقتىن قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا، خوجا ئۇلارنىڭ



ئالدىدا بىر خىزمەتكارنى ئەۋەتىپ بۇ يەرگە باشلاتقۇزۇپ كەپتۇ. بۇ كارۋانلار ئىچىدە ئىلگىرى مېنىڭ خىزمىتىمدە بولغان ياكى ماڭا ھەمراھ بولغان كېنىزەكلەردىن بىرقانچىسى بار ئىكەن. خوجا ئۇلارنى چاقىرىپ مېنى كۆرسىتىپتۇ ۋە مېنى كۈتۈشكە مەسئۇل قىلىپ بېكىتىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردىلا چۈشكۈن قىلىپ، چېدىر-بارگاھلارنى تىكىپ ئورۇنلىشىپتۇ. قىزلار بىرقانچە بەلگىلەرگە ئاساسەن مېنى تونۇپ، ھەممىسى ئاھۇ-پەرياد چەككەنلىرىچە ئۈن قويۇپ يىغلىشىپتۇ. ياقىلىرىنى يىرتىپ، دەرد-ھەسرەت بىلەن ھازا ئېچىپتۇ. پۈتكۈل كارۋان ئەھلى يىغا-زار ئىچىدە بىھوش بولۇشۇپتۇ. سودىگەر خوجا مېنىڭ بۇ ئاجايىپ ھالىتىمگە ۋە غارايىپ قىسمىتىمگە ھەيران قالغىنىدىن سەۋدايى بولۇشقا ئاز قاپتۇ. غەم-ھەسرەتلىرىم ئۈچۈن ھازا ئېچىپ، زار-زار يىغلاپتۇ. لېكىن ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىمنى تېخىچە پەرەز قىلالماپتۇ. ئۆمرۈم قۇياشىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تېز زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى بىلەلمەي، ناھايىتى بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇلار ئامالسىز ئاخىر ماڭا نەپىس كېپەنلەرنى تەييارلاپ، ئۇ كېپەنگە ئەنبەر ۋە كاپۇرلار چېچىپتۇ. ئاندىن مېنى كېپەنلەپ، خۇش بۇي ئىسرىقلارنى يېقىپ، ئاخىرەتكە ئۇزىتىشقا تەييار قىپتۇ. بىتاپ بولغان تېنىمگە ئۇ خۇش پۇراقلار سەۋەبىدىن سېزىم پەيدا بولۇپتۇ. زەئىپلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىمغا دىماغلىرىم ئارقىلىق خۇش ھىدلىق ماددىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جىسمىمغا نەپەس پەيدا بولغانلىقى مەلۇم بولۇپتۇ. ئۇلار ھايات ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، يۈزلىرىنى ئاياغلىرىمغا سۈرتۈپ، خۇش بۇي ماددىلارنى دىمىغىمغا تۇتۇپتۇ. ئۇلار ھەربىرى ئۆزگىچە سۆزلەرنى قىلىشىپ، مېنىڭ ھەققىمدە تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتقاندا، مەنمۇ ھوشۇمغا كېلىپ، كۆزۈمنى ئاچتىم. ئۇ مېھرىبانلارغا كۆزۈم چۈشۈش بىلەنلا:

— بۇ يەردە تۇرماي، بارلىق تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت-شىجائىتىڭلار-نى ئىشقا سېلىپ، دەرھال كۆچۈڭلار. چۈنكى بۇ باياۋان بولسا

بالايىئاپەت مەنزىلى، يەنى كىشىنى ھالاكەتكە يەتكۈزىدىغان جايدۇر، — دېدىم.

ئۇلار دەرھال نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، يولغا كىردى. مېنى بىر مەپىدە ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار گاھى ئاغزىمغا شەربەتلەرنى تېمىتىپ تېنىمگە قۇۋۋەت، گاھى بۇرنۇمغا خۇش بۇي ھىدلارنى پۇرىتىپ، جېنىمغا راھەت بېغىشلايتتى. شۇ تەرىقىدە ئىككى كېچە-كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن مىجەزىم سالامەتلىك تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. كارۋانلار پۈتۈنلەي ياپيېشىل ئوت-چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بىر كەڭ دالاغا يېتىپ كەلدى. بۇلاق سۈيى دالا ئىچىدە ۋىلىقلاپ كۆلگىنىچە ئېقىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇ جايدا توختاپ ئارام ئالماقچى بولۇشتى. يۈك-تاقلارنى چۈشۈرۈپ تۆگە ۋە ئات-ئۇلاغلارنى سۇغىرىپ ئوتقا قويۇشتى. سودىگەر خوجا بۇلاق بېشىدا بىر چېدىر تىكتۈردى. ئۇنى زىب-زىننەتلەر بىلەن بېزەپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئېگىز تەخت ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ تەختنىڭ ئۈستىدە ئورۇن راستلاپ، ماڭا ئارامگاھ قىلىپ بەردى. ئاندىن خوجا كېلىپ ئالدىمدا ئولتۇرۇپ، باشتىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى سورىدى. مەن بولغان ۋەقەنى تولۇق بايان قىلدىم. خوجا بېشىنى بىردەم چاڭگاللاپ، بىردەم تۆۋەن سېلىپ، ناھايىتى پەرىشان بولدى. مەن ئۆز ئەھۋالىمنى تەپسىلىي سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم. ئۇمۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ ھېكايەتلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بىز زامانە غەملىرىگە نەزەر سالماي، تەڭرىنىڭ شاپائىتىگە شۈكرى قىلغان ھالدا ئۇ يەردە ئارام ئالغاچ ساق بىر كۈن مۇڭداشتۇق. بارلىق كەچۈرمىشلىرىمىزنى بايان قىلىپ تۈگەتتۇق.

— ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشىمىزنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم مەن ئاخىرىدا، — مەندەك بىركىشىنى شاھ غەزەپ قىلدى. تەڭرىم كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، مېنىڭ قىلغان بىئەدەبلىكىمگە ئەسلىدە بۇنىڭدىن يۈزمىڭ ھەسسە ئارتۇق جازا بەرسىمۇ يەنە ئاز ئىدى. ئۆلۈم تىغىنى سۇرۇپ، بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلسىمۇ



ھەق ئىدى. لېكىن تەڭرى مېنى ئاسراپ، سالامەت ساقلاپ قالدى. ھېچكىم بىر ئۆلۈپ بولغان كىشىنى ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرمەيدۇ. ئەمدى مەن سىلەر راستلىغان كېپىنىمنى كىيىپ، شاھنىڭ دەرگاھىغا قاراپ يۈزلەنسەم، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ: «گۇناھ مەندىن ئۆتتى. ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەندى. شاھ مېنى ئادىللىق بىلەن جازالاپ، گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. مانا ئەمدى تەڭرى ماڭا ئىككىنچى قېتىم ئاتا قىلغان جېنىمنىمۇ شاھقا پىدا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر مېنى يەنە ئۆلۈمگە بۇيرۇسا، ئۇنىڭ قۇربانى بولغايمەن. ئەگەر شەپقەت قىلىپ ئەپۇ قىلسا، بەندەئى پەرماندۇرمەن» دەپ ئەرز قىلسام، شاھ ئەلۋەتتە بۇ گۇناھىمنى رەھىم قىلىپ كەچۈرۈم قىلىدۇ. بۇ ئىشقا ئەمدى مۇشۇنداق چارە قىلساق، ئۇ جاھان شاھنىڭ شاپائىتى كەڭ، شۇڭا ئۇ ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم رەسمىيەتلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن بېجىرىدۇ.

مەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېيىشىمگە، خوجا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى بىراقلا چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— سېنىڭ بۇ خىيالىڭ پۈتۈنلەي خاتادۇر، — دېدى ئۇلار سۈرەن سېلىشىپ، — ئەقلىڭدىن ئايرىلىپ قالدىڭمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق بىھۇدە خام خىياللارنى قىلىسەن؟ ياكى سەن جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟! شاھ ئۆزى قىلغان بىر ئوۋ ئۈچۈن سېنىڭ قېنىڭنى تۆكۈشنى راۋا كۆرسە، سېنىڭ يەنە جېنىڭنى پىدا قىلىمەن دېگىنىڭ قانداق گەپ بۇ؟! پادىشاھ دېگەن خۇددى بىر كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ. ئوتقا بەك يېقىنلىشىپ كەتسە كۆيدۈرىدۇ. شاھقا بەك يېقىنلىشىپ كەتكەن كىشىگە ئاخىرىسى كۆيۈپ نابۇت بولۇشتىن ئۆزگە پايدا يوق. ئەگەر كىشى پادىشاھتىن قانچىكى ئۆزىنى تارتىپ يىراق تۇرسا، ئۇنىڭ ئاپىتىمۇ ئۇ كىشىگە ئازراق يېتىدۇ. ئەگەر شاھنىڭ غەزىپى پەسەيسە بۇ خەۋەر تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىدۇ. بەلكى بىزنىڭ قۇلىقىمىزغىمۇ ئاڭلىنىدۇ. شاھ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا

پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن ئىش ئاسان بولىدۇ. ئۇ چاغدا شاھنىڭ يېنىغا يېتىپ بارساڭ خەتەر يوق. شاھ ئۆز ئىشىغا پۇشايمان قىلمىغان بولسا، يەنىلا ئەيش-ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىدۇ. ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بارساق جاننى قۇتقۇزماق تەس بولىدۇ.

خوجا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ماڭا ياخشى-يامان ئىشلارنى سۆزلەپ تۈگەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى خارەزىم شەھىرىگە بېرىشقا قارار تاپتى. يۈك-تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. لېكىن شاھتىن ئايرىلغاندىن بېرى ئۇنىڭ ھىجرانىدا تىرىك قالماسمەن، دەپ ئويلىدىم. ھىجران ئازابىدا يۈرۈش بىلەن ئۆلۈمنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئۆلۈك ھېسابلاپ يۈرىدىغان بولدۇم. شۇ سەۋەبتىن بۇ كېپەننى ئۆزۈمگە لىباس بىلىپ كىيىشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى ئۆلۈك دىگەننىڭ لىباسى كېپەندۇر. ۋىسالدىن مەھرۇم بولغانلىقىم ئۈچۈن كاپۇرنىڭ رەڭگىدە ئاق كىيىندىم. جۇدالىق دەردىدە تېنىم زەئىپلىشىپ كەتكەچكە، بۇ كېپىنىمگە كاپۇر سېپىلگەندۇر. شۇنداق قىلىپ بۇ دىيارغا كېلىپ قالدۇق ۋە بۇ شەھەرگە چۈشتۇق. بۇ يەردە مانا ئەمدى سەن مېنىڭ ھەممە ئىشىمدىن خەۋەردار بولۇپ كەتتىڭ. شاھقا ساقلاۋاتقان بۇ ئەقىدەمنى سەن كۆڭلۈڭنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىدىن بولغان ئىش دەپ قالمىغىن. بۇ ئۇنداق ئىش ئەمەس، بەلكى شاھنىڭ ماڭا بەخش ئەتكەن نازۇنېمەتلىرىگە ۋە مېھىر-مۇھەببىتىگە بولغان ۋاپادارلىق سەۋەبىدىن بولغان ئىش. مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ سىرلىرىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بولدۇم. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، بۇ دىياردا تۇرمىغىن، بېشىڭنى ئېلىپ باشقا يەرگە كەتكىن.

مەن ئۇنىڭ ھىجران دەردلىرىگە مۇپتىلا بولۇپ، ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلىرىنى، قايغۇ-ھەسرەتلىك سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلاپ، قاتتىق تەسىرلەندىم. ئۇ ماڭا كېتىشكە رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن مەن خوشلىشىپ، چىقىپ كەتتىم. شەھەرمۇ-شەھەر يۈرۈپ،



ھېچ ئارام ئالمىدىم. ئۇزۇن-ئۇزۇن يوللارنى كەزدىم. ھېچ كىشىگە بۇ سىرنى ئاشكارا قىلمىغاندىم. لېكىن جانابىڭدەك پۇقراپەرۋەر شاھ مەندىن ئەپسانە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ئەپسانىلەر ئىچىدە بۇنىڭدىن ياخشىراقىنى تاپالمىدىم. چۈنكى بۇ كاپۇرسىمان قەسىرنى كۆرۈپ، ئۇ كاپۇر سۈپەت ھۆر يادىمغا يەتتى. ئۇمۇ جۇدالىق ئازابىدا كاپۇر رەڭلىك لىباسلارنى كىيگەندى. ياق، ئۇ لىباس ئەمەس، بەلكى كاپۇر رەڭلىك كېپەن ئىدى. ئۇنىڭغا ھىجران ئازابى تۈپەيلىدىن كاپۇر سېپىلگەندى. بۇ دەردمەن بىچارە ئالەمدىكى بىر ئاجايىپ ئىنسان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئورنى مۇشۇ قەسىر ئىچىدە بولسا لايىقتۇر.

ئۇ رىۋايەتچى ئەپسانىسىنى تۈگەتتى. بۇ ئەپسانە تامام بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆزىنىڭ غايىب بولغان مەشۇقىدىن ئۇچۇرغا ئېرىشكەن شاھ بەھرام يۈز قېتىمدىن ئارتۇقراق بىھوش بولدى. ياق، بەلكى يۈز قېتىمدىن زىيادىرەك ئۆلۈپ تىرىلدى. ئۇ مۇشۇ ئەپسانە سەۋەبىدىن ئۆلەتتى، يەنە مۇشۇ ئەپسانە ئۇنىڭغا جان بېغىشلاپ تىرىلدۈرەتتى. بەھرام نالە-پەرياد قىلىشتىن ئامال بار ئۆزىنى تارتىپ، سەۋر-تاقەت قىلاتتى. چۈنكى بۇ ئەپسانىچى ئۇنىڭ بۇ نالە-پەريادىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئەپسانىسىنى بىر نەپەس توختىتىپ قويىدىغان بولسا، ئىنتىزارلىقتىن شاھنىڭ تەپەسلىرى توختاپ قالاتتى. ئۇ كىشى ئەپسانىسىنى پاك-پاكىز بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن شاھ بەھرامنىڭ ئوتلۇق ئاھلىرى كۆككە يەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەپسانىچىنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ جان بۇلبۇلى بەدەن قەپىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ مۇساپىرنىڭ ئابىھاياتتەك سۆزىنى ئاڭلىغان شاھ بەھرام خۇددى ئۆلۈككەلەردەك ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئەپسانە ھەر كىشىنى بىھوش قىلسا، ئۇ كىشى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشقا قانداق چارە قىلاركىن؟

**شاھ بەھرامنىڭ غايىبتىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىدىن غايىب ۋە بىخەۋەر بولغانلىقى، خارەزىم مەملىكىتىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇ دانىشمەن سودىگەر بىلەن بېگانە گۆھەرنى تەكلىپ قىلغانلىقى؛ ئۇلار كېلىپ بولغۇچە ئۆزىنى ئالدىغا چىقىپ گوياكى سۇبھىنىڭ ئەيسا تىنىقى كەبى نەپەسلىرىدەك ئۆلۈك تەنگە جان بېغىشلىغانلىقى**

سىرلىق مەنزىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشىق ئىشق-مۇھەببەت ۋە مېھر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، شاھ بەھرام غايىب بولغان مەشۇقىدىن ئۈچۈر تاپتى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى تاڭ سەھەرگىچە ئىنتىزار ۋە بىقارار بولۇپ، خۇددى چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك قىينالدى. ئۇ ئىشتىياق ئوتىدا خەس-خەشەكلەردەك كۆيمەكتە ئىدى. ئىزتىراپ ۋە بىتاقەتلىكتىن گاھ ئورنىدىن تۇرسا، گاھى يىقىلاتتى. ئەگەر شاھنىڭ پەرىشان خاتىرى سەللا ئورنىغا كەلسە، قىسسىنى يەنە قايتىدىن تەكرار ئېيتىشقا زورلايتتى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلەتتى. ھىجران غەملىرىدىن يامان ئەھۋالدا قالغاندا، دەرھال ۋىسال ئۈمىدىنى يادىغا ئالاتتى. شاھنىڭ ئۇ كېچىنى قانداق تاڭ ئاتقۇزغانلىقىنى، بۇ جەرياندا ھىجران قايغۇسىدىن قانداق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بولۇش قىيىن ئىشتۇر.

شاھ بەھرام بۇ كېچىدە شۇ قەدەر كۆپ ئۆلۈپ-تىرىلدىكى، بۇنى كۆرۈپ سۇبھىمۇ كۈلدى. سۇبھىنىڭ كۈلگەن تىنىقلىرىدىن قۇياش ئۈچقۇنى يانغىنىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى. ئۇ دىلئارامنى ئىزدەپ خارەزىمگە بېرىش قارارىغا كەلدى. لېكىن دۆلەت ئەركانلىرى، ۋەزىر، ئەمىرلەر



شاھنى بۇ سەپەردىن توستى.

— بىرقانچە كۈنگىچە سەۋر-تاقەت قىلىپ، سەپەرگە چىقمىغانلىرى ياخشى، — دېيىشتى ئۇلار شاھقا نەسىھەت قىلىپ، — چۈنكى بۇ سەپەر تۈپەيلىدىن جانابلىرىنىڭ جىسمى تېخىمۇ زەئىپلىشىپ كېتىدۇ. گەرچە يىراق ئارىلىقنى كۆپ تارتىش كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن يولنىڭ ناھايىتى يىراق بولغانلىقى تۈپەيلى بۇ سەپەر تېخىمۇ خەتەرلىكتۇر. يول جاپاسى ھەزرەتلىرىنىڭ ئاغرىقلىرىنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن كۈچەيتىۋېتىدۇ. سالامەتلىكلىرىگە ئېغىر زەخمەت يېتىدۇ.

تېۋىپ-ھۆكۈمالارمۇ ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، شاھنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيگەن ھالدا ۋەز-نەسىھەت قىلىشتى:

— شاھىمىزنىڭ ئارزۇسى ۋىسالغا يېتىشتىن ئىبارەت. لېكىن شاھىمىزنىڭ تەمكىن ۋە ئېغىر-بېسىق بولغىنى ياخشى، چۈنكى شاھلارغا سالماقلىق ناھايىتى مۇھىمدۇر. شۇنچە كۆپ تاغلارمۇ ئېغىر-بېسىقلىقنى ئۆزىگە مىزان قىلغان. ئەگەر تاغلار يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان بولسا، قىيامەت قوپقان بولاتتى. بۇ غەملىرى ھەرقانچە قىيىنسىمۇ، سەۋر-تاقەت قىلىپ، ئارام ئېلىپ تۇرغايلا. بۇ ئالەمنىڭ تىنچلىقىنى بۇزمىغايلا.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە تالاش-تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن ئاخىر بىر قانچە كىشىنى خارەزىمگە ئەۋەتىش قارار قىلىندى. خوجىدىن ۋە دىلئارامدىن ھال-ئەھۋال سوراپ، ناھايىتى خىجالەتچىلىك ئىچىدە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىلدى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «خوجا ساق-سالامەت كېلىپ، خارەزىم شەھىرىدە ئورۇنلىشىپتۇ. بەخت-سائادەت بىلەن شاد-خۇرام ياشاۋېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولدۇق. ھەممە مۇشكۈلىمىز ئاسان بولدى. بارلىق چىگىشلىرىمىز يېشىلدى...»

دىلئارامغا يەنە يۈرەك قانلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن بىللە ئاقتۇزۇپ، خوجىدىن مەخپىي بىر پارچە خەت يازدى. ئۇ خەتتە

مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«يىراق ئازابىدىن ئىچىم قانغا تولدى. ئۇ قانلار كۆز چانقىمدىن توختىماي ئاقماقتا. سەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە بىر پەسمۇ ئارام ئالماي، يولغا چىققىن. كېچە-كۈندۈز دېمەستىن، ئۇيقۇنى ماڭا ئوخشاش ئۆز ۋۇجۇدۇڭغا ھارام قىلىپ، تېز يېتىپ كەلگىن. بۇ جېنىم ساڭا پىدادۇر. ئەگەر پات كەلمىسەڭ قان قىساسىمدا قالىسەن. جۇدالىق ئىچىدە مېنى جاندىنمۇ جۇدا قىلما، خەنجەر ئۇرماي تۇرۇپلا قېنىمنى تۆكمە. تېز كەلگىن، بۇ جېنىم چىقسىمۇ، سېنىڭ قېشىڭدا چىقسۇن. بۇ قېنىممۇ سېنىڭ يولۇڭدا ئاقسۇن. جېنىمغا ھىجران تىغىنى ئۇرىۋەرمىگىن. بۇنداق قىلىپ مېنى جان بېرىشتىن بۇرۇنراق ئۆلتۈرۈپ قويمىغىن. بۇ تەرەپكە گويا قۇياشتەك سەيلە قىلىپ، پەرىدەك ئۇچۇپ يېتىپ كەلگىن. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن بولساڭمۇ تېزرەك كەلگىن-دە، بويۇنۇمدا تىغ ۋە كېپەننى كۆرگىن. مەن قېشىڭغا ئۆزۈم بېرىپ كۆزلىرىمنى جامالىڭ نۇرى بىلەن روشەن قىلالمىدىم. بۇنى سەن شادىمانلىق ۋە كامرانلىقتىن دەپ گۇمان قىلماي، بەلكى خەستە جانلىق ۋە ناتىۋانلىقتىن بولغان دەپ بىلگەيسەن. ھىجران دەردىدە ئەسىر بولۇپ، شۇ قەدەر زەئىپلىشىپ كەتتىمكى، ھەتتا سۇ ئىچىشكىمۇ ماجالىم يوق. ئاغزىمغا سۇ تېمىتسا قانغا ئايلىنىدۇ. شۇ دەرىجىدە ناتىۋان بولدۇمكى، دەرمانسىز جىسمىمدا پەقەت خەستە جېنىملا قالدى، چاپسان كېلىپ ئۆلگەن تېنىمگە جان بولغىن، ھالسىرىغان جىسمىمنى روھلاندۇرغىن. كېچىكىپ كېلىدىغانلىقىڭنى سەزسەم، ئاھ خۇدا، ئۇ چاغدا سەن كېلىسەنۇ، لېكىن مەن بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالىمەن. بۇ مەككار ئالەم مېنى ئاللىقاچان نابۇت قىلىپ بولغاندا، سەن كېلىپ پۇشايمان قىلىسەنۇ، ھېچ پايدىسى بولمايدۇ...»

شاھ بۇ دەرد-ئەلەم بىلەن تولغان خەتنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن ئۇنى لىپاپىغا سالدى-دە، خەۋەر يەتكۈزگۈچى چاپارمەنلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن ئۇلارغا:



— ھېچ يەردە توختىماستىن، تېز پۇرسەتتە بۇنى دىلئارامىمغا يەتكۈزۈڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

شاھ بەھرام يەنە خارەزىم شاھىغىمۇ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى. ئۇ مەكتۇپتا سودىگەر خوجىنىڭ يول راسخوتلىرىنى تەييارلاپ، دەرھال يولغا سېلىشنى ھاۋالە قىلدى. چاپارمەنلەر پادىشاھتىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن يەر سۆيۈپ خوشلاشتى-دە، يولغا راۋان بولۇشتى. ئۇلار ھېچ ئورۇندا توختىماستىن، خۇددى شامالدەك ئىتتىك ماڭدى. گوياكى بىر مىل① مۇساپىنى بىرقەدەم بىلەنلا باسقانچىلىك تېز سۈرئەت بىلەن ماڭغانلىقتىن، پات پۇرسەتتە كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتتى.

خوجا باغ ئىچىدە ئولتۇرغىنىدا چاپارمەنلەر ئۇ يەرگە بەئەينى مەيىن شامالدەك يېتىپ كېلىپ، شاھ بەھرامنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى. خوجا ئۇنى ئېلىپ، تەزىم بەجا كەلتۈردى. دىلئارامغىمۇ مەقسەت مەكتۇپى يەتكۈزۈلدى. بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خوجىنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ قەدىر-قىممىتىمۇ پەلەكتىن ھالقىدى. خارەزىم پادىشاھىغا بەھرامنىڭ مەكتۇپى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۆز خەزىنىسىدىن دەرھال يوللۇق راسخوت تەييارلاپ، خوجىغا تاپشۇردى. بۇ ئارقىلىق خارەزىم شاھى شاھ بەھرامغا بولغان ھۆرمەت-ئېھتىرامىنى ئىزھار قىلدى. خوجا بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، شاھ بەھرام تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. خوجىنىڭ يارلىق چاكارلىرى ۋە خىزمەتكار كارۋانلىرى قوشۇلۇپ بىرگە ماڭدى. ئۇلار ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

شاھ بەھراممۇ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بارلىق ئەمەلدار ۋە سىپاھ-لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن ئىستىقبالغا چىقتى. ئۇلار بىلەن شاھنىڭ ئارىلىقىدا بىر مەنزىل مۇساپە قالغاندا،

① مىل — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، ھەربىر مىل تەخمىنەن 22 كىلومېتىرغا تەڭ.

خوجا ۋە ئۇنىڭ بارلىق كارۋانلىرىغا ھاردۇق يېتىپ، ئۇيقۇغا كېتىشتى. شاھ بەھرامنىڭ جامائىتىمۇ چېدىر-بارگاھلارنى تىكىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. لېكىن بەھرام ئارام ئالماستىن كېچىلەپ يول يۈرۈپ، خوجا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بارگاھ ياساپ، ئۇخلاۋاتقان جايغا يېتىپ كەلدى. خوجىنىڭ ئادەملىرى كېچە-كۈندۈز يول ماڭغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈن ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنىدى. بەھرام تام قاراڭغۇسىدا ئۇ يەرگە باردى. ئۇلار پۈتۈنلەي ھاردۇق ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانىدى. بەھرام قارىسا، دىلئارامنىڭ بارگاھى بىر بۇلاق بېشىغا تىكىلىپتۇ. ئۇ يەردە دىلئارامنىڭ نەرگىس كۆزلىرى ئۇيقۇ بىلەن يۇمۇلغانىدى. ئۇ بۇلاقنىڭ بويىدا بىر ئېگىز چىنار بار ئىدى. ئۇ چىنارنىڭ ئىچى گوياكى ئاشىقلارنىڭ كۆكسىدەك كۆيۈپ، چاك ۋە كاۋاك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كاۋاك گوياكى بىر يوغان غاردەك كەڭ ۋە ئازادە ئىدى. شاھ بەھرام بۇنى كۆرۈپ، ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلىدى-دە، شۇ چىنارنىڭ يېنىغا كەلدى. شاھ دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ، ئۇ يەردە گوياكى «يارى غار» ① سۈپەت پىنھان بولدى. ئۇ ھۆر سۈپەت گۈزەل ئۇخلاۋاتقان بۇ ئورۇندا بەھرامنىڭ دىماغلىرى گوياكى جەننەتنىڭ پۇراقلىرىدەك خۇش بۇي ھىدلاردىن مەستىخۇش بولدى. شاھ بەھرام چىنار ئىچىدە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن بەخت تەلەي ئۇ ھۆر سۈپەت گۈزەلنى ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. ئۇ ھۆر ئادىتى بويىچە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، تائەت-ئىبادەت يوسۇنلىرىنى ئادا قىلدى. ئاندىن چاڭنى قولىغا ئېلىپ تۈزدى-دە، بىر دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاشىقانە پەدىلەرگە توغرىلاپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ بەھرامنىڭ پىراقىدىن نالىلەر قىلسا، ئىشتىياقىدىن ئاھ تارتاتتى.

① ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غار ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن مەزگىلدە، ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن ئابابەكرى سىدىق غار ئىچىدە ھەمراھ بولغانىكەن. شۇڭا ئابابەكرى سىدىق «يارى غار» (غاردىكى دوست) دەپ نام ئالغان.



بىر پەستىن كېيىن ئۇ چاڭنى چالغاچ، خۇددى پەرىزاتلارغا ئوخشاش لەرزان مېڭىپ، بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلدى. بۇلاقنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ بەھرامنىڭ مەكتۇپىنى ئاھاڭغا سېلىپ، ئورۇنداشقا باشلىدى. مەكتۇپنىڭ ھەر بىر سۆزى ئۈچۈن مىڭلارچە پىغانلارنى تارتىپ، كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئېقىتتى. ئۇنىڭ ئوتلۇق ساداسى ۋە مۇڭلۇق ناۋالىرىدىن بەھرامنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ كۆز يېشى يامغۇرلىرىنى ئۈزمەي ياغدۇرغىنىچە نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. دىلئارام ئاھاڭ بىلەن ئېيتقان سەرگۈزەشتىلەر ئىچىدە مۇنداق بېيىتلار بار ئىدى. **نەزمە:**

كى بۇ يول نې بەلا ئۇزاق ئولدى،
تابىدىن داغىم ئۈزرە داغ ئولدى.
يەتتى ئاغزىمغە رەنجىدىن جانىم،
قالمادى غەم يېمەككە دەرمانىم.
ئۈمرىدىن نا ئۇمىد بولدۇملا،
مېھنەتى ھەجر ئىچىدە ئۆلدۈملا.
ئول كۈن ئولغايمۇ، ئەي سىپېھرى دەنى،
كى سالىپ شاھ خىزمەتىغە مېنى.
قۇلاقىغە سۆزۈمنى يەتكۈزسەڭ،
ئاياغىغە كۆزۈمنى يەتكۈزسەڭ.
ۋەسلىدىن ھاسىل ئولسە دەرمانىم،
بولماغاي ئۆلسەم ئۆزگە ئارمانىم.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بەھرام شاھ ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئوتلۇق ئاھ تارتتى، ئۇنىڭ ناتىۋان جىسمىنى يۈزلەرچە نالە-پىغان ۋە قايغۇ-ھەسرەت مۇڭلىرى ئىشغال قىلىۋالدى. تىنىقلىرىدىن ئوت يانغىنلىرى ھاسىل بولاتتى. شاھ گوياكى ئوتتىن چىققان شولىدەك تېزلىك بىلەن چىنار كاۋىكىدىن چىقتى-دە، خۇددى ئاپتاپپەرەس قۇياشقا يىقىلغاندەك، دىلئارامنىڭ ئايىغىغا كېلىپ يىقىلدى. شاھ بەھرام مەلىكە دىلئارامنى كۆرۈش بىلەنلا خۇددى سەۋدايى

كىشى پەرىنى كۆرگەندە ھوشسىز بولغىنىدەك، خۇدىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ پەرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى ۋە شاھنىڭ ئاياغلىرىغا كۆز ئۇنچىلىرىنى تۆكۈپ، پۇتلىرىنى تاۋاپ قىلغان ھالدا ھوشىدىن كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىشلىرى خۇددى پەلەكنىڭ قۇياش ئايىغىغا يىقىلغىنىچە يەرگە چۈشكىنىدەك، قۇياشنىڭ پەلەك ئايىغىغا يىقىلىپ باش قويغىنىدەك ئىش بولدى. ئۇ شەۋكەتلىك پادىشاھ قارا تۇپراققا يىقىلىش بىلەنلا، ئۇ نۇرلۇق قۇياشمۇ شاھنىڭ سايىسىگە يىقىلدى. ئۇلار شۇ ياتقانلىرىچە بىھوش بولۇپ، ئەسلىگە كەلمىدى. بۇ ئاجايىپ ئەھۋالغا نەزەر سال. ئۇلارنىڭ ھىجران ئازابلىرى چېكىگە يەتتى-دە، ئاخىر ۋىسال تاپتى. جۇدالىق تۈنلىرى ۋىسال سۈبھىسىگە ئورۇن بوشاتتى. تاڭ ئاتتى. سەھەرنىڭ كاپۇرسىمان خۇش بۇي شامىلى ئويغاندى. قۇياش پۈتكۈل ئالەمگە نۇر تاۋازلىرىنى يايدى. ئۇ ئىككىسى تېخىچە بىھوش ياتاتتى. كارۋان ئەھلى بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى. خوجا بۇلارنى كۆرۈپ:

— بۇ يەردە بەخت قۇشى قونۇپتۇ-دە، — دېدى. ئاندىن خالايىقنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۇ ئىككى بىچارىنى كاپۇر رەڭلىك سەھرا پەردىسىگە ئاي بىلەن كۈننى پىنھان قىلغاندەك يوشۇردى. ئۇلار بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. پەردە ئىچىدىكى ئەھۋالدىن ھېچكىم خەۋەر تاپالمىدى. ئۇ يەرگە بەلكى سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىمۇ كىرەلمىگەنىدى. ئۇ مەھرەمخانىدا شۇ ئىككىسىدىن باشقا ھېچقانداق ھەمراھ بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالدىن ھېچ كىشى ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدى. شۇڭا بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ھەقتە سۆزلەنگەن ھەرقانداق راست سۆزمۇ خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئەلقىسسە، شاھ مۇراد تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى ۋە ھەممە ئەمەلدارلىرى غايەت زور ھەيۋەت-ھەشەمەت بىلەن يېتىپ كېلىشتى. شاھنىڭ بۇ يەردە مۇنداق بەختكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ،



ھەممىسى شاد-خۇراملىققا چۆمدى. شاھ بەھرام سودىگەر خوجىنى سودا-سېتىق ۋە پايدا-زىيان ۋەسۋەسىلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئۆزىگە مەخسۇس ۋەزىر قىلىپ بېكىتتى. ئۇلار ھەممىسى بۇ قۇتلۇق كۈننى غەنىيمەت بىلىپ، شەھەر تامان يول ئالدى.

**بەھرام گورنىڭ ئۇۋ سەپىرىگە لەشكەر تارتقىنىدا، ئەجەل لەشكەرلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقى، شاھنىڭ ئارغىماقلىرىنىڭ تۇيىقى ئۇۋ ئارقىسىدىن تېز چاپقانلىقى، شاھ شۇ ئارقىلىق گور (ئۆلۈم) تۇزىقىغا گىرىپتار بولغانلىقى، بەھرام گور سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، ئۇنىڭ تارىخىي ھېكايىسىنىڭ تامام بولغانلىقى**

سىرلىق مەنزىللەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە غارايىپ قىزىقارلىق قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقىتىكى، شاھ بەھرام شەھەرگە كىرىپ، ئۆز تەختىدە ئورۇنلاشتى. يەنە نەغمە-ناۋانى داۋاملاشتۇرۇپ، كەيپ-ساپانى باشلىدى. شاھنىڭ مىجەزىدىكى ئاجىزلىق ۋە روھسىزلىق، ئاغرىق ۋە زەئىپلىك ئالامەتلىرى پۈتۈنلەي يوقالدى. خۇش بۇي مەي-شارابلارغا كۆڭلى تارتىدىغان بولدى. بەھرام يەنە ئۆتكەن ھەپتىدىكىگە ئوخشاش ھەر كۈنى بىر قەسىردە ئورۇنلىشىپ، بەزمە-مەشرەپنى داۋاملاشتۇرۇشنى بېكىتتى. ئاي يۈزلۈكلەر بىلەن بىرگە ئەتىر پۇراقلىق شارابلارنى ئىچىشىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللى دىلئارام بىلەن بىللە كۆڭۈل ئېچىشنى قارار قىلدى. بەھرام گەرچە باشقا ئاي يۈزلۈكلەرنىمۇ ئۆزىگە دوست تۇتسىمۇ، لېكىن دىلئارامنى تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرەتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئەزىزلەيتتى. ھەر بىر

قەسرگە كىرگەندە شۇ قەسرنىڭ رەڭگىگە ماس ھالدىكى كىيىملەرنى كىيەتتى. ھەتتاكى كۆزگە چېلىقىدىغان ھەممە نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ، بىرلىككە كەلتۈرەتتى. شاھ بەھرام نەچچە يىلغىچە مۇراد-مەقسەتلىرى بويىچە دەۋران سۈرۈپ، كەيپ-ساپا چۇقانلىرىنى پەلەككە يەتكۈزدى. ئاخىر بۇ نەيرەڭۋاز پەلەك ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايىنى قاراڭغۇ گۆر ئىچىدە قىلدى.

بەھرامنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ مۇنداق بولغانلىقىغا ھەيران قالماڭ. شاھ بەھرامغۇ بۇ دۇنيادا ناھايىتى ئازغىنا دەۋر سۈرەلىدى، ئەگەر بىر كىشى يۈز قەرنە ① پادىشاھ بولۇپ، سەلتەنەت ۋە جاھانگىرلىك تەختىنى يەتتە قات ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە پەرمانلىرى بىلەن پەلەكنى پىرقىرىتىپ، زېمىننى ئۇسسۇلغا سالغان تەقدىردىمۇ، ئاقىۋەتتە يەنە ھەممىسىنى تاشلاشقا، ھەممىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئادا-جۇدا بولۇشقا، بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شاھ بەھرام ئۆز ئىشلىرىنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇردىكى، يەتتە قەسىردە نۆۋەت بىلەن بەزمە تۈزۈپ، ئىشرەت بىلەن مەي ئىچىشكە باشلىسا، گۈل يۈزلۈك دىلئاراممۇ شېرىن سۆھبەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. چاڭ بىلەن نەغمىنى جانلاندۇرۇپ، غەزەل بىلەن بەزمە ئەھلىگە جان بېغىشلايتتى. بەھرام ئۆيىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا بولسۇن ياكى شىكارغا چىققاندا بولسۇن، دىلئارام ھەرۋاقىت ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ، كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلىدىغان پەدىلەرگە چېلىپ، ئوتلۇق بېيىتلارنى ئوقۇپ نەغمە-ناۋا قىلاتتى ھەم ساقىيلىقمۇ قىلاتتى. دىلئارام ئۆزىنىڭ گۈزەل جامالى ئارقىلىق شاھنىڭ ھاياتلىق بەزمىسىگە زىننەت بېرەتتى. بۇلبۇلدەك ناۋاسى ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىگە شادلىق ۋە ئاسايىشلىق بېغىشلايتتى. شاھ

① قەرنە — ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى، ھەربىر قەرنە ئوتتۇز يىلغا تەڭ.



بەھرام خاھ ئۆزىنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىدە بولسۇن، خاھى بەزمە-زىياپەتلىرىدە بولسۇن ياكى ئەيش-ئىشرەتلىرىدە بولسۇن، دىلئارامسىز بىردەممۇ تاقەت قىلالمايتتى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ بەھرام ئوۋ قىلىش ئۈچۈن شۇنداق كەڭ بىر قورشاۋنى ھاسىل قىلدىكى، ئۇنىڭ دائىرىسى بۇ پەلەك قورشاۋىنىڭ دائىرىسى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇ قورشاۋ ئىچىدە گويا يۇلتۇزلاردەك ھەددى-ھېسابسىز ئوۋ جانىۋارلىرى بار ئىدى. ئۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلماستىن توپ-توپى بىلەن يايلاۋاتاتتى. بۇ قورشاۋنى ھاسىل قىلغان ئاتلىق سىپاھلارنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. پەلەك كۆكلىمىدەك پايانسىز بىر كۆكلەمزاردا ئاتلىق پالۋانلارنىڭ سەپلىرىدىن نەچچە قات قورشاۋ ھاسىل بولغانىدى. ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن مۇھاسىرىنى تارايتىپ، مەلۇم چەككە يەتكەندىن كېيىن توختىدى-دە، ئوۋ قىلىشنى باشلىدى، مۇھاسىرىنىڭ تۆت ئەتراپى ئۈچ ياغاچ ① مىقدارى قالغاندا، مۇھاسىرە تۈزگەن ئاتلىقلارنىڭ سەپلىرى بىر-بىرىگە ئارقىمۇ ئارقا ھالدا ئون بەش قات قورشاۋ ھاسىل قىلدى. قورشاۋ ئىچىدىكى ئوۋ جانىۋارلىرىنىڭ جانلىرىغا مىسلىسىز زور بالايىئاپەت، بەلكى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر ھالاكەت يۈزلەندى. ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ قانلىرى بىلەن بۇ كۆكلەمزار لالىزارغا ئايلاندى. قان لالىزار ئىچىدە ئېرىقلارنى ھاسىل قىلىپ ئېقىشقا باشلىدى. مۇھاسىرە ئىچىدە ئوۋ ئوۋلاشتا تەڭداشسىز مىڭ نەپەر ماھىر مەرگەن ئات چاپتۇرۇپ يۈرەتتى. بۇ يەردە بىرەر ھايۋان ئوت يېمەك ئۈچۈن تىلىنى چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ تىلىغا يۈزلىگەن ئوقلار كېلىپ سانجىلاتتى، قورشاۋچىلار جانىۋارلار توپىغا قارىتىپ ئوق يامغۇرلىرىنى ياغدۇرغىنىدا، جانىۋارلاردىن بىرەرىمۇ تىرىك قالمايتتى، ھەر بىر كىشى نەچچە يۈزلىگەن جانلىقنى قانغا پاتۇردى، نەچچە يۈز تۈمەن ھاياتلىق ھالاك قىلىندى. ھېچبىر

① ياغاچ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، ھەربىر ياغاچ تەخمىنەن 12 كىلومېترغا تەڭ.

ئادەم قان تۆكۈشتىن ئېھتىيات قىلىشمىدى. ھەممىسىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى قاندىن لالە رەڭگىدە قىزاردى. ئۇ كۆكلەمزار ئىچى قاندىن چىمەنزارغا ئايلاندى. گوياكى بۇ ئەلنى قان كەلكۈنى بېسىپ كەتكەندەك بولدى. قاندىن گۈلىستانغا ئايلانغان بۇ چەكسىز كۆكلەمزار ئىچىدە قان يوللىرى خۇددى نودەك ئېرىقچىلارنى ھاسىل قىلىپ ئاقتى.

بۇ كۆكلەمزار ئەسلىدە تېگى يوق بىر پاتقاقلىق ئىدى. پاتقاقلىقنىڭ يۈزىنى قاتمۇ قات چاڭ-توزانلار قاپلاپ، بارا-بارا ئۇ يەردە بىر قەۋەت نېپىز قورۇقلۇق ھاسىل بولغانىدى. بۇ قورۇقلۇق ئۈستىگە يامغۇر يېغىپ ئوت چۆپلەر ئۈنگەن. شۇ ئارقىلىق بۇ كۆكلەمزار يىلتىزلارنىڭ ياردىمىدە چىڭىپ، پۇختىلانغانىدى. ئەمما بۇ يەرلەرنىڭ پاتقاق ئۈستىدىكى قېلىنلىقى بىر گەز چامىسىدا كېلەتتى. ئوت-چۆپ يىلتىزلىرى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ، چىرمىشىپ كەتكەن بولغاچقا، يەر يۈزى چىملىق بولۇپ، مۇستەھكەملەنگەنىدى.

كۆكلەم يۈزىدە قان ئېقىنلىرى ئېقىشقا باشلاپ، ئىسسىق قانلار يەر تېگىگە سىڭىپ، پاتقاق سۇغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. بارا-بارا پۈتۈن شىكار مەيدانى پاتقاقلىققا ئايلاندى. كىشىلەر بەللىرىگىچە پاتقاق ئىچىدە قالدى. ئاتلارمۇ پاتقاق ئىچىدە لاۋا-لاتقىلارغا مىلىنىپ ياتماقتىن باشقا ئىشقا يارىمىدى. دەل شۇ چاغدا بۇلۇتلار كېلىپ، قۇياشنىڭ يۈزىگە پەردە ياپتى. ئاندىن شۇنداق دەھشەتلىك يامغۇر ياغدىكى، بەئەينى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توپان بالاسى قايتا يۈز بەرگەندەك بولدى. يەر تېگىمۇ سۇ تۇرسا، يۇقىرى تەرەپتىن ئۇ يەر ھەم ئىسسىق قان بىلەن، ھەم يامغۇر سۇلىرى بىلەن لاتقىغا ئايلانسا، پاتقاق ئۈستىدىكى چىلىقلاردىن ھاسىل بولغان بۇ كۆكلەم ئۈستىدە يۈز تۈمەنلىگەن چېرىكلەر دۈپۈرلىشىپ، ھايۋانلارنى قوغلاپ-چېپىپ ئوۋ قىلسا، ئۇ يەر بۇزۇلماي قالاتتىمۇ. ئۇ يەردە شىكار قىلغانلارنىڭ ھالى ئاخىر نېمە بولماقچىدى؟

دېمەك، قاندىن ھاسىل بولغان يۈزلەرچە ئېرىقلار يەر يۈزىنى لاي-لاتقىغا ئايلاندۇردى. بىر تەرەپتىن ئات ئاياغلىرى ئۇ يەرنى چاناپ يۇمشىتىشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن يامغۇر ياغدى. مۇھاسىرە ئىچى ئادەم بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن يەر ئېگىلىپ، بارا-بارا يىمىرىلىپ كەتتى. بۇ ھېيلىگەر دۇنيا ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق ئېغىر پالاكەتلەرنى سالدىكى، ئۇلار پاتقان ئىچىدە قاياققا تەۋرىسە، شۇياققا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ھاياتتىن قوللىرىنى يۇيۇپ، ئۆمۈردىن كۆزلىرىنى ئۈزۈپ، ھايت-ھۇيت دېگۈچە دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىرىيەرگە يىغىلغانىدى. بىراقلا يەردىن كۆمتۈرۈلۈپ سۇ تېگىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار چۈشۈپ كەتكەن ئورۇن خۇددى بۇ ئوۋ سېپىلىنىڭ خەندىكىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ خەندەكنىڭ سۈيى ئۆرلەپ، خەندەك قىرغىقىدىن تېشىپ كەتتى. ياق، قىرغاق ئەمەس، بەلكى سېپىلدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. پۈتۈن خالايىق تۆت ئەتراپى سۇ تېگىگە چۈشۈپ كېتىپ، پەقەت ئوتتۇرىسىلا لەيلەپ قالغان بىرپارچە زېمىن ئۈستىدىلا قالدى. بۇ زېمىن سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ قالغان بىر دانە غەلۋىرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. شاھ بىلەن چېرىكلەر ئۆز جانلىرىدىن ئاشۇ سۇدا قولىنى يۇيۇپ، ئۆمۈر كۆرۈشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈشتى. ئوۋ جانىۋارلىرىنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بۇ بىچارىلەرگە ئۇ جانىۋارلار ئەمەلىيەتتە بىر قىلتاق بولدى. نەتىجىدە ئوۋمۇ-ئوۋچىمۇ چۆكۈپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلالمىدى. بۇ يەردە ئوۋ بىلەن ئوۋچى، يەنى يولۋاس بىلەن جەرەن تەڭلا قىلتاققا چۈشتى. يۈز تۈمەنلىگەن يولۋاس ۋە جەرەنلەر لاتقا ئىچىدە غەرق بولۇپ تۈگەشتى. بۇ خىل ھالاكەتلىك تۇزاق ئالدىدا يولۋاس بىلەن جەرەننىڭ، ئوۋ بىلەن ئوۋچىنىڭ ھېچبىر پەرقى قالمىدى. ھەممىسى ئوخشاشلا نابۇت بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىمكانى يوق ئىكەنلىكىگە كۆزلىرى يېتىپ، بارلىق تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت-شىجائىتىنى ئىشقا سېلىپ، بىر-بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىۋالدى. بەھرام بىلەن دىلئارامدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق بىر-بىرىگە شۇنداق

چىڭ يېپىشىپ كەتتىكى، ئۇلار بىرلىشىپ، بەئەينى بىر گەۋدىگە، يەنى بىر جان، بىر تەنگە ئايلىنىپ كېتىشتى. شاھ شۇ ھالەتتە بۇ يەردىكى پۈتكۈل قوۋم-پۇقرالىرىنىڭ تامامەن چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. پۈتكۈل لەشكەرلەر خۇددى چۈمۈلىلەردەك پىتىراپ كېتىشتى، چۈمۈلىدەك يەر تېگىگە كىرىپ كېتىشتى. لەشكىرىمۇ چۈمۈلىدەك، سۇلايمان سۈپەت پادىشاھمۇ خۇددى چۈمۈلىدەك يەر قەرىگە كىرىپ كەتتى. پۈتكۈل ئالەم خەلقىنىڭ ئاخىرقى جايى پەقەت گۆردىنلا ئىبارەتتۇر. بەھرام گۆرنىڭ ئىسمىمۇ گۆردۇر. شۇنى بىلگىنكى، بۇ مەككار جاھاننىڭ خۇي-ئادىتى كىشىلەرنى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ يۇتۇشتىن ئىبارەت. خەلق يۇتالىغىنىنىلا يۇتىدۇ. لېكىن بۇ نەيرەڭۋاز ئالەم بولسا بارچە خەلقنى، ئۇ يۈزمىڭلارچە كۆپ بولسىمۇ، بىردەمدىلا يوقىتىۋېتىدۇ. ھەممە مەخلۇقلار بۇ ۋەھشىي ئەجدىھادىن چەكسىز ئەنسىرەيدۇ.

بەھرامنىڭ تەقدىرى شۇ قەدەر ئاجايىپ-غارايىپ بولدىكى، ئۇنىڭ مۇشۇنچە كاتتا ھوقۇق-ھەشەمىتى بىلەن جاھانغا سىغماي كېتىۋاتقان سان-ساناقسىز لەشكىرىنى بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىر دەمدىلا ئەجدىھادەك دەم تارتىپ، بىراقلا يۇتۇۋەتتى. ھېچكىمگە ئۇلارنىڭ خەۋىرى يەتمىدى. ئۇلار جاھاندىن ئىز-دېرەكسىزلا يوقالدى.

يا ئاللاھ، بۇ ئالەم ئاجايىپ بىر ئەجدىھادۇر. ياق، ئەجدىھا ئەمەس، بەلكى بارلىق جانلىقلارنىڭ جېنىغا غايەت زور بالا-قازادۇر. كىشىلەر ئەجدىھادىن رەنج ۋە مۇشەققەتمۇ تېپىپتۇ. خەزىنە ۋە پايدا-مەنپەئەتمۇ تېپىپتۇ. بىراق بۇ ئەجدىھانىڭ ساپلا ۋەيرانچىلىق ۋە ھالاكەتتىن ئۆزگە پايدا-مەنپەئىتىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقماپتۇ. ھەرقانداق جېنى بار مەخلۇق ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر بىراۋدا جاندىن ئەسەرلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ زەخمىتىدىن زادى ئامان بولالمايدۇ. بۇ ئەجدىھا جاننى ئېلىش بىلەنلا قويمايدۇ. قاننى شوراش بىلەنمۇ تويمايدۇ. بەلكى جانلىقلارنىڭ جىسمىنى كۆلگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇ كۆلنى تاكى كۆلدىن ھېچ ئىز ۋە نىشان



قالمىغانغا قەدەر سورۇيدۇ. كىشى ئۇنىڭ چاڭگىلىغا بىردەمدىلا چۈشۈپ قالىدۇ-يۇ، لېكىن، يىللار بويى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ئۆزگە يوقلۇق ۋە يوقسۇللۇقنى غايە ۋە مەسلەك قىلغان كىشىلەر بەلكى بۇ ئەجدىھادىن غالىب بولسا كېرەك. گەرچە پەرىدۇندەك بۈيۈك شاھلارمۇ بۇ ئەجدىھانىڭ ئالدىدا ئاجىز كەلگەن بولسىمۇ، يوقلۇق دىيارىدىن ئىبارەت بۇ گۈلشەن ئۇ ئەجدىھانى ئاجىز قىلىدۇ. بۇنداق ئەجدىھانىڭ دەرد-ئەلىمىنى كۆرمەي دېسەڭ، يوقلۇق ۋە يوقسۇللۇق يولىدا بولغىن، چۈنكى ئەجدىھا سېنى يوقالغان ھالەتتە كۆرسە نېمە قىلالايتتى.



责任编辑:库尔班・亚森
封面设计:吐尔地卡德尔・纳孜尔

毛拉司迪克・叶尔坎迪

**拜合拉木与迪拉热木**

买买提吐尔迪・米尔孜艾合买提 整理

策划:新疆维吾尔自治区维吾尔古典文学研究会

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 7.25印张 5插页
1995年9月第1版 1995年9月第1次印刷
印数:1——1100

ISBN7—228—03456—2/I・1215
定价:平装:13.10元 精装:14.50元

مەسئۇل مۇھەررىرى : قۇربان ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : تۇردى قادىر نازىرى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

موللاسدىق يەركەندى

**بەھرام۔ دىلئارام**

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №0348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى : 25 . 7 قىستۇرما ۋارىقى : 5
1995 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1995 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1100 ـــــ 1
ISBN7—228—03456—2/I・1215
باھاسى : ئاددىي مۇقاۋىلىقى : 10 . 13 يۈەن
قاتتىق مۇقاۋىلىقى : 50 . 14 يۈەن